ئەزىز نەسىن (تۈركىيە)

# چۈشلىرىم بۇزۇلمىسۇن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىر: راخمان مامۇت
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

ISBN 7-228-07751-2

9 787228 077519 >

ISBN 7-228-07751-2
I·2742(民文)定价:11.00元

ئەزىز نەسىن (تۈركىيە)

# چۈشلىرىم بۇزۇلمىسۇن

تەرجىمە قىلغۇچى: توختى ھاجى تىللا

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

بۇ كىتاب ئىستامبول «AD» نەشرىياتى تەرىپىدىن 1992 ـ يىلى نەشر قىلىنغان تۈركچە نۇسخىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
本书根据伊斯坦布尔《AD》出版社 1992 年出版的土耳其文版翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: راخمان مامۇت


چۈشلىرىم بۇزۇلمىسۇن
ئاپتورى: ئەزىز نەسىن (تۈركىيە)
تەرجىمە قىلغۇچى: توختى ھاجى تىللا
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى لوڭيىدا مەتبەئە ئىشلىرى چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مم، 32/1 باسما تاۋىقى: 7.25
2003 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2003 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1—3000
ISBN7—228—07751—2/I・2742
باھاسى: 11.00 يۈەن

图书在版编目(CIP)数据

别让梦境白废/(土)艾则孜纳森著;托合提阿吉·提拉译.
乌鲁木齐:新疆人民出版社,2002.12
ISBN 7-228-07751-2

Ⅰ.别… Ⅱ.①纳…②托… Ⅲ.短篇小说-作品集-土尔其-现代-维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ.I374.45

中国版本图书馆CIP数据核字(2002)第099958号

责任编辑: 热合曼·马木提

别让梦境白废(维吾尔文)
艾则孜·纳森 著
托合提阿吉·提拉 译

新疆人民出版社
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮编:830001)
新疆新华书店发行
新疆乌鲁木齐隆益达印务有限公司印刷
850×1168毫米 32开本 7.25 印张
2003年3月第1版 2003年3月第1次印刷
印数:1—3000

ISBN7-228-07751-2/I·2742 定价:11.00元

# مۇندەرىجە

چۈشلىرىم زايە كەتمىسۇن ........................... 1
ھەر جايدا يالغۇزمەن ........................... 11
ئۆمۈر بەيگىسىدىكى ئارامگاھ ........................... 30
ھەر كېچە ئەينى جىنايەت ........................... 43
قىممەتلىك تاشلاندۇق مىراسلار ........................... 56
مېنى كۆز مونچاق دەيتتى ........................... 71
ئۆلۈم پەرىشتەسى ........................... 89
زەيتۇن كۆزلۈك قىز ........................... 106
ھەممە ئادەم بىر قارا باستى چۈش ........................... 117
تاپقىنا، مەن كىم؟ ........................... 138
تۇلسۇنى سۆيىمەن ........................... 154
ھەر كىمنىڭ ئۆز جۇپتى بار ........................... 171
ئۆزگە سەرگۈزەشتە توقۇغان ئايال ........................... 180
مەن قانداق يازىمەن ........................... 217

# چۈشلىرىم زايە كەتمىسۇن

سەن بىلەن بىر ئۆيدە تۇرغۇدەكمەن. بۇ ئۆي سېنىڭمۇ، مېنىڭمۇ ياكى باشقىلارنىڭمۇ بىلمەيمەن. ئىككىمىز بىر ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ تاماق يېدۇق. كېيىن ئۈستەلدە ناتونۇش كىشىلەر پەيدا بولدى. ئۇلارغا تونۇش كىشىلەردەك مۇئامىلە قىلدىم. ئۇلار مۇشۇ ئائىلىنىڭ ئادەملىرىدەك يېقىنچىلىق قىلاتتى. لېكىن ئۇلار ساڭا يېقىنچىلىق قىلىۋاتامدۇ، ماڭىمۇ ياكى ئىككىلىمىزگىمۇ بىلەلمىدىم.

مەن ئورنۇمدىن قوپۇپ كەڭ كارىدوردىن ئۆتۈپ، كىچىك بىر زالغا كىردىم. ئۇ يەردىكى پاكار ئۈستەلدە بىر ئەينەك قاچىدا تاماق تۇراتتى. ئۇ قورۇما ئىدى، لېكىن قانداق قورۇما ئىكەنلىكىنى ئۇقمايمەن. قوشۇق بىلەن ئۇنى ئارىلاشتۇرۇۋاتقىنىمدا، يېنىمغا بىر كىچىك بالا كەلدى. ئۇ ئۇيقۇدىن يېڭى ئويغانغاندەك تۇراتتى. سېنىڭ كىچىك ئوغلۇڭمۇ ياكى باشقا بىرىنىڭ ئوغلىمۇ، بىلەلمىدىم.

— ياخشىمۇ سەن؟ — دەپ سورىدىم ئوغۇلدىن.

— ياخشى ئەمەس، — دېدى ئۇ.

— نېمە ئۈچۈن؟

— سائەت يەتتىدە يېتىپ، يەتتىدە تۇرسام ياخشى بولمايدىكەن!

بۇ بالا نېمە دېمەكچىدۇ، دەپ ئويلىدىم. كەچ سائەت يەتتىدە يېتىپ، ئەتىگەن سائەت يەتتىدە ئورنىدىن تۇرۇش، يەنى ئون ئىككى سائەت ئۇخلاش نېمىدېگەن راھەت، ئاھ، ماڭىمۇ شۇنداق ئۇيقۇ بولسا... مەن خاتا چۈشىنىۋالدىممۇ يا؟ سائەت يەتتىدە

يېتىپ، يەتتىدە تۇرۇش دېگىنى ياتا ياتماي ئورنىدىن تۇرۇش، يەنى زادىلا ئۇخلىماسلىق دېگەنلىكمىدۇ - يا؟

ئويغىنىپ كەتتىم. سېنى كۆرگەن چۈشۈم بۇزۇلۇپ كەتمەسۇن دەپ ياتقان يېرىمدە كۆزلىرىمنى يۇمۇپ ئۆزۈمنى ئۇيقۇغا زورلىدىم. ئىككىمىز كەڭ دالىدا تۇرغۇدەكمىز، بىر تۆپىلىكتە تۆت بۇرجەك ياغاچ ئۇستەللەر قويۇلغان بىر دالا ئاشخانىسى بارمىش، ئىككىمىز بىر ئۇستەلگە كېلىپ ئولتۇردۇق، ئەمما تاماق يېدۇقمۇ، يېمىدۇقمۇ بىلمەيمەن. ھېلىقى ئۇستەللەر رەڭدىلەنمىگەن تاختايلاردىن ياسالغانىكەن. ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قاراپ كەتتىم. ئۇستەلگە يا قېلىنراق قەغەز، يا ئاق كىلېيونكا، يا باشقا داستىخان سېلىنمىغاچقا، تۆكۈلگەن نەرسىلەر قېتىپ قاسماق بولۇپ كەتكەن ۋە ماي دەسمال بىلەن سۈرتۈۋېرىپ، خورما رەڭ سىردەك پارقىراپ كەتكەنىدى، ئەمما كىشىلەرنىڭ قول ۋە جەينەكلىرىگە يۇقمايتتى.

ئۇستەلدە ئاۋۋال ئىككىيلەن ئىدۇق، كېيىن يەنە بىر نەچچە كىشى كەلدى. ئۇلار كىملەر؟ سېنىڭ يېقىنلىرىڭمۇ، مېنىڭمۇ ياكى ئىككىمىزنىڭ تونۇشلىرىمۇ ۋە ياكى باشقىلارمۇ؟ ئۇلار بىلەن سەن سۆزلەشتىڭ، مەن بولسام...

سەن يېڭى بىر يورۇش چالغۇ ئەسۋابلىرى سېتىۋالغانلىقىڭنى، بۇنىڭدىن بەك خۇشاللىقىڭنى ئېيتتىڭ ۋە مېنىڭمۇ شۇنداق بىر يورۇش چالغۇ ئەسۋاب ئېلىشىمنى تەۋسىيە قىلدىڭ. مەن دەرھال ماقۇللۇق بىلدۈردۈم. بۇ يەردىن تاپالمىسام ئامېرىكىدىن ئالدۇرىمەن دەپ ئويلايتتىم. ماركىسىنى يېزىۋېلىش ئۈچۈن قەغەز، قەلەم ئالدىم. ھىندىستان مېلىمۇ ياكى ئامېرىكا سېرىق تەنلىكلىرىنىڭمۇ، ئەيتاۋۇر سەن «ھىندىيان» ياكى «ھىندىستان» دېگەندەك ئىككى ئىسىمنى ئېيتتىڭ. ھىندىستان چالغۇ ئەسۋابلىرى سېنىڭ ماختىنىشىڭدەك ياخشىمىدۇ دەپ ئەجەبلىنىپ، قەغەزگە «ھىندىستان» دەپ يازدىم. سېنىڭ ئىككىنچى

سۆزۈڭنى زادى چۈشەنمىدىم، بىراق بۇ شۇنداق ئېنىق، ھەممە
كىشى بىلىدىغان ۋە بىلىشكە تېگىشلىك سۆز، ئۇنى چۈشەنمەسلىـ
كىم ئەيىب دەپ سەندىن قايتا سورىمىدىم. لېكىن خاتا يېزىپ
قويماي دەپ يېزىشتىن ۋاز كېچىپ، راست يازغاندەك قول ئىشا-
رىتى قىلىپ قويدۇم...

يەنە ئويغىنىپ كەتتىم. سەن بىلەن يەنە بىللە بولۇش ئۈچۈن
كۆزلىرىمنى چىڭ يۇمدۇم. بۇ قېتىم ئۇيقۇمنىڭ كېلىشىنى
تېخىمۇ ئۇزۇن كۈتتۇم. بىز يەنە ھېلىقى كېچە قونغان يېرىمىز-
دە، ھېلىقى دالىدىكى ئاشخانىدا تۇرغۇدەكمىز. باشقا ئوستەللەر-
دىكى قىزغىن كۆلكە چاقچاقلار قۇلىقىمغا كىرىپ تۇراتتى. تەخ-
سەمدە بىر يالپاق مايلىق گۆش بار ئىدى، ئۇنى يېدىم، لېكىن
نېمىنىڭ گۆشى ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم، بېلىق، توخۇ ياكى
ئوۋلانغان ئۆردەك گۆشى بولۇشى مۇمكىن. ئىچىملىك ئىچتۇق-
مۇ، ئىچمىدۇقمۇ، ئېسىمدە يوق، بەلكىم، ئىچمىگەندىمىز،
چۈنكى بىز ھاراق ئىچمەيمىز - دە.

سەن ۋە ھېلىقى كىشىلەر ئۇستەلدىن تۇردۇڭلار. مەن پۇل-
نى تۆلىۋېتىش ئۈچۈن ئورنۇمدىن تۇرۇۋىدىم، كۇتكۇچى ئالدىمغا
كەلدى. ئۇ قولىدىكى كىرلىشىپ كەتكەن دەسمال بىلەن ئۇستەل-
نى دەسماللاپ، ئۇستىدىكى نەرسىلەرنى يەرگە چۈشۈرەتتى. ئۇ
چاغدا كىيىمگىنىمگە يىگىرمە ئۈچ يىل بولغان ياقىسىز بوزرەڭ
قىسقا چاپىنىم بار ئىدى. چاپىنىمنىڭ سول يانچۇقىدىن قارا
ھەمىيىنىمنى ئالدىم. بۇ چاغدا ئوڭ جەينىكىم ئۇستەلگە قويۇقلۇق
بولغاچقا، كۇتكۇچى، ئۇستەلنى دەسماللىمىساممۇ بولامدۇ، دەپ
قوپال چاقچاق قىلىپ مېنى ئەسكەرتتى. جەينىكىمنى ئۇستەلدىن
كۆتۈرۈپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. سەن ۋە يېنىمدىكىلەر بارغانسېرى
يىراقلاشتىڭلار. سىنىڭ ھەر ۋاقىتتىكىدەك جاراڭلىق كۆلكەڭنى
ئاڭلىدىم. بىراق ئاۋازىڭ بارغانسېرى يىراقلىشاتتى. ھەمىيىنىم-
دىن پۇل ئېلىپ ساناۋاتىمەن، لېكىن قانچە پۇل تۆلەيدىغىنىمنى

بىلمەيمەن. كۈتكۈچى ھېسابات قىلمىدى، ئۈياق ـ بۇياققا قاردىم. ئەتراپتا كۈتكۈچى كۆرۈنمەيتتى. پۇلنى تۆلىۋېتىش ئۈچۈن ئۇنى ئىزدەي دېسەم، سەن تېخىمۇ يىراقلاپ كېتىسەن، يېتىشەلمىسەم سەندىن ئايرىلىپ قالغۇدەكمەن.

ھېلىقى دالا ئاشخانىسى بىز پات پات كېلىپ تۇرىدىغان يەردەك بىلىنەتتى. گەرچە بىز بۇ يەرگە بىرىنچى قېتىم كەلگەن بولساقمۇ، كۈتكۈچىلەر، ئاشخانا خوجايىنى ۋە باشقىلار سېنىمۇ، مېنىمۇ تونۇيدىغاندەك قىلاتتى. پۇلنى كېيىن تۆلىۋەتسەممۇ بولار دەپ ئويلىدىم ـ دە، ھەمىيىنىمنى چاپىنىمنىڭ سول يانچۇقىغا سېلىپ، كەينىڭلاردىن شاپاشلاپ ماڭدىم.

ماڭا ـ ماڭا، دالا بارغانسېرى تىكلەشكىلى تۇردى. مەن توختىسام ئۇ تىكلىشىشتىن توختايتتى، مېڭىشقا باشلىسامىلا يەنە تىكلىشەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يەر يول ئىزىمۇ چۈشمىگەن بوز دالا ئىدى، ئەتراپ ئوتتەك قىزغۇچ لاۋۇلدايتتى. ئۇ يەر بۇ يەردە قۇرۇپ بوزارغان پاكار ئوت ـ چۆپلەر كۆرۈنەتتى.

ئاۋازىڭلارنىڭ پەسىيىپ كېتىۋاتقىنىدىن سىلەرنىڭ بارغانچە يىراقلىشىۋاتقانلىقىڭلارنى بىلدىم. لېكىن جاراڭلىق كۈلكەڭنى خېلى ۋاقىتقىچە ئاڭلاپ تۇردۇم. ھەر بىر قەدەم باسقىنىمدا ئايىغىم تېگىدە تاش ـ شېغىللار شاراقلايتتى. ساڭا يېتىشىۋېلىشقا تىرىشقانسېرى داۋان تېخىمۇ تىكلىشەتتى. سىلەر بۇ تىك داۋاندىن قانداق مېڭىپ ئۆتتۈڭلاركىن تاڭ؟ دېمەك، مەن چارچاپ قالدىممۇ ياكى خېلىلا ياشىنىپ قالدىممۇ، ھېچ بىلەلمىدىم.

نېمە ئۈچۈن مېنى كېچىكتىغۇ، نەدە قالغاندۇ، دەپ كەينىڭلارغا بۇرۇلۇپ قارىمايسىلەر؟ نېمە ئۈچۈن مېنى كۈتمەيسىلەر؟ بارغانسېرى تىكلىشىۋاتقان ھېلىقى داۋاندىن تىرمىشىپ چىقىۋاتقىنىمدا مانا شۇنداق ئويلايتتى. ھېلىمۇ ياخشى، كەينىڭلارغا بۇرۇلۇپ قارىمىدىڭلار، قارىساڭلار مېنىڭ ھېلىقى داۋاندىن چىقالمايۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ قالاتتىڭلار.

مەن يامغۇر چىققان داۋاننىڭ ئۈستىدىكى ئوتلۇق ئوتلاقلاردا چۇڭ يېشىل، سۇلىمۇ

ئويمان ـ دۆڭ، تىك قىيالىق ئىدى.

هەي . . . يېتىشەلمىدىم، ئىشىنىڭ چاتىقى ئەمدى چىقتى. پۈتۈمدىكى ئاياغ ياغاچ كەش بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بىلەن هېلىقى تاشلىق تىك داۋاندىن چىقىشىم تېخىمۇ قىيىنلىشاتتى. بۇ داۋاننىڭ يانتۇلۇقى قانچە گرادۇس كېلىدىغاندۇ؟ دەسلەپتە يىگىرمە ـ ئوتتۇز گرادۇس بولسا كېرەك، كېيىن بارغانچە تىكلىشىپ قىرىق ـ قىرىق بەش گرادۇسقا يەتتى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ تىكلىشىپ كەتتى. پۇتۇم سەللا تېيىلىپ كەتكەنىدى، دومىلاپ چۈشكەن تاشلارغا قوشۇلۇپ مەنمۇ دومىلاپ كەتتىم.

يەنە ئويغىنىپ كەتتىم. تەرگە چۆمۈپ كېتىپتىمەن. قانداقلا بولسۇن، ساقا يېتىشىۋېلىشىم كېرەك ئىدى. كۆزلىرىمنى يەنە يۇمۇۋالدىم، بىراق ئۇيقۇم قاچقان ئىدى. بۇ چاغدا سەن بىللە بولغان هېلىقى ئۆيىنى، مەن قوشۇق بىلەن ئاربلاشتۇرغان هېلىقى ئەينەك قاچىدىكى تاماقنى، هېلىقى ئوغۇل بالىنى، كېيىن هېلىقى دالىدىكى ئاشخانىدا بولغىنىمىزنى، سەن ماڭا تەۋسىيە قىلغان چالغۇ ئەسۋابىنىڭ ماركىسىنى ئەسلەپ ئويغا پاتتىم. . .

مانا، يەنە هېلىقى تىك تۆپىلىكتىمەن. پۇتۇمدا ياغاچ كەش. بارغانسېرى يىراقلىشىۋاتقان ئاۋازىڭنى ۋە قاقاقلاپ كۈلۈشلىرىڭنى يەنە ئاڭلاۋاتىمەن. بۇ قېتىم ئۇ جاراڭلىق كۈلكەڭنى ئاڭلاپلا قالماي، بەلكى چىرايىڭنىمۇ كۆرۈۋاتىمەن. . . لەۋلىرىڭنىڭ ئارىسىدىن چىققان هەر بىر قاقاقلاش رەڭگارەڭ هاۋا شارى. . . قاتتىق قاقاقلاشلىرىڭ قىپقىزىل شارلارغا، يېنىك كۈلۈشلىرىڭ هاۋارەڭ شارلارغا، كۈلۈمسىرەشلىرىڭ سېرىق شارلارغا يەنى چوڭ ـ كىچىك هەر خىل ئاۋازدا يېشىل، كۆك، كۈل رەڭ ئاق هال رەڭ شارلارغا ئايلىناتتى. شامال كەينىڭ تەرەپتىن چىقىۋاتاتتى ئۈچۈن هېلىقى چوڭ ـ كىچىك رەڭگارەڭ شارلا،

ئوڭ يېنىمدا، سول يېنىمدا، ئۈستۈمدە لەيلىشىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلەتتى. كېيىن ئاسماندا پارتلىغاندا ھەر بىر شاردىن قاقاقلاپ كۈلۈشلىرىڭ، كۈلۈمسىرەشلىرىڭ جاراڭلىق ئەكس سادا بىلەن ياڭرايتتى.

شارلارمۇ مەندىن يىراقلاشقانسېرى كىچىكلەيتتى. كېيىن كۆز ئالدىمدا خۇددى بالىلىق چاغلىرىمدا مېنى ئېلىپ بارىدىغان كونا مۇنچىلاردا ئالىقىنىمنى يۇمۇپ تۆشۈكىدىن پۈۋلەپ چىقىرىدىغان سوپۇن ماغزىپىنىڭ كۆپۈكچىلىرىدەك شارچىلار پەيدا بولدى. ھەر بىر سۈزۈك شاردا ھەر خىل رەڭلەر جۇلالىناتتى.

تۆپىلىك تىكلەشكەنسېرى شارىلداپ چۈشۈۋاتقان شىغىللارغا تېيىلىپ پەسكە سىيرىلاتتىم. بىردىن ئوڭ تەرىپىمدە سوزۇلۇپ ياتقان ئويمانلىققا قاراپ ناھايىتى تېز سىيرىلىپ كەتتىم. بۇ ئويمانلىقتىن جەزمەن سىلەرگە يېتىشىۋالالىغۇدەكمەن، سىلەر يۇقىرىدا كېتىۋەرسەڭلارمۇ مەن بۇ يولدىن ئالدىڭلارغا چىقالىغۇدەكمەن.

ساڭا يېتىشكەندە سىلەرگە قانداق يېتىشىۋالغانلىقىمنى ئېيتمايمەن دەپ ئويلىدىم، راستىنى ئېيتسام، ھېلىقى تىك تۆپىلىككە يامىشىپ چىقالمىغىنىمنى بىلىۋالىسەن. سول تەرىپىمدىكى دۆڭدە ئۈچتىن، تۆتتىن بولۇپ يۈرگەنلەرنى كۆردۈم. بۇلار بايا ھېلىقى دالا ئاشخانىسىدىن چىققان كىشىلەر بولۇپ، سەنمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىدىڭ. بىراق، سېنى كۆرەلمىدىم، يېقىنلاشقان ئاۋازىڭنى ۋە كۈلۈشلىرىڭنى ئاڭلىدىم، لېكىن ئەمدى قاقاقلاشلىرىڭ، رەڭگارەڭ شارلار ۋە سوپۇن كۆپۈكىنىڭ شارچىلىرى يوق ئىدى.

مېنى ئىزدىمىدىڭ. بەلكىم كەينىمدىن كېلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلايدىغانسەن.

بىر قىزىق ئىش بولدى، پۈتلىرىمدىكى «ياغاچ كەش» ھېلىقى تاشلىق تىك قىيالىقتا خۇددى قار ئۈستىدىكى چاڭغىدەك

تېپىلمىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تۆۋەنگىلا ئەمەس ھەتتا تۆۋەنگە تېپىلغاندىكى تېزلىكىم بىلەن يۇقىرىغىمۇ تېپىلىپ چىقمىغان بولدۇم. شۇنداق قىلىپ، ھېلىقى ئويمان - دۆڭ يەرلەردىن بىر چىقىپ، بىر چۈشۈپ ئاخىرىدا ھېلىقى دۆڭدە كېتىۋاتقانلاردىن ئۆتۈپ كەتتىم، سەنمۇ كەينىمدە قالدىڭ.

سېنى يەنە كۆرەلمىدىم، لېكىن خۇشال ئاۋازىڭ ۋە كۈلۈشلىرىڭدىن مەندىن ئارقىدا ئىكەنلىكىڭنى بىلدىم. بىر ئازدىن كېيىن يېتىشىپ كېلىسەن. بېشىمدىن ئۆتكەنلەرنى ۋە ساڭا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن نېمە كۈنلەرنى كۆرگىنىمنى سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن. گويا باشتىن ئاخىر بىللە كېتىۋاتقاندەك مۇئامىلە قىلىمەن. بىللە پاراڭلىشىپ، بىللە كۈلۈشىمىز. كەينىمدىن كەلگەنلەر ئارىسىدىن سېنى كۆرۈش ئۈچۈن بىر دۆڭگە چىقىپ ئۇياق بۇ ياققا قاراپ سېنى ئىزدىدىم...

يەنە ئويغىنىپ كەتتىم.

ۋاقىتسىز ئويغىنىپ كەتكىنىم ئۈچۈن كۆڭلۈم غەش بولدى. كۆزلىرىمنى يۇمۇۋېلىپ يەنە ئۇخلىماقچى بولدۇم، بىراق ئەپلەشمىدى، ئۇيقۇم قاچقانىدى. چىراغنى ياقتىم. يورۇقتىن كۆزۈم قامىشىپ كەتتى. كۆزۈم يورۇققا كۆنگەندە سائەتكە قارىسام ئۈچتىن ئون توققۇز مىنۇت ئۆتۈپتۇ، ياتقىنىمغا ئىككى سائەت بوپتۇ.

ئىنتايىن كۆڭۈللۈك بىر كېچىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا ئورۇنغا كىرىپ ياتقانىدىم. بۇ كېچىنىڭ خۇشاللىقىنى بىر يار يەنى سەن بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈشنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتىم. بۇنداق چوڭ خۇشاللىقلارنى سەندەك يار بىلەن ئورتاقلىشىش ئىككى جىنسنىڭ ئورتاقلىشىشىدىنمۇ ھاياجانلىنارلىق ئىش دەپ بىلەتتىم. پۈتۈن خۇشاللىقلىرىمغا ئورتاق بولمىغان ھېچكىمىم بولمىغانلىقتىن، ھەمىشە مۇشۇنداق يالغۇزمەن. بەلكىم ئاشۇ زېرىكمەس، تەرسە مىجەزىم، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ھەت-

نا ئۆزۈمنىمۇ ھەيران قالدۇرغان سەۋر ـ تاقىتىم مۇشۇ يالغۇز-
لۇقۇمدىن كەلسە كېرەك.

قايتا ئۇخلاشقا خېلى ئۇرۇنۇپ كۆردۈم. ئاخىر ئۇخلاشتىن ئۈمىدىمنى ئۈزۈپ، ئورنۇمدىن تۇرۇپ بۇ ھېكايىنى يازدىم. دېرىزە پەردىسىنى ئاچسام، سىرتتا ھەممە يەرنى قار قاپلاپتۇ. سەھەرنىڭ بىلىنەر بىلىنمەس يورۇغان ئاسمىنى لەپىلدەپ يېغى-ۋاتقان قار بىلەن پۈركىلىپتۇ. شۇ ئەسنادا بىر نەچچە قاغا ئۆزلىرى قونغان دەرەخ شاخلىرىدىكى قارلارنى سىلكىپ چۈشۈ-رۈپ لەپپىدە ئۇچۇشتى. دېرىزىنى ئېچىۋىدىم، يالىڭاچ بەدىنىمگە سوغۇق ھاۋا ئۇرۇلدى. بىر ئازدىن كېيىن ئەتراپ خېلىلا يورۇي-دۇ. بۇ ھېكايىنى بىر كونۇپېرتقا سېلىپ پوچتىدىن ساڭا يوللاي-مەن. سەن بۇ ھېكايەمنى ئوقۇغىنىڭدا، سۆيگۈ ۋىسالىنىڭ، يەنە كېلىپ ئۇزاق تەشنا بولغان سۆيگۈگە ئېرىشىشنىڭ نەقەدەر بەخ-تىيارلىقىنى كۆرىسەن. يالغۇز بەختىيارلىقىنىلا ئەمەس، غۇرۇ-رىنىمۇ كۆرىسەن . . . غۇرۇرۇڭ ئېچىڭگە سىغمىغاندا، قانداق قىلىشىڭنى بىلەلمىگەن بىر ئىشنى قىلغۇڭ كېلىدۇ. بەلكىم ھۇجراڭدا ئۇياقتىن بۇياققا ماڭارسەن. جەزمەن تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرىسەن ۋە بەلكىم ئۇ چاغدا يېنىڭدا بولغانلار بىلەن كۈلۈ-شۈپ، بىمەنە چاقچاقلارنى قىلىشىسەن. نېمە قىلساڭ قىلغىنىڭكى، خۇشلۇقىڭ ئىچىڭگە سىغماي قالىدۇ. كېيىنچۇ؟ ساڭا يېزىلغان بۇ ھېكايىنى باشقىلار ئوقۇۋېلىپ، چۈشۈمدىكى يارنىڭ سەن ئىكەنلىكىڭنى بىلىپ قالمىسۇن دەپ ئۇنى يىرتىۋېتىپ پارچە پارچە قىلىپ، كېرەكسىز قەغەز سېۋىتىگە ياكى ئەخلەت ساندۇ-قىغا تاشلايسەن.

مېنىڭ قانچىلىك پىخسىقلىقىمنى سەنمۇ بىلىسەن، ئەلۋەت-تە. لېكىن پىخسىق دەپ ئاتىلىشتىن تۈگىمەس لەززەت ئالىدى-غانلىقىمنى بىلمەيسەن. ھەقىقەتەن تەڭدىشى يوق بىر پىخسىقمەن-كى، ھارپاگون ئەپەندىمۇ مېنىڭ يېنىمدا ئىنتايىن مەرد ھېسابلى-

نىدۇ. قايسى خىلدىكى پىخسىق ئىكەنلىكىمنى سەنمۇ بىلمەي-
سەن، باشقىلارمۇ چۈشەنمەيدۇ، ئۇلارنىڭ چۈشىنىشىنىمۇ ئۈمىد
قىلمايمەن. ئۆزۈم بىلىمەن، بولدى بەس...

ھەسرەتلىرىمنىڭ، مەھرۇملۇقلىرىمنىڭ، سەتچىلىكلىرىم-
نىڭ، خىجالەتچىلىكلىرىمنىڭ، خاتالىقلىرىمنىڭ، پۇشايمانلى-
رىمنىڭ، بەختسىزلىكلىرىمنىڭ، كېسەللىكلىرىمنىڭ، دەردلى-
رىمنىڭ، ئاچلىقلىرىمنىڭ، كۆز ياشلىرىمنىڭ، قارا كۈنلىرىم-
نىڭ، خاپىلىقلىرىمنىڭ، يالغۇزلۇقلىرىمنىڭ، بىچارىلىقلىرىم-
نىڭ پىخسىقىمەن. بۇلارنى پەقەت ئۆزۈمگىلا قالدۇرىمەن، باش-
قىلارغا بېرىش ۋە باشقىلار بىلەن ئورتاقلىشىشنى خالىمايمەن.

ھەۋەسلىرىمنى، ئىشتىياقلىرىمنى، مەۋجۇدىيەتلىرىمنى،
گۈزەللىكلىرىمنى، توغرىلىرىمنى، ئىشەنچلىرىمنى، كەيپلىرىم-
نى، بەختىيارلىقلىرىمنى، سالامەتلىكلىرىمنى، كۈلۈشلىرىمنى
مەندە قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىكىنى ئۆزلىرىدە بولمىغانلارغا
ئۆتۈنۈشنى خالايمەن. باشقىلارغا ئۆتۈنمىگۈچە ئۇلارنىڭ ماڭا تە-
ئەللۇق ئىكەنلىكىگە ئىشىنەلمەيمەن.

دۇنيادا تەڭداشسىز ۋە جۈپتى يوق پىخسىق بولۇش سۈپىتىم
بىلەن چۈشلىرىمنىڭمۇ زايە كېتىشىنى ياكى ئۆزۈمدە قېلىشىنى
خالىمايمەن. ياخشى چۈشلىرىمدىن بىرىنىڭ كەيپىنى، مەن ئۆ-
رۈپ بەرگەن بۇ چۈشۈمدىن سەن ئالىدىغان ھۇزۇرنى، ھېس
قىلىدىغان بەخت ۋە غۇرۇرنى باشقىلار بىلەنمۇ ئورتاقلىشىشنى
خالىغانلىقىم ئۈچۈن مانا بۇ ھېكايەمنى سەن يىرتىپ سىۋەتكە
ياكى ئەخلەتكە تاشلاشتىن ئىلگىرى ئېلان قىلدىم. ياق، ئۇنى
ساڭا ئەۋەتمەيمەن.

فرېئود ھايات بولسا ئىدى، لوندوندىكى ھەممە تەرىپى كى-
چىك ھەيكەللەر بىلەن تولغان ئۆيىگە بېرىپ، كارىۋىتىغا پۈتلى-
رىمنى ئۇزىتىپ يېتىپ بۇ چۈشۈمنى ئۆرۈپ بەرگەن بولسام،
ئۇنىڭ چۈشىنىپ ماڭا مۇنداق دەيدىغانلىقىنى ناھايىتى ياخشى

بىلىمەن:

«مۇھەببەت ئېرىشكەن چېغىڭدا بۇزۇلىدىغان بىر سېھىر. دۇر. شۇ ۋەجىدىن سەن ئۆمۈر بويىچە ئېرىشمەي تۇرۇپ سۆيۈش پېشانەڭگە يېزىلغان ۋە شۇنىڭغا مەھكۇم بولغان قارغىش تەگكۈر- لەردىن بىرىسەن! شۇنى ھەقىقىي ھايات دەپ بىلىپ، ھەمىشە بۇ چۈشنى كۆرىسەن...»

مەن ماڭا تېگىل بولغان ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ۋە بەختلىك ئاشۇ كېچەمنىڭ سەھىرىدىكى ئاشۇ دائىملىق يالغۇزلۇقۇمنىڭ كۈچى بىلەن سېنى قۇچاقلايمەن ۋە سۆيىمەن.

# ھەر جايدا يالغۇزمەن

مۇشۇ يېشىمغا كەلگۈچە بىرەر قاملاشقان ئەر كىشى بىلەن مۇھەببەتلەشمىدىم. ئاشۇ سۇباتلىق يىگىت دېگەنلەر قەيەردىدۇ. . . بىر دوستۇم بار ئىدى، بىر چاغلاردا ئۆزى تەلۋىلەرچە مەپتۇن بولغان بىر يىگىتنىڭ نەقەدەر قاملاشقانلىقىنى تەسۋىرلەپ «سۈرەتتەك» دەيتتى. مەن بۇ سۈرەتتەك قاملاشقانلاردىن زادى كۆڭۈل خۇشلۇقى تاپمىدىم. ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن كىشىنىڭ قاملاشقان - قاملاشمىغانلىقىنىمۇ سۈرۈشتۈرۈپ باقمىغاندىم، بۇنى پەقەت ئوتتۇز توققۇز ياشقا كىرگەن كۈنۈم پەرق ئەتتىم. ئەسلىسەم مەن بۇگۈنگىچە ئارىلاشقان ئەرلەر ئىچىدە قاملاشقان بىرى بولماپتۇ. بۇنىڭدا سەۋەب بار، ئەلۋەتتە. ئۆزۈممۇ ياش يىگىتلەرگە قىزىقمايمەن. ياشلارغا نېمە ئۈچۈن خۇشۇم يوقلۇقىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن پىسخولوگ بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇنىڭ سەۋەبى ماڭا ئايدىڭ. دادام ياشانغان كىشى ئىدى. ئاتمىش تۆت يېشىدا مەن تۇغۇلۇپتىكەنمەن. مەن باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگەن يىلى دادام ئالەمدىن ئۆتتى. دادامنى مومۇمەن ياشانغان بىر سۆيۈملۈك ئادەم، دەپ ئەسلەيمەن. ئىنتايىن ھۆرمەتكە سازاۋەر بىر مويسىپىت ئاتا تەسەۋۋۇرى ۋە ئۆزۈمنىڭ ناھايىتى كىچىك ئاتىسىز قالغانلىقىم ۋەجىدىن ياشانغان ئەرلەرگە ناھايىتى ھېرىسمەن بولسام كېرەك. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەرلەر خوتۇنلىرىنى ئانىلىرىغا سېلىشتۇرارمىش. مەنمۇ ئۆزۈم سۆيگەن ئەردە مەن يەتتە ياشتا ئايرىلىپ قالغان ئاشۇ ياشانغان دادامنىڭ سىيماسىنى ۋە مېھىر - شەپقىتىنى ئىزدەيمەن.

بەلكىم بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈم توقۇپ چىقىۋاتقاندىـ

مەن. ماڭا ئوخشاش، ياشانغان ئەرلەرنى ياخشى كۆرىدىغان بىر يېقىن دوستۇم بار. ئۇ مەندىن بەش - ئالتە ياش كىچىك بولۇپ، دادىسى ھايات، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوتتۇرا ياشلىق كىشى. شۇنداق تۇرۇقلۇق دوستۇمنىڭ مۇھەببەتلىشىۋاتقان كىشىسىمۇ ياشانغان بىر ئەر. بىر كۈنى ئۇ مەندىن:

— بىلەمسەن، بىز نېمە ئۈچۈن ياشانغانلارغا قىزىقىمىز؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، بىلمەيمەن... — دېدىم مەن.

ئۇ چۈشەندۈردى. تەڭتۇشلىرىمىز ياكى بىزدىن بىر قانچە ياشلا چوڭ بولغانلار بىزگە خۇددى ئەر دوستلىرىغا مۇئامىلە قىلغاندەك يىرىك، قوپال مۇئامىلە قىلىدىكەن ھەتتا قانات سۆرەيدىكەن... لېكىن، ياشانغان ئەرلەر كۆپ تەجرىبىلىك بولغاچقا، ياش سۆيگۈنىنىڭ قەدرىنى ياش يىگىتلەردىن ياخشىراق بىلىدىكەن. سالماقلىق مۇئامىلە قىلىپ ئۇنى ھۆرمەتلەيدىكەن. بۇ ھۆرمەت - ئىززەت بىزنى خۇش قىلىدىكەن.

بۇنى مەن ئاڭقىرالمىغانىدىم، بەلكىم شۇنداق بولۇشى مۇمكىن.

ھازىرقى سۆيگۈنۈم بىلەن تونۇشقىلى ھەر ھالدا يەتتە يىل بولۇپ قالدى. بۇ يەتتە يىلدا ئۇ ماڭا كىچىككىنىمۇ بىپەرۋالىق قىلىپ باقمىدى. بىر يەردىن ئۆتۈشكە توغرا كەلسە، ئۇ ھەمىشە مېنى ئالدىدا ئۆتكۈزىدۇ. قولىنى ئاستاغىنا مۈرەمگە قويۇپ ئاۋايلاپ ئىش كۆرىدۇ... يول ماڭغاندا ھامان مېنىڭ سول يېنىمدا ماڭىدۇ. قولتۇقلىشىۋېلىشىمدىن خۇش بولىدۇ. قولتۇقلىشىۋالسام بەزىدە سول قولى بىلەن قولۇمنى سىلايدۇ. بىر يەردە ئولتۇرساق قولىنى شۇنداق سىلىقلىق بىلەن مۈرەمگە قويۇۋالىدۇكى، مېنى قانات ئاستىغا ئېلىپ قوغداۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن.

بۇلارنىڭ ھەممىسى راست، لېكىن مېنىڭ ياشانغان ئەرلەرگە قىزىقىشىمنىڭ سەۋەبى پەقەت مۇشۇلا، دەپ قارىمايمەن.

قانداقلا بولسۇن، كۆرۈمسىز بولسىمۇ ياشانغان ئەرلەرنى ياقتۇرد-
مەن.

بىر يىلدىن كېيىن قىرىق ياشقا كىرىمەن. بۇ قورقۇنچلۇق بىر ئىش! بىر چاغلاردا قىرىق ياش دېسە مەندىن مىڭ يىلدەك يىراق تۇيۇلاتتى...

ئۆتكەن كۈنى سۆيگۈنۈمگە:

— يەنىلا گۈزەلمەن، زادى قېرىمايمەن... — دېگەنىدىم. ئۇ جىددىي ھالدا:

— راست، ناھايىتى ياشسىز... ئەلۋەتتە قېرى-
مايسىز! — دېدى.

ئۇ ياش يىگىت بولغان بولسا، مېنىڭ بۇ دۆتلەرچە سۆزۈمنى غىتژ - غىتژغا دەستەك قىلاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماڭا تەسەللى بېرىش خىيالىغىمۇ كەلمەيتتى.

ماڭا ئوخشاش ياشانغان ئەرنى ياخشى كۆرىدىغان دوستۇم سۆيگۈنىنىڭ ئۆز دادىسىدىن ئىككى ياش چوڭلۇقىنى ئېيتتى.

— توي قىلمايدىغان بولغاندىكىن مەسىلە يوق، — دېدىم مەن.

كېيىنچە بۇ سۆزۈم ئۈستىدە كۆپ ئويلاندىم: «توي قىلماي-
دىغان بولغاندىكىن...» دېگەن قانداق گەپ بولدى؟

سۆيگۈنۈم قېرى دەپ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلمامدىمەن؟ ياقەي، قىلىمەن. ئائىلىمىزدىكىلەر توي قىلدىڭمۇ دېسە، ئىشنىڭ چوڭى شۇ چاغدا چىقىدۇ. ئىككى بالىلىق تۇل ھەدەم، ئاكىلى-
رىم، ھەممىدىن ئاۋۋال ئاپام، يىراق - يېقىن پۈتۈن ئۇرۇق - تۇغقانلار بۇ تويغا قارشى چىقىشىدۇ. ئۇلارغا ئۆزۈم يالغۇز تاقابىل تۇرالامدىمەن. «مەن قىرىق ياشلىق مۇستەقىل بىر ئايالمەن!» دەپ جەڭ ئېلان قىلىمەن. ئۇلارمۇ ماڭا: «ئۆز ۋاقتىدا شۇنچە كۆپ لايىقلار چىقتى، ھېچقايسىسىنى ياراتمىدىڭ، ئەمدى بىر قېرى قاقۋاشقا تەگدىڭمۇ...» دېيىشىدۇ. شۇنداق،

ئوچۇق گەپ، ئۇلار «داداڭ بىلەن تەڭ بىر قاقۋاش» دېيىشىدۇ. ھەرگىز دادام بىلەن تەڭ ئەمەس. دادام ھايات بولسا، ھازىر توقسان ئالتە ياشقا كىرەتتى. لېكىن، سۆيگىنىم مەندىن ئوتتۇز تۆت ياش چوڭ...

ئون بەش يىلدىن بېرى ئۆز ئالدىمغا بىر ئۆيدە ياشاۋاتىمەن. ئىشىم ۋە تاپاۋىتىم خېلى ياخشى، مۇستەقىل بىر ئايالمەن. بۇ ياشتا تۇرسام ئائىلەم ماڭا ئارىلاشماسلىقى كېرەك، دەپ ئويلايمەن. لېكىن، راستىنى ئېيتسام، يەنىلا ئۇلارنى، بولۇپمۇ زىققە كېسىلى بار ئاپامنى رەنجىتكۈم يوق... سۆيگۈنۈمدىنمۇ ۋاز كەچمەيمەن. يا بولمىسا ئالاھىدە توي قىلمىساقمۇ بولىدۇ. ھازىرمۇ توي قىلغاندەك ياشاۋاتىمىزغۇ...

مەن بىھۇدە ئورۇنسىز خىياللارغا ئەسىر بولۇۋاتامدىمەن نېمە؟ سۆيگۈنۈم يەتتە يىلدىن بېرى ماڭا توي قىلىش تەكلىپى بەرگىنى يوق... بەلكىم، ئۇمۇ مەندىن قېرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنداق تەكلىپنى بېرەلمەيۋاتقاندۇ...

دەسلەپ ياقتۇرۇپ قالغان كىشىممۇ قېرى ئىدى. مەن ئۇ چاغدا ئون ئالتە ياشتا ئىدىم، ئۇ بولسا ئەللىك تۆت ياشلىق، خوتۇنى بار ئادەم ئىدى، بالىلىرىمۇ بار ئىدى. ئېھ، ئۇنىڭغا نېمىدېگەن كۆيەتتىم. ئۇ قاملاشقانمۇ ئەمەس ئىدى. لېكىن، نېمە ئۈچۈن شۇنچە ياقتۇرۇپ قالدىم؟ ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتكەندىن كېيىن سەۋەبىنى بىلدىم، ئۇ ھەممە ئىش قولىدىن كېلىدىغان كىشى بولغاچقا ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم. ئۇ دۇنيانى ئارىلاپ كۆرگەن ناھايىتى مەدەنىيەتلىك كىشى ئىدى. ئىككى خىل چەت ئەل تىلى بىلەتتى. كىيىنىشى، مۇئامىلىسى، گەپ ـ سۆزلىرى باشقىلاردىن ئۆزگىچە ئىدى. بىراق، ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىم ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمىغاچقا، ئۇنىڭغا ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ئېيتالمىغانىدىم. ئۇنىڭ مېنى بالا دەپ قارايدىغانلىقىغا ئىنتايىن بىئارام بولاتتىم، شۇڭا بەزىدە يىغلاپمۇ

كېتەتتىم.

ئۆنىڭدىن كېيىنكىسى بولسا كۆرۈمسىز، ياشانغان بىر كە-شى ئىدى. كېيىنكىلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق. . . ئۇلار بىلەن توي قىلىش زادى خىيالىمغا كەلمەيتتى. چۈنكى، ئۆزۈمگە ناھا-يىتى ئىشىنەتتىم. كىچىك چاغلىرىمدا مېنى «گۈزەلسەن، ۋاي نېمىدېگەن زېرەكسەن، ناھايىتى ئەقىللىقسەن. . . » دەپ ئەركە قىلىۋەتكەنىدى ـ دە. ھەرھالدا ئۆزۈم خالىغان ۋە ياخشى كۆرگەن ۋە مېنى ياخشى كۆرىدىغان بىرى بىلەن توي قىلالايمەن، دەپ ئويلايتتىم. «ئۆزۈم خالىغان، ياخشى كۆرىدىغان ۋە قىزىقىدىغ-ان بىــرى. . . » دەرۋەقــە مــەن ئـۈچۈن قىـزىقىش شـۇنداق مۇھىمكى. . .

يەنىلا گۈزەلمەن. . . لېكىن، ئوتتۇز توققۇز ياشلىق گۈزەل يەنى يېشىمغا قارىتا گۈزەل. نېمىدەپ دۆتلەرچە كەمتەرلىك قى-لاي. ئەتراپىمدىكىلەرگە نىسبەتەن ئەلۋەتتە زېرەك ۋە مەدەنىيەت-لىكمەن. يەنە بىر مەزگىل داۋاملىق ئوقۇيمەن. ئاندىن مۇمكىن-قەدەر مەدەنىيەت ۋە سەنئەت پائالىيەتلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىمەن. شۇنداقتىمۇ ئۆزۈمنى قابىل ۋە يېتىشكەن، دېيەلمەيمەن. لې-كىن، شۇنى ناھايىتى ياخشى بىلىمەنكى، بىر گۈزەل ئايال مەدە-نىيەتلىك بولسا، گۈزەللىكى ئىككى ھەسسە ئاشىدۇ.

مەن بىلەن ئالاقە قىلىدىغان، مەن بىلەن يېقىنلىشىشنى خالايدىغان ئەرلەر كۆپ. يېقىنچىلىقلىرىغا جاۋاب بەرسەم شۇئان توي قىلىش تەكلىپى بېرىدىغانلىقىنى بىلىمەن. لېكىن، بۇنداق قاملاشقان ۋە تەڭتۇش ياكى مەندىن بىر نەچچە ياشلا چوڭ كىشى-لەرنى قانداقتۇر، ياخشى كۆرمەيمەن.

يەتتە يىلدىن بېرى ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن بۇ كىشى بىلەن توي قىلغۇم بار ئىدى، بىراق قانچىلىك زامانىۋى بىر قىز بول-ساممۇ، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىزنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ ئۇنىڭ-دىن «مەن بىلــەن تــوي قىـلامسىـز؟» دەپ سورالمايمەن ـ

دە. . . يەتتە يىلدىن بېرى ئۇنىڭ ئاشۇنداق تەكلىپ بېرىشىنى
كۈتۈۋاتىمەن. يۇقىرىدا دېگىنىمدەك، ئۇ قاملاشقانمۇ ئەمەس،
ياشمۇ ئەمەس، لېكىن پاراڭلاشقىنىمىزدا باشقىچە چىرايلىق كۆ-
رۈنۈپ، ياش يىگىتتەك بىلىنىپ كېتىدۇ. شۇنداق جەلپ قىلار-
لىق بولۇپ كېتىدۇكى. . . ئاۋازى بىلەن كۆزلىرى مەندىنمۇ
جەزىبىلىك. ھاياجانلىنىشلىرىچۇ تېخى. . . ئۇنىڭغا يېقىنلاشقان-
سېرى جەزىبدارلىقى تېخىمۇ ئاشىدۇ. ئىشقىلىپ، يەتتە يىلدىن
بېرى مېنى ئۆزىدىن زېرىكتۈرمىگەن بىر ئادەم. . . تۇرمۇشى
ئانچە ئالاھىدە ئەمەس، لېكىن گەپ - سۆزلىرى، ئوي -
پىكىرلىرى شۇنچە ئالاھىدىكى. . . مېنىڭ ئەسلى قىزىقىدىغى-
نىممۇ شۇ ئىدى. ئۇ ئۆزگىچە كۆرۈنۈش ياكى باشقىلارغا ئۆزىنى
كۆرسىتىش ئۈچۈن ئالاھىدە بولۇۋالمايدۇ، ھېچقانداق سۈنئىي-
لىك تەرىپى يوق. گويا ئاشكارىلىغان ئوي - پىكىرلىرىنىڭ
ئالاھىدىلىكىنى ئۆزى پەرق ئەتمىگەندەك، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى
تەبىئىي ۋە ئىستىخىيىلىك.

ئۇنىڭ چاچلىرى خېلىلا ئاقارغان، يۈزلىرىگە قورۇق كىر-
گەن. كېيىنكى ئۈچ يازدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە دېڭىز بويىدىكى
مەنزىرىلىك جايلارغا بېرىپ ئون بەش كۈن، بىر ئاي چامىسىدا
تۇرۇپ كېلىۋاتىمىز. ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيدە يېتىۋاتىمىز. ئۇ-
نىڭ يالىڭاچ بەدىنىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن. قومۇلۇقلاردا ئۇنى
سۇ ئۈزۈش كىيىمى بىلەن يىراقتىن كۆزىتىپ، سەپسېلىپ قاراي-
مەن: قېرىمىغاندەك بىر ياشانغان ئادەم. . . ماڭسا يەرگە
شۇنداق چىڭ دەسسەيدۇكى، ھېچكىم ئۇنى ئورنىدىن مىد-
دىرلىتالمىغۇدەك.

ھەپتىنىڭ بىر - ئىككى كېچىسىنى مېنىڭ ئۆيۈمدە ئۆتكۈ-
زىمىز. بۇ يېشىدا ئۇنىڭدىكى ھەۋەسكە ۋە ھاياجانغا ھەيران قالى-
مەن. مەسىلەن، مەن ئاشخانىدا زاكۇسكا تەييارلاۋاتسام ياكى
مۇنچىدا بولسام، ئۇ پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئاۋازىنى چىقارماي

كەينىمدىن كېلىپ، تۇيۇقسىز مېنى ئىككى قولى بىلەن قۇچاقلىۋېلىپ سۆيۈشكە باشلايدۇ. «ۋايجان!» دەپ ۋارقىرىۋېتىمەن. ھەقىقەتەن قورقىمەن، لېكىن ئۇنىڭ شۇنداق تۇيۇقسىز قۇچاقلىشى مېنى بەكمۇ خۇشال قىلىدۇ...

ئۆيدە ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىم يوق چاغدا، ئۇ كەينىمدىن كېلىپ ئىككى قولى بىلەن كۆزلىرىمنى ئېتىۋېلىپ، «مەن كىم؟» دەپ سورايدۇ. ھەر ئىككىلىمىزنىڭ بىر ـ بىرىمىزگە قويغان مەخسۇس ناملىرىمىز بولۇپ، ئۇنى ئېيتىمەن. ئۇ شۇ چاغدا قولىنى قويۇۋېتىپ «تاپتىڭ، تاپتىڭ...» دەپ يەنە قۇچاقلاپ سۆيىدۇ. شۇنچە سالماقلىق بىر كىشىنىڭ بۇ بالىلارچە چاقچاقلىرىدىن شۇنداق خۇشال بولىمەنكى... بۇ يەتتە يىلدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكەن ھەممە ۋاقىتلىرىم شېرىن ئايدىنمۇ لەززەتلىك بولدى ۋە ھەمىشە شۇنداق بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

ئۇ ئۆيدە بولمىغان كېچىلىرى «ئاھ، شۇ تاپتا بولسا، كەينىمدىن تۇيۇقسىز قۇچاقلاپ چۆچۈتۈۋەتسە...» دەپ سېغىنىپ كېتىمەن.

بىر كېچىسى ئۇ ئۆيۈمگە كەلگەندە ئەر ـ خوتۇن مېھمانلىرىم بار ئىدى. ئۇ مېھمانلاردىن بىخەۋەر بولغاچقا، ئۆيگە كىرىپلا ئاغزىمنى ئېچىشقا پۇرسەت بەرمەي مېنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ كەتتى. ئۇ چاغدا مېھمانلار ئىشىك ئالدىغا كېلىشىپ، بىزنىڭ سۆيۈشۈۋاتقانلىقىمىزنى كۆرگىنىدە شۇنداق خىجالەت بولدۇمكى... «نېمانچە ھەددىڭىزدىن ئاشىسىز!» دەپ ۋارقىرىدىم. مېھمانلار قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى، ئۇمۇ كۈلدى، بىراق مېھمانلارنىڭ بىزنى شاڭخو قىلغانلىقىنى ياكى ئالقىشلىغانلىقىنى چۈشىنەلمىدىم.

دەرۋەقە، ئۇ گەپ قىلغىنىدا ياشىرىپ چىرايلىق بولۇپ قالاتتى. جىم تۇرغان ۋاقىتتىكى يېشى بىلەن گەپ قىلغان ۋاقىتتىكى يېشى ئارىسىدا ئون بەش ـ يىگىرمە ياش پەرق بولاتتى.

مەن بەزىدە ئۇنىڭ ھاياجىنى ئالدىدا ئۆزۈمنى قېرى ھېس قىلاتتىم، ئۇنىڭدىن ئاۋۋال قېرىپ كېتىدىغانلىقىمدىن قورقاتتىم.

بىر كېچىسى ئۇ شۇنداق دېگەنىدى:

— مېنىڭ ئەللىك ھەتتا ئاتمىش ياشلىق ئەر ئىكەنلىكىمنى، ياشىنىپ قالغانلىقىمنى بىلىشىڭىزكېرەك. سىزنى پالاكەتكە قويغۇم يوق.

مەن ئۇنىڭدىن ئۆزىدە باردىن زىيادە نەرسىلەرنى كۈتمەيمەن، بىراق ئۇنىڭ مەندىن ئۆزۈمدە باردىن زىيادە نەرسىلەرنى كۈتۈپ، ئۇنىڭ تەلپىنى قاندۇرالماي قېلىشىمدىن قورقىمەن.

يەتتە يىلدىن بېرى ھەر قېتىم ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغىنىمىزدىكى ھاياجاننى ھېس قىلىمەن. ماڭا بۇ ھاياجاننى ئۇ بەخش ئەتكەنىدى.

ھەممە ئىش كۆڭۈلدىكىدەك... ئېھ، شۇنداقتىمۇ... ئۆز - ئۆزۈمچە تىت - تىت بولىمەن. بۇ قانداق ئادەمدۇ؟ ئۇنىڭ ماڭا زادى ئېيتمايدىغان، ھەمىشە مەخپىي تۇتىدىغان بىر سىرى بار. ئۇ سىرىنى چىڭ ساقلايدۇ. لېكىن، مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى پۈتۈنلەي ئېچىۋەتتىم. ئۇ بۇ سىرى بىلەن ماڭا خۇددى چېقىلمايدىغان قاتتىق ياڭاقتەك كۆرۈنىدۇ. بۇ ھال مەندىن ھەمىشە ئۇنىڭ ئىچىدە قانداق سىر باردۇ دېگەن ئەندىشە پەيدا قىلىدۇ.

بىز يەتتە يىلدىن بېرى بىللە بولۇۋاتىمىز. كونسېرتلارغا، كۆرگەزمىلەرگە، تىياتىرلارغا، سەيلە - ساياھەتلەرگە، دەم ئېلىشلارغا، ھەممە يەرگە بىللە بېرىۋاتىمىز. لېكىن، بۈگۈنگىچە مېنى ئۆيىگە ئېلىپ بارمىدى. ئۆيىنى مەندىن يوشۇرىدىغاندەك قىلىدۇ. يوشۇرمىسا شۇنچە ۋاقىتلاردىن بېرى بىر قېتىم بولسىمۇ ئېلىپ بارمايتتىمۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۆيىنى مەندىن يوشۇرىدۇ؟ سېزىشىمچە يالغۇز ئۆيىنىلا ئەمەس، ئۆي بىلەن بىللە ئۆز سىرىنىمۇ مەندىن يوشۇرۇۋاتىدۇ. «مېنى ئۆيىڭىزگە ئېلىپ بارسىڭىزچۇ...» ياكى «نېمە ئۈچۈن مېنى ئۆيىڭىزگە ئېلىپ بارماي-

سىز؟» دېيەلمەيمەن. مەن دېگەندىن كېيىن ئۆيگە ئېلىپ بار-
غاننىڭ نېمە پايدىسى بار؟ جەزمەن مەندىن يوشۇرىدىغان بىر نەرسە
بار. لېكىن، ئۇ نېمە؟ ئىچىمنى تاتىلاۋاتقان بىر گۇمان. . .
ئاۋۋال خوتۇنى بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئويلىدىم. خوتۇنى بولمى-
غان تەقدىردىمۇ بىللە ياشاۋاتقان بىر ئايال بولۇشى مۇمكىن. نېمە
ئۈچۈن ماڭا ھېچ نەرسىنى ئۇقتۇرمايدىغاندۇ؟ . . . مېنىڭ بولسا
ئۇنىڭغا ئۇقتۇرمىغان ھېچ نەرسەم قالمىدى. مېنى ياخشى چۈشەن-
سۇن، ئۆزىمۇ ماڭا ئوچۇق ئاشكارا بولسۇن، دەپ دۆتلۈكلىرىم،
خاتالىقلىرىم، ھەتتا گۇناھكارلىقلىرىم بىلەن ھەممە سەرگۈزەشت-
لىرىمنى ئۇقتۇرۇۋەتكەنىدىم. ئۇ ئۆزىنى زادى ئاشكارىلىمايدۇ
ئەمەس، پەقەت بىر سىرىنى مەندىن يوشۇرىدۇ. ئىچىمدە ئۇنىڭ
مەندىن يوشۇرغان سىرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى پەقەت ئۆيگە بارغى-
نىمدا بىلىمەن، دېگەن تونۇشقا كەلگەنىدىم. ھالبۇكى، ئۇ مېنى
ھېلىغىچە ئۆيگە ئېلىپ بارمىدى. . . بىرەر گېپىدىن تۇتۇۋې-
لىشقىمۇ تىرىشىمەن. بەزى گەپلىرىنىڭ ئارىسىدىن بەزى سۆز-
لەرنى سۈغۇرۇۋېلىپ، بىر - بىرىگە قۇراشتۇرۇپ، سىرىنىڭ
نېمە ئىكەنلىكىنى تېپىشقا ھەپىلىشىمەن. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى
كىشىلەر بىلەن پاراڭلىشىپ، تونۇشلىرىمىزدىن ئانچە - مۇنچە
گەپ ئېلىپ، مۇنۇلارنى بىلدىم: خوتۇنى يوق ئىكەن. ئۆمرىدە
مەندىن باشقا ئايالمۇ كۆرمەپتۇ.

بۇنى بىلگىنىمدىن كېيىن كۆڭلۈم تىنىدى، لېكىن يەنە ئەن-
دىشەم تېخىمۇ ئاشتى. . . بىر كۈنى كېچىسى ئۇ مېنىڭ ئۆيىمدە
مەن بىلەن ئىچىشىپ قاتتىق مەست بولۇپ قالغانىدى، ئۆز ئۆيىدە
يالغۇز ئەمەسلىكى ئاغزىدىن چىقىپ كەتتى. بۇ گەپنى قايتۇرۇپ
سورىغىنىمدا كىم بىلەن بىللە تۇرىدىغانلىقىنى زادىلا ئېيتمىدى.

تولىمۇ قورقۇنچلۇق ئېھتىماللار خىيالىمغا كىرىۋالاتتى ھەت-
تا مەن ياخشى كۆرىدىغان ئەرنىڭ جىنسىي تەرەپتىن نورمالسىز
بولۇشى مۇمكىنلىكىنىمۇ ئويلىغان چاغلىرىم بولدى ياكى ئۆيىدە

بىر ئەر بىلەن بىللە ياشامدۇ، قانداق؟ شۇنداق بولىدىغان بولسا ئۇ يىرگىنچلىك بىر نىمىگە ئايلىنىپ قالاتتى! بىر نەچچە كۈنلەپ بۇ گۇمانلار بىلەن پەرىشان بولدۇم. بىر نورمالسىز ئەرنى ياخشى كۆرۈشكە رازى بولاتتىمۇ؟ رازى بولمايدىغانلىقىمنى ئۇچۇق ئېيتالمىغانلىقىم ئۇچۇن ئۆزۈمدىن ئۆكۈندۈم. بىر چاغلاردا مۇھەببەت ھەققىدە «يا ماقۇل، يا ياق!» دىيەلىگەن مەن، ئەمدى كېلىپ ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن ئەرنىڭ يالغۇز مەن بىلەنلا ئەمەس، باشقا بىر ئايال ھەتتا بىر ئەر كىشى بىلەن ئورتاقلىشىشنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ خورلۇق ھىس قىلىپ بىر قانچە كۈن يىغلىدىم.

ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن، ئۇنى تونۇيدىغانلارنىڭ ئېيتقانلىرىدىن بۇ قايغۇ - ھەسرىتىمنىڭمۇ ئورۇنسىز ۋە بىھۇدە ئىكەنلىكىنى بىلگەن چېغىمدا، شۇنچىلىك خۇشال بولدۇمكى....

ئۆيدە خوتۇنى ياكى سۆيگۈنى يوق ئىكەن، بىرەر ئەر كىشىمۇ يوق ئىكەن. لېكىن، مېنىڭ كۆرۈشۈمنى خالىمايدىغان بىر نەرسىسى بارلىقى راست. ئۇ قانداق نىمىدۇ؟ ئۇ ئىش ئورنىغا بارمىغان، مېنىڭ يېنىمغىمۇ كەلمىگەن كۈنلىرى ئۆز ئۆيىگە سولىنىۋالاتتى. تېلېفون قىلىپ ئۆيىدە ئىكەنلىكىنى ئۇقاتتىم. ئۆيىدە ھېچكىم بولمىسا، ئۆزى يالغۇز ئۆيدە نېمە قىلىدىغاندۇ؟

ئاھ، ئۇنى بەكلا ياخشى كۆرىمەن. ئۇ مەن بىلەن بىللە بولغاندىن كېيىن ئۆيىگە قايتىدىغان چاغدا:

— ئۆيىڭىزگە بارغان ھامان ماڭا تېلېفون بېرىۋېتىڭ جۇمۇ... — دەيتتىم ياكى ئۇ ماڭا شۇنداق دەيتتى. بىر - بىرىمىزگە قانمايتتۇق. بىللە بولمىغان چاغلىرىمىزدىمۇ ئاۋازىمىزنى ئاڭلاپ تۇرۇشنى خالايتتۇق.

سۆيگۈ دىگەن نەرسە بىر كېسەللىكمىدۇ، دەپ ئۆز - ئۆزۈمدىن سورايتتىم ۋە ئۆز - ئۆزۈمگە: ئۆزگىچە سۆيگۈلەر ئالاھىدە بىر خىل كېسەللىك، دەپ جاۋاب بېرەتتىم.

ئۇنىڭ ئۆيىدىكى مەندىن يوشۇرغان ئۇ نەرسە نېمىدۇ؟ ئۇ- رۇن تۇتۇپ ياتقان ناھايىتى قېرى ۋە كېسەلچان ئانىسى بارمۇ يا؟ ئۇنداقتا ئۇنى يوشۇرغىنى نېمىسى؟ دەپ خىلمۇ خىل خىيال- لارغا چۆكەتتىم ھەتتا ئىت، مۇشۇكلەر بىلەن مۇھەببەتلەشتەم- دىغاندۇ. . . توۋا نېمىلەرنى جۆيلۈيدىغاندىمەن، دەپ ئويلىغان چاغلىرىممۇ بولدى.

ئىززەت - ئابرۇيۇمنى ساقلاش ۋەجىدىن، بۇ سىرنى ئۇنىڭ ئۆزىدىن سوراشتىن باشقا ئۇمىدىم قالمىغانىدى. بىر كېچىسى ئۇنىڭ بىلەن دېڭىز بويىدىكى بىر مەيخانىدا بىللە بولدۇق. ئە- چىمنى تاتىلىغان سوئالنى سوراشقا جۈرئەت قىلىش ئۈچۈن شىر- كەيىپ بولغۇچە ئىچتىم، ئاندىن بىردىنلا سورىدىم:

— شۇنچە ۋاقىتلاردىن بۇيان نېمە ئۈچۈن مېنى ئۆيىڭىزگە ئېلىپ بارمايسىز؟

ئۇ ئويلىنىپ قالدى ۋە بىر ھازادىن كېيىن:

— چۈنكى سىزدىن ئايرىلىپ قالغۇم يوق، — دەپ جاۋاب بەردى.

— ئۆيىڭىزگە بېرىشىمنىڭ مەندىن ئايرىلىپ قېلىشىڭىز بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟

— بار، — دېدى ئۇ، — سىزنى بۇرۇن يۇرگەن ئاياللار- نىڭ ھەممىسى ئۆيۈمگە كەلسىلا مېنى تاشلاپ كېتەتتى. سىزنى ھەممىدىن ياخشى كۆرىمەن، سىزنىڭمۇ مېنى تاشلاپ كېتىشى- ڭىزنى خالىمايمەن. شۇنداقتىمۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ سوئالنى مەندىن سورايدىغىنىڭىزنى بىلەتتىم ۋە بۇ كۈننى ئەنسىزچىلىك ئىچىدە كۈتۈپ يۈرەتتىم.

ئۇ كېچىدىكى ئۇرۇنۇشلىرىمدىن ھېچ خۇلاسە چىقمىدى، ئۇنىڭ نېمىنى كۆزدە تۇتۇۋاتقانلىقىنىمۇ چۈشىنەلمىدىم. مېنى ئۆيىگە ئاپارغۇسى يوقلۇقىنى ئوچۇقلا ئېيتتى. لېكىن، سەۋەبىنى ئېيتمىدى. ئۇ كېچىنى مېنىڭ ئۆيۈمدە بىللە ئۆتكۈزمەكچىدۇق.

لېكىن، ئۇ مېنى ئۆيۈمگە ئەكىلىپ قويۇپلا قايتىپ كەتتى، مەنمۇ بىللە بولالىلى، دەپ زورلىمىدىم. بۇ ۋەقە يەتتە يىللىق مۇھەببە-تىمىزدىكى تۇنجى قېيىداش ئىدى.

قانداق بولسۇن ئۇنىڭدىن ۋاز كېچەلمەيدىغانلىقىمنى ئۇ كېچە يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدىم ۋە ئورنۇمغا كىرىپ ياتا ـ ياتمايلا تېلېفون قىلدىم. تېلېفوندا گەپ قىلالمىدىم، پەقەت ئىچ ـ ئىد-چىمدىن ئۆكسۈدۈم. ئۇمۇ مۇلايىملىق بىلەن مېنى بەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ماڭا تەسەللى بېرىشكە، يىغامنى بې-سىشقا تىرىشتى.

كېيىنكى سۆھبەتلىرىمىزدىن تۇتۇۋالغان يىپ ئۇچلىرى بى-لەن باشقىلاردىن ئاڭلىۋالغان ئۇششاق ـ چۇششەك خەۋەرلەرنى بىر ـ بىرىگە قۇراشتۇرۇپ مۇنۇلارنى بىلىۋالدىم: ئۇنىڭ تۇرمۇ-شىنى قامداش ئۇچۇن قىلىۋاتقان خىزمىتىنىڭ سىرتىدا، ئۆيىدە ئۇنىڭدىنمۇ ئەھمىيەتلىك يەنە بىر ئىشى بار ئىكەن. لېكىن، بۇ ئىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. بەزەن ئۆيىگە كۆنلەپ ـ كۆنلەپ سولىنىۋېلىپ شۇ ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدى-كەن. ئۇ بۇ ئىشنى كىشىلەردىن ھەتتا مەندىنمۇ مەخپىي تۇتاتتى. ئۆيىدە بىر نەرسە يازىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم، لېكىن ماقالە يېزىشنى يوشۇرۇشى چۈشىنىكسىز بىر ئىش ئىدى.

مەن مەست بولۇپ قالغان ھېلىقى كېچىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىش تەلىپىمنى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان بىر ھەۋەس بىلەن تەكرارلىدىم.

ـــ بىراق، كېيىن مېنى تاشلىۋېتىسىز، سىزدىن ئايرىلىپ چىدىيالمايمەن، ـــ دېدى ئۇ.

ئۇ مېنى تاشلىمايدىغان تۇرسا، مېنى شۇنچە ياخشى كۆرىدى-غان بۇ ئادەمنى مەن نېمىدەپ تاشلىۋېتەي. . . قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنى تاشلىماسلىققا ۋەدە بەردىم، ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ-نىڭدىن ئايرىلالمايتتىم. ئۇنى مەن بۇرۇن ياخشى كۆرگەنلەردىنمۇ

زىيادە ياخشى كۆرەتتىم ۋە باشقىلار ئۇنى مەن ياخشى كۆرگەندىن زىيادە ياخشى كۆرمەيدۇ، دەپ ئىشىنەتتىم.

ئۆيدە سولىنىۋېلىپ ئىشلەيدىغان ئىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورىدىم. بۇنى ئېيتىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېيتتى ۋە «سىز چۈشىنەلمەيسىز!» دېيىش ئورنىغا «چۈشەندۈرۈش مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىش...» دېدى.

— شۇنداقتىمۇ دەپ بېقىڭ، چۈشىنىشكە تىرىشىمەن، — دەپ تۇرۇۋالدىم.

— ئويمىچىلىق دېسەك بولامدىكىن بەلكىم... مېنىڭ قىلىدىغان ئىشىم ئويمىچىلىقتەك بىر ئىش.

— دېمەك ئويمىكەشلىك قىلىۋاتىسىز...

— ئويمىكەشلىك دېگىلىمۇ بولمايدۇ.

— كارخانىڭىز بارمۇ؟

— ئۆيىمىنىڭ ھەممە يېرى كارخانا دېسىمۇ بولىدۇ.

— ئۇنداقتا ئۆيىڭىز ھەيكەللەر بىلەن تولغانىكەن - دە.

— ياق... بىرقانچە يىللاردىن بېرى بىرلا ئويما ئۈستىدە ئىشلەۋاتىمەن.

— يالغۇز بىرلا؟

— شۇنداق... راستىنى ئېيتقاندا مېنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىمنى ئويما دېگىلىمۇ بولمايدۇ. ئەڭ ياخشىسى، قۇيمىچىلىققا ئوخشاش بىر ئىش. يىڭنە بىلەن قۇدۇق قازغاندەك، بىرەر ئەخمەقنىڭ ئېشەك توكىنى سانىغىنىدەك، قىلنى قىرىققا يارىدىغان ناھايىتى ئىنچىكە ئىش. ئۇ مەندىن ئاۋۋال ھېچكىم قىلىپ باقمىغان بىر ھۈنەر، بىرىنچى بولۇپ مەن قىلىۋاتىمەن. شۇڭا، بۇ ھۈنەرنىڭ نامىمۇ يوق. شېئىر دېسە شېئىرغا ئوخشايدۇ، رەسىم دېسە رەسىمگە ئوخشايدۇ، ئويما دېسە ئويمىغا ئوخشايدۇ، مۇزىكا دېسە مۇزىكىغا ئوخشايدۇ. ھەممە ئىشقا ئوخشايدىيۇ، ھېچقايسىسى ئەمەس.

— نېمە ئۈچۈن ھېچكىمگە كۆرسەتمەيسىز؟

— سەۋەبلىرى كۆپ... ئالدى بىلەن، بۇ ئىشنى مەندىن باشقا كىشى ياخشى كۆرمەيدۇ، چۈشەنمەيدۇ... ئاندىن، ئۇنى ئۆزۈملا ياخشى كۆرىمەن ۋە كىشىلەردىن قىزغىنىمەن.

ئاخىرىدا، مېنى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ، ئۆمۈر بويى ئىشلەۋاتقان، ئۆزى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەردىن قىزغىنىدىغان، ھېچكىم چۈشەنمەيدىغان ۋە ياخشى كۆرمەيدىغان، تېخى نامىمۇ قويۇلمىغان ئۇ ئىشنى ماڭا كۆرسەتمىسە، جەزمەن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. بۇ سۆزۈم راست ئەمەس، ھەر ھالدا ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىمنى بىلىمەن.

— ئۆيىمگە بارسىڭىز ئاقىۋەت مېنى تاشلاپ كېتىسىز، بوپتۇ، شۇنچە قاتتىق تەلەپ قىلىۋاتقانىكەنسىز، تەلىپىڭىزنى ئورۇندىماي ئامالىم يوق.

بىز پۈتۈشكەن كۈنى ئۇ ئۆيىمگە كەلدى. مېنىڭ ماشىنامغا ئولتۇرۇپ يولغا چىقتۇق. شۇنچىلىك ھاياجاندا ئىدىمكى، بۇنى تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن. ئۆيىدە قانداق بىر ھەيكەل كۆرەرمەن، دەپ قىزىقىپ ساراڭ بولاي دەپ قالغانىدىم. ناھايىتى يوغان بىر يالىڭاچ ئايال ھەيكىلى بولسا كېرەك، دەپ تەسەۋۋۇر قىلاتتىم.

شەھەر مەركىزىدىن تەخمىنەن يۈز كىلومېتىر يىراقلىقتا، ئىمارەتلەر خېلىلا شالاڭلاشقان بىر شەھەر ئەتراپى رايونىغا كەلدۇق. بىر قەۋەتلىك كەڭ ئۆي پەرۋىشسىز قالغان باغچىدىكى بىر - بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن دەل - دەرەخ، چاتقاللار، ئوت - چۆپلەر، قومۇشلار ئارىسىدا قالغان بولۇپ، سىرتتىن كۆرۈنمەيتتى. تاشقىرىقى ئىشىكتىكى قۇلۇپنى ئېچىپ، ئادىتى بويىچە ئەدەپ بىلەن بېلىمدىن تۇتۇپ، ئاۋۋال مېنى كىرىشكە تەكلىپ قىلدى. يۈرىكىم دۈپۈلدەپ كېتىۋاتاتتى. مېھمانخانىغا كىردۇق.

— نېمە ئىچىسىز؟ — سورىدى ئۇ.

ئۇنىڭ ياخشى كۆرىدىغىنىنى بىلىدىغانلىقىم ئۈچۈن:
— چاي ئىچەيلى، — دېدىم.
ئۇ چاي دەملەش ئۈچۈن ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى.
— ئۆيىڭىزنى ئارىلاپ باقسام بولامدۇ؟ — دەپ سورىدىم.
ئۇ ئاشخانىدىن جاۋاب بەردى:
— ھەئە، ئەلۋەتتە. . . بۇ سىزنىڭمۇ ئۆيىڭىز.
«مېنىڭمۇ ئۆيۈم» بولغان ئۆينىڭ ھەممە يېرىنى ئايلىنىپ چىقتىم. مېھمانخانىغا قارىدىم، ھۇجرىلارغا كىرىپ چىقتىم ھەتتا مۇنچا، ھاجەتخانىلارنىمۇ كۆرۈپ باقتىم. بۇ ھېچقانداق پەۋقۇلئاددىلىقى بولمىغان ئاددىي بىر ئۆي ئىدى. بېساتلىرى يا قىممەت باھالىق، يا ئالاھىدە ئەمەس يەنى ئوتتۇرا دەرىجىلىك زىيالىينىڭ ئۆيىدەك ئىدى. كىتاب جاۋىنىدە رەت - رەت تىزىلغان كىتابلار، تاملاردا رەسىملەر، لوڭقىلاردا گۈللەر، ئىشقىلىپ نەرسە - كېرەكلەر جاي - جايىدا ۋە رەتلىك ئىدى. ئۆينىڭ كۆزگە ئەڭ چېلىقىدىغان ئالاھىدىلىكى ئىش ئۈستەللىرىنىڭ كۆپلۈكى ئىدى ھەتتا دالانلاردىمۇ ئىش ئۈستىلى بار ئىدى. مېھمانخانىدا ئىككى ئىش ئۈستىلى تۇراتتى. لېكىن، ھەيكەلگە ئوخشاش بىر نەرسە كۆزۈمگە چېلىقمىدى.
چاي ئىچىۋېتىپ سەۋر قىلالماي سورىدىم:
— قېنى، قەيەردە؟
— نېمە قەيەردە؟
— ھېلىقى سىر ئېيتقان نەرسە، ئويما، قۇيما، شېئىرلارغا ئوخشايدۇ، دېگەن نەرسىڭىزچۇ. . .
— مانا بۇ يەردە، بۇ ئۆينىڭ ھەممە يېرىدە.
— كۆرەلمىدىم.
— كۆرۈنمەيدۇ - دە. . . ئۇ مېنىڭ يالغۇزلۇقىم. تا بۇگۈنگىچە بۇ ئۆيدە يالغۇزلۇقىمنى پەرۋىشلەپ، چوڭايتىپ، تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈشكە تىرىشتىم. مەن ھەر كۈنى تېخىمۇ گۈزەل-

لەشتۈرۈشكە تىرىشىۋاتقان يالغۇزلۇقىمنى باشقا ھېچكىم بىلەن ئورتاقلىشىشنى خالىمايمەن. ئۇنى ھەممە كىشىلەردىن قىزغىنىمەن. سىز ئۇنى كۆرەلمەيسىز. چۈنكى، يالغۇزلۇقىم ھېچقانداق نەرسىگە ئوخشىمايدىغان دەرىجىدە گۈزەل. ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى ئاۋازغا، بوياققا، گەجگە، پەردازلارغا ئوخشاتقىلى بولمايدۇ. ئۇنى يالغۇز ئۆزۈم ئۈچۈنلا جانلاندۇرۇۋاتىمەن. شۇڭا، ئۇنى يالغۇز ئۆزۈملا كۆرەلەيمەن، يالغۇز ئۆزۈملا تۇتالايمەن، ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز ئۆزۈملا سۆزلىشەلەيمەن ۋە يالغۇز ئۆزۈملا مۇھەببەتلىشەلەيمەن.

ئىچىمدە ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھېچ چۈشىنەلمىگەن گادىرماچ تەسەۋۋۇرلارنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم. بەدىنىم بوشىشىپ قول پۇتلىرىم لاسسىدە بولۇپ قالدى. يەتتە يىلدىن بېرى سۆيۈپ كېلىۋاتقان بۇ ئادەمنىڭ مۇشۇنداق بىر مەتو بولۇشى مۇمكىنلىكىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدىم. ئەمدى ئويلىنىشقا توغرا كەلدى. چۈنكى، رېئال تۇرمۇشتا كۆڭۈلدىكىدەك تەلتۆكۈس مۇكەممەل ئادەم چىقمايتتى.

ئۆزۈم ئولتۇرغان سافادا يەرگە پېتىپ كېتىۋاتقاندەك بولدۇم، قوللىرىمنى مىدىرلىتالمايتتىم، ئاغزىمنى ئاچالمايتتىم، ھەتتا يىغلىيالمايتتىم. لېكىن، ئۇ بۇ ئۆيدىكى يالغۇزلۇقىنى تولىمۇ ھاياجان بىلەن تەسۋىرلەيتتى. ھاياتىمنىڭ ئاتمىش يىلىنى سەرپ قىلىپ ياراتقان يالغۇزلۇقى تەڭدىشى يوق نادىر ئەسىرى ئىدى. ئەمدىلىكتە ئۇنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈشكە تىرىشىۋاتاتتى ۋە بۇ گۈزەل يالغۇزلۇقىنى ھېچكىم بىلەن ئورتاقلىشىش خىيالى يوق ئىدى.

ئۆزۈمنى مەجبۇرلاپ:

— نېمە ئۈچۈن شۇنداق؟ — دەپ سورىدىم.

— چۈنكى، — دېدى ئۇ، — دۇنيادا مېنى يالغۇزلۇقىمدىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرىدىغان ھېچكىمىم يوق. يالغۇزلۇقىم

مېنى ھېچ بەدەلسىز سۆيىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن قانداق بولسام شۇنداق سۆيىدۇ، ئۇ ھەممىشە ئەپۇ قىلغۇچى بولدى: مېنى سۆيىگەن ۋە مەن سۆيگەنلەرنىڭ ھەممىسى ھەر قېتىم مېنى تاشلاپ كەتكەندە، ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلدىم، ھەر بىر ۋاپاسىزلىقتا ئۇچرىغىنىمدىمۇ شۇنداق بولدى. مەن ئۇنى تاشلىۋەتكەن ۋە ئۇنىڭغا ۋاپاسىزلىق قىلغان چاغلىرىمدىمۇ ئۇ مېنى ئەيىبلىمىدى، بەلكى، مېھرىبان ئانىدىن چارە قوغدىدى، گۇناھلىرىمنى زادى يۈزۈمگە سالمىدى، ھېچ ئىشنى بېشىمغا ئاتمىدى. . .

ئۇ يالغۇزلۇقنى گويا تىرىك ئادەمدەك قىلىپ تەسۋىرلەيتتى، تەسۋىرلىگەنسېرى ھاياجانلىناتتى. قارىغاندا، قەدىردانلار ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىر - بىرىنى ئۇچىسىدىكى كىيىملىرىدەك كونىرىتىدىكەنۇ، لېكىن يالغۇزلۇقى بىلەن بولغان ئالاقىسى زادى كونىرىماي، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تېخىمۇ يىڭىلىنىدىكەن. يالغۇزلۇقى بىلەن زادى جېدەللەشمەيدىكەن. ئۇ سۆزلىگەنسېرى شۇنداق ھاياجانلاندىكى، مەن زادى ئاڭلاپ باقمىغان يۇقىرى ئاۋازدا:

— سىز بۇ يەردىكى يالغۇزلىقىمنى بايقىيالمايسىز، — دېدى، — قاراڭ، ھەر جايدا يالغۇزمەن. كىتابلىرىمنىڭ ۋاراقلىرىدا، ئۇ ۋاراقلارغا يازغان خاتىرىلىرىمدە، خەتلەر يېزىلغان پۇتۇن قەغەزلىرىمدە، ئەينەكلەردە، چىنە - قاچىلاردا، رەسىملەردە ۋە بارماقلىرىم تەگكەن ئېلېكتر چىراغلىرىنىڭ ئۇزچاتلىرىدا، ئىشىكنىڭ ھالقىلىرىدا، ئىستاكانلاردا. . . مېنى سۆيگەنلەرنىڭ ھېچبىرى مېنى يالغۇزلۇقۇمدىنمۇ زىيادە سۆيەلمىدى. ئۇ مېنى شۇ قەدەر سۆيىدىكى، ئاغرىپ قالغان ۋاقتىمدا مەن بىلەن بىللە، مەن ئاغرىغاندا ئۇمۇ ئاغرىيدۇ، مەن ئۆلگەندە ئۇمۇ مەن بىلەن بىللە ئۆلىدۇ.

مەنمۇ ئۇنىڭ كەيپىياتىغا ماسلىشىپ:

— يالغۇزلۇقىڭىزنى مەندىنمۇ بەكرەك سۆيەمسىز؟ — دەپ

سوريدىم.

— شۈنداق، سىزنى ئىشەندۈرەلىشىم ناتايىن. ياش بولغان بولسام، يالغۇزلۇقىمنى نېرى چۆرۈۋېتىپ سىز بىلەن بىللە بولاتتىم. چۈنكى، ياشلىقىمدا بىر - بىرىمىزدىن زېرىككەن چاغلاردا يېگۈۋاشتىن يالغۇزلۇققا قايتىشقا، ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىشقا مەجبۇر بولىدىغانلىقىمنى بىلمەيمەن. لېكىن، بۇ قۇرامىمدا شۇنداق بولۇشنى چۈشەندىم، نۇرغۇن سىناقلار داۋامىدا بۇنى بىلدىم، — دېدى.

— ئەمدى مەن قايتاي. . . — دېدىم ئاۋازىم بوغۇلۇپ.

— بۇ سىرىمنى بىلىۋالغاندىن كېيىن مېنى تاشلىۋېتىدىغانلىقىڭىزنى بىلەتتىم. شۇڭا، سىزنى يالغۇزلۇقىم بىلەن تونۇشتۇرۇشنى خالىمايتتىم. . . — دېدى ئۇ.

مەن بۇ ئادەمنى شۇنداق ياخشى كۆرگەنىدىمكى ھەتتا ئۇرۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان كېسەلمەن ئانىسى، باشقا بىر خوتۇنى، ناھايىتى ياخشى كۆرۈدىغان ھەر قانداق بىر نەرسىسى، ئوخشاش جىنسلىق ھەمراھى بولغان تەقدىردىمۇ بىللە ئۆتۈشكە رازى ئىدىم. لېكىن، ئۇنىڭ يالغۇزلۇقى بىلەن ئورتاقلىشىشقا رازى بولالمايتتىم. ھالبۇكى، ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن يالغۇزلۇققا مەنسۇپ ئىدى.

ئورنۇمدىن تۇردۇم. بىز بىردىنلا ياتلىشىپ قالغانىدۇق. قولۇمنى ئۇزاتتىم. بۇرۇن ھېچقاچان سۆيۈشمەستىن بۇنداق قول سىقىشىپ خوشلاشمىغانىدۇق. ئۇ ئۇزاتقان قولۇمنى سىقتى، ئاندىن قۇچاقلىدى. سۆيۈشتۇق. ئىككىلىمىزنىڭ لەۋلىرى مۇزدەك سوغۇق ئىدى. مېنى ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويماقچى بولۇپ خېلى زورلىدى، ئۆزۈم يالغۇز كېتىشتە چىڭ تۇردۇم. ئۇ ئادىتى بويىچە قولۇمنى سۆيۈپ مېنى پىكاپقا ئولتۇرغۇزدى. بىر - بىرىمىزگە قول پۇلاڭلىتىپ خوشلاشتۇق. يولدا كېتىۋېتىپ شۇنداق يىغلىدىمكى، پىكاپنىڭ ئالدى ئەينىكىگە يامغۇر چۈشۈ-

ۋاتقاندەك، ئالدىمنى كۆرەلمەي قالدىم.
ئۆيگە كەلگەندە يالىڭاچلىنىپ ئورۇنغا كىردىم ۋە يىغلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا تېلېفون قىلدىم.
— سىزنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن. بىراق سىزنىڭ يال-غۇزلۇقىڭىزغا ئورتاق بولالمايدىغانلىقىمنى چۈشەندىم... — دې-دىم.
ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ يىغلامسىراپ چىقتى.
— مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلەتتىم، — دېدى ئۇ.
ئاندىن ئورنۇمدا يالغۇزلۇقىمنى قوچاقلاپ ياتتىم. ئۇنىڭدىن كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگەنگەنىدىم. بۇنىڭدىن كېيىن مەنمۇ يالغۇز-لۇقىمنى تىنىماي گۈزەللەشتۈرۈشكە تىرىشىمەن.
شۇنىڭدىن كېيىن بىز قايتا كۆرۈشمىدۇق.
ئۇنى شۇنداق ياخشى كۆرەتتىمكى... ياخشى كۆرەتتىم ئە-مەس، ئۇنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىمەنكى... ئۇ بولسىمۇ مې-نىڭ باشقىلار بىلەن ئورتاقلىشالمايدىغان يالغۇزلۇقۇم.

# ئۆمۈر بەيگىسىدىكى ئارامگاھ

ئۇ ئۆز - ئۆزى بىلەن سۆزلىشىۋاتاتتى. ئۆزىدىن سورىدى:
— كىشىلەر قايسى ۋاقىتتا ھەممىدىن بەكرەك يالغۇز قالىدۇ؟

ئۆزى جاۋاب بەردى:
— ئالەمدىن ئۆتكەندە، چۈنكى ئۇ چاغدا ھېچكىم ئۇنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇۋېلىشقا ياردەم بېرەلمەيدۇ. بولۇپمۇ دارغا ئې- سىلىپ، ئوققا تۇتۇلۇپ، توك ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇلۇپ، جادۇغا بېسىلىپ ياكى قىلىچلاپ ئۆلتۈرۈلگەنلەر تېخىمۇ يالغۇز قالىدۇ.

— كىشىنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ يالغۇز قالىدىغان چاغلى- رى بار، — دېدى يەنە ئۆزى.

— قايسى چاغلار؟ — دەپ سورىدى ئۆزىدىن.

ئۆز سوئالىغا ئۆزى جاۋاب بەردى:
— بىر كىشىنىڭ چوڭ زاللاردا، مەيدانلاردا مىڭلىغان كى- شىلەرگە نۇتۇق سۆزلەپ قىزغىن ئالقىشلانغان ۋاقتى ئەڭ يالغۇز قالغان ۋاقتى بولۇپ، ئاڭلىغۇچىلار قانچە كۆپ بولسا، ئالقىشلار قانچە قىزغىن بولسا، سۆزلىگۈچىنىڭ يالغۇزلۇقىمۇ شۇنچە ئالا- ھىدە بولىدۇ. چۈنكى سۆزلىگۈچى ئاڭلىغۇچىلار قوبۇل قىلمايدى- غان نۇتۇق سۆزلىسە ياكى سۆزلىگەن ۋاقتى ئۇزىراپ كەتسە، ئالقىشقا كۆتۈرۈلگەن قوللار ئالقىشنى توختىتىش ئۈچۈنمۇ كۆتۈ- رۈلۈشى مۇمكىن.

— كىشىلەرنىڭ يۇقىرىقىلاردىنمۇ بەكرەك يالغۇز قالىدىغان چاغلىرىمۇ بولىدۇ، — دېدى ئۇ يەنە ئۆزىگە.

— شۇنداق، — دېدى ئۆزى، — مەسىلەن، ئىنسان يارى-تىلغاندا ئەڭ يالغۇز ئىدى. دېمەك، ئادەم يارالغاندىمۇ ئۆلگەن ۋاقتىدىكىدەك يەككە - يېگانە بولىدۇ.

ئۆزى ئۆزىگە شۇنداق قوشۇمچە قىلدى:

— مېنىڭچە، بۇ يالغۇزلۇقلارنىڭ ئەڭ يالغۇزى مارافونچە يۈگۈرگۈچىلەردۇر. چۈنكى ئۇلار ۋاقىت ۋە مۇساپىنىڭ يالغۇزلىرىدۇر.

ئۆزىنىڭ بۇ چۈشەنچىسىگە ئۆزى قارشى چىقتى:

— مارافونچە يۈگۈرۈش مۇساپىسى قانچىلىك ئۇزۇن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاخىرقى پەللىسى بار. ئاخىرقى پەللىگە يېتىپ بارغان مارافونچى يالغۇزلۇقتىن قۇتۇلىدۇ. ئاخىرقى پەللىگە بارالماي، يېرىم يولدا قالغانلار بولسا. . .

— مەن، — دېدى ئۇ ئۆز سۆزىنى بۆلۈپ، — ئۆمۈر مۇساپىسىدە مارافونچە يۈگۈرگۈچىنى دەۋاتىمەن. ئۆمۈر مۇساپىسىنىڭ ئاخىرقى پەللىسى ئۆلۈم بولۇپ، ئۇ پەقەت ئۆلۈم بىلەنلا ئاخىرلىشىدۇ. ئۆلۈم مارافونچىلىرى ھاياتلىق مۇساپىسىدە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆز يالغۇزلۇقلىرىنى يېتىپ يۈگۈرۈشكە مەھكۇم. چۈنكى ئۇلارنىڭ يالغۇزلۇقى ئاسانلا ئۆتۈپ كەتكىلى بولىدىغان بىر مۆھىت ئەمەس. ئۇ ئۆز يالغۇزلۇق تېغىنىڭ گرانىت تېشىنى يېرىپ ئۆتۈش جەريانىدا ئۆزىنى خورىتا - خورىتا ئۆلۈمگە قاراپ يۈگۈرىدۇ.

بۇ سۆزنى قىلغۇچىنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئۆمۈر مارافونچىسى ئىدى. ئۇ ئۆز - ئۆزىدىن سورىدى:

— ئۆمۈر بويى زادى ئارام ئالماي يۈگۈرۈۋاتامسەن؟

ئۆزى جاۋاب بەردى:

— گاھىدا كۆڭۈللۈك ئارام ئالىدىغان چاغلىرىم بولىدۇ. يەنە شۇنداق كۆڭۈللۈك ئارام ئالغۇم بار، مەسىلەن، بۈگۈن كېچە. . .

بىر قەدىمىي ئىمارەتنىڭ ئىگىز تورۇسلىرى نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن خانىسىنىڭ كەڭتاشا يۈيۈنۈش ئۆيىدە، ئۇ تام ئەينەككە قاراپ ساقال چۈشۈرۈۋېتىپ، ئۆز ئۆزى بىلەن مانا شۇنداق سۆزلىشەتتى. دېمىسىمۇ ئۆزۈندىن بېرى ئۇ بىر كۆكۈللۈك ئارام ئېلىشنى ئويلاپ يۈرەتتى. دەرۋەقە پۈتۈن ئۆمۈر مارافونچىلىرىدەك، ئۇمۇ ناھايىتى ھارغىن ئىدى. ھارغىنلىقتىن ئۆلۈم ئىلكىگە چۈشۈپ، مۇسابىقىدىن قېپقېلىشتىن ئىلگىرى بىر كۆكۈللۈك ئارام ئېلىۋالغۇسى بار ئىدى، ئەلۋەتتە.

— بۇنىڭدىن بۇرۇن زادى كۆكۈللۈك ئارام ئالغانمىدىڭ؟

سوئال سورىغۇچى ئۆزىگە ئۆزى جاۋاب بەردى:

— ئالغان... ھەتتا بىر قانچە قېتىم... ھەر بىر كۆكۈللۈك ئارام ئېلىشنى ئۆزۈمگە ئاخىرقى بېكەت دەپ قارايتتىم، ئۇ ئاخىرقى بېكەتتە مۇسابىقىنى ئاياغلاشتۇرىمەن دەپ ئويلايتتىم...

— نېمىشقا ئاياغلاشتۇرمىدىڭ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئۆزىدىن.

— چۈنكى، - دېدى ئۇ جاۋابەن — مېنىڭ ئاخىرقى بېكەت دەپ قارىغانلىرىمنىڭ ھېچقايسىسى ئاخىرقى بېكەت بولۇپ چىقمىدى. ئۇ كۆكۈللۈك ئارام ئېلىشلارنىڭ مېنى مارافونچە يۈگۈرۈش مۇسابىقەمدە كېچىكتۈرۈشتىن باشقا رولى بولمىدى. كېچىككەن ۋاقتىمنى، ئارقىدا قالغان مۇساپەمنى تولدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن بۇرۇنقىدىنمۇ تېز يۈگۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇم. لېكىن قەلبىمدە ھەمىشە شۇ ئاخىرقى بېكەتنى تېپىشنى مەقسەت قىلغان بىر كۆكۈللۈك ئارام ئېلىش ئۈمىدى بار. كۆكۈللۈك ئارام ئېلىشىم ئۈچۈن ماڭا ئاخىرقى بېكەت بولىدىغان بىر سۆيگۈ گۈلىستانى كېرەك. مانا بۇ كېچىدىن ئاشۇنداق بىر ئۈمىد كۈتمەكتىمەن. ماڭا كۆكۈللۈك ئارام بەخش ئېتىدىغان ئاخىرقى بېكەتنى تېپىش ئۈچۈن ھېچقاچان بۇنچە ئۈمىدۋار بولمىغانىدىم.

ئۇ شەھەرنىڭ ئەڭ كاتتا رېستورانلىرىدىن بىرىگە كەچلىك زىياپەتكە تەكلىپ قىلىنغانىدى. زىياپەتتە ئادەم كۆپ ئەمەس، پەقەت سەككىز - ئون كىشىلا بولاتتى. ئۇ بۇ زىياپەتتە كىملەر بىلەن ئۇچرىشىدىغانلىقىنى بىلمەيسىمۇ، كۆڭلىدە ھەر ھالدا ئۆزگىچە كۆڭۈللۈك ئارام بېغىشلايدىغان بىر ئاخىرقى بېكەتنى تېپىش ئۈمىدى بار ئىدى. تام ئەينەكنىڭ ئالدىدا يۈزىنىڭ تېرىسىنى پوستۇمبىدەك قىرىشىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ ئىدى. يۈزى ئەينەكتەك پارقىراپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى. بىراق ئويلىمىغان يەردىن. . . قاراڭلار، بۇ كېلىشمەسلىكنى. . . قاچانكى ساقىلىنى ھەۋەس بىلەن قىرىسىلا يۈزىنى كېسىۋالاتتى. ئاققان قاننى زەمچە بىلەن توختىتىشقا تىرىشتى، ئاندىن ئەينەكتە چىرايىنى ئىنچىكىلەپ كۆزىتەتتى. قوشۇمىسىدا ئالاھىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان سىزىقچىلاردىن، كۆز ئاستى قاپاقلىرىنىڭ ئىششىقسىمان ساڭگىلىشىدىن، ئېڭىكى ئاستىدا ساڭگىلىغان بويۇن تېرىلىرىدىن، كۆز جىيەكلىرىدىكى پۈرۈكلەردىن، ئاغزىنىڭ ئىككى يېقىدىكى چوڭقۇرلاشقان قورۇقلاردىن نارازى بولدى. لېكىن ئاق چاچلىرىدىن زادىلا ئاغرىنمايتتى، ئەكسىچە بۇ ئاقارغان چاچلىرىغا ھەۋىسى كېلەتتى. ئۇ چاچلارنى ئاقارتقۇچە ئاز ئەجىر قىلمىغان ۋە بۇ چاچلار ئاسان ئاقارمىغان ئىدى. قۇلاقلىرىدىكى ئۆسۈپ كەتكەن تۈكلەرنى موچۈن بىلەن يۇلۇۋېتىپ تىلىنى چىقارغانىدى، ئەينەكتىكى شولىسىمۇ تىلىنى چىقاردى. چىرايىغا ھەر خىل شەكىللەرنى بېرىپ، ئەينەكتە ئۆزىنى تاماشا قىلدى. ئاندىن ھوجرىسىغا كىرىپ، تارىنىش ئۈستەلىنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى. لىمون سۈيىگە چىلانغان پاختا بىلەن يۈز، بويۇن، قۇلاق، گەدەنلىرىنى سۈرتتى. پاكىز ئىچ كىيىم، يېڭى پايپاقلارنى كىيدى. كىيىم ئىشكاپىنى ئېچىپ كۆڭلەك ۋە گالىستۇك تاللىدى. بۇ ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقىنىدا، ئىختىيارسىز ھالدا ئاغزىغا كىرىپ قالغان ۋە قايتا ئېيت دېسە ئېيتالمايدىغان ناخشىلارنى غىڭشىپ

ئېيتتى. بۈگۈن كېچە ئۇ ئەڭ ئېسىل كىيىملىرىنى، يېڭى شىبلىتىنى كىيىشى كېرەك ئىدى. ئاخىرىدا ئەينەكنىڭ ئالدىدا ئىشتىياق بىلەن چاچلىرىنى تاراپ، ئۇياق - بۇ يېقىغا قاراپ يەنە ئۆزىگە قاراپ تىلىنى چىقاردى، قاش - كۆزلىرىنى ئويناتتى.

ئۇ شۇقەدەر تەييارلىق قىلدىكى، گويا بۈگۈنكى كەچلىك زىياپەتتە ئۆزىگە كۆڭۈللۈك ئارام بېغىشلايدىغان ئاشۇ ئاخىرقى بېكەتنى جەزمەن تاپىدىغاندەك تۇراتتى.

كوچىغا چىققاندا ئۆزىنى تېتىك، بويى ئېگىزلەپ، بەستى يوغىناپ قالغاندەك، قورساق سالغاندەك ھېس قىلدى.

رېستۇرانغا بېرىش ۋاقتى تېخى بالدۇر بولغاچقا، ۋاقىتنى يولدا ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن پىيادە ماڭدى. قەلبىدە ئۇرغىغان يېقىملىق ھېسسىياتلار كوچىدا ئۆتۈشۈۋاتقان كىشىلەرنىمۇ گۈزەللەشتۈرەتتى. ھەممە كىشى ئۇنىڭغا گۈزەل كۆرۈنەتتى. ھالبۇكى، باشقا چاغلاردا بولسا، كوچىدىكى بۇ ناتونۇش كىشىلەر ئۇنىڭغا ئاجايىپ سەت كۆرۈنەتتى. بۈگۈن ئۇنىڭ ئەكسىچە بۇ سەتلەرنىڭ ھەممىسىلا گۈزەللىشىپ كەتكەنىدى. بىردەم ئىسقىرتسا، بىردەم ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ، ئۆزى بىلەن ئۆزى نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنىمۇ سەزمەي سۆزلىشەتتى. بىر ھازادا ئېسىگە كېلىپ، نېمە دەۋاتقىنىنى بىلىپ قالغىنىدا، بىرى ئاڭلاپ قالدىمىكىن دەپ ئەتراپىغا قاراشتۇراتتى.

رېستۇراننىڭ ئالدىغا ۋەدە قىلىنغان ۋاقىتتىن ئون مىنۇت كېچىكىپ باردى. دەرۋەقە، بىر ئاز كېچىكىپ بارغانمۇ تۈزۈك دەپ قارايتتى. ئاۋۋال توك بىلەن ماڭىدىغان پەلەمپەيدە، ئاندىن لىفت بىلەن بىنانىڭ ئۈگزىسىگە چىقتى. ساھىبخان ئالدىغا كېلىپ كۈتۈۋالدى. ئۈستەلدە ئىككى ئايال، ئون بىرچە ئەر چۆرىدەپ ئولتۇرۇشاتتى، ئۇلارمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئۇنى قارشى ئېلىشتى.

كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىغان، لەۋلىرىدىن تەبەسسۇم يېغىپ

تۇرغان، چاچلىرى يەلپۈنۈپ، تىرناقلىرى يالتىراپ، چىشلىرى سەدەپتەك پارقىراپ تۇرغان ياشقىنە ساھىبخان ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ:

— سىزگە ئورۇن ساقلاپ قويغانىدىم، يېنىمغا مەرھەمەت قىلغايسىز، — دېدى.

بۇ ياش خانىمنى ئۇ خېلىدىن بېرى تونۇيتتى. ئۇ گۈزەل، زېرەك ۋە مەدەنىيەتلىك ئايال ئىدى.

بۇ ئۈلۈمتۈك ئۈمۈر مارافونچىسى ئۆز كۆڭلىدە كۆڭۈللۈك ئارام بەخش ئېتىشنى ئارزۇ قىلغان ئاخىرقى بېكەت مۇشۇ ياش خانىمىدۇ يا؟ بۇگۈن كېچە ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈمىدى بەلكىم بوشقا كەتمەس. . . بايىقى ئىشتىياق بىلەن ياسىنىشلار، قەلبىنى ھاياجانلاندۇرغان قانداقتۇ تىنىمسىز ئارزۇلار، يولدىكى جۇشقۇنلۇق ۋە خۇشاللىقلار، كوچىدىكى ناتونۇش كىشىلەرنىڭ گۈزەل كۆرۈنۈشلىرى بىكار ئەمەستۇ. . .

گەرچە ئۇ بۇ ياش خانىمنى خېلىدىن بېرى تونۇسىمۇ، بىراق ئۇنىڭغا ئېرىشەلىمگۈدەك دەرىجىدە بىر - بىرىدىن يىراق جايلاردا تۇرۇشاتتى.

ئۇلار ئۆگزىدىكى لەمپە ئاستىغا قويۇلغان ئۇستەللەردە ئولتۇرۇشاتتى. ئاسماندىكى يۇلتۇزلار ئۇلار ئولتۇرغان ئۆگزىنىڭ تورۇسىنى زىننەتلەش ئۈچۈن ئالاھىدە ئېسىلغان چىراغلاردەك كۆرۈنەتتى. قولنى ئۇزارتسا تۇتۇۋالغۇدەك يېقىندا كۆرۈنگەن يۇلتۇزلار كىم بىلسۇن، ئۇلاردىن قانچە نۇر يىل يىراقتىدۇ. يېقىنىدىكى چاچلىرى، لەۋلىرى، كۆزلىرى، تىرناقلىرى، چىشلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇرغان گۈزەل ياش خانىممۇ شۇنداق ئىدى. گويا ئۇ كەل دېسە قولغا قونىدىغان قۇش بالىسىدەك يېنىدىلا تەلپۈنۈپ تۇرسىمۇ، خۇددى يېقىندىلا كۆرۈنگەن ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردەك قول يەتمەس يىراقلىقتا ئىدى.

ئۇ بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپلا قولى يەتمەيدىغان شاپتۇلغا

قول ئۆزىتىشقا خۇشتار ئىدى، ھەرگىزمۇ قولى يېتىدىغان يەر-لەردىكى گۈللەرگە قول ئۇزارتقۇسى كەلمەيتتى. مايچېچەك، لەيلىقازاق، رەيھانگۈللەر ھەر قانچە گۈزەل بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزۈش تەس بولغان ئېگىز دەرەختە ئۆسىدىغان ماگنولىيە، ئەر-گۇۋانلارنى ئۈزگۈسى كېلەتتى، ھەتتا قولغا كەلتۈرۈش تەسلا ئەمەس، بەلكى مۇمكىن بولمايدىغانلارنى ئارزۇ قىلاتتى. ھەددى-دىن زىيادە قايناق ھېسسىياتى قول يەتمەيدىغان يىراقلاردىكى گۈزەللىكلەرگە يەنى ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا تەلپۈنەتتى. مۇبادا ئاسماندىكى ئۇ يۇلتۇزلارنى دېڭىز ساھىلىدىكى شېغىل تاشلاردەك كۆز ئالدىدا كۆرسە، بەلكىم ئۇلارنىمۇ بۇنچە قايناق ھېسسىيات بىلەن سۆيمەس ئىدى.

ھالبۇكى، كۆزلىرى، چاچلىرى، لەۋلىرى، تىرناقلىرى، چىشلىرى يۇلتۇزدەك نۇر چاقناپ تۇرىدىغان گۈزەل ياش خانىم-نىڭ نەزىرىمۇ خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش قول يەتمەيدىغان يەرلەردە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئۇلار ھەر ئىككىلىسى بىر تىپتىكى كىشىلەر بولسىمۇ، بىراق ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا يەنىلا پەرق بار ئىدى. ئۇ گۈزەل خانىمنى تېخى قولغا كەلتۈرەلمەيۋاتقان چاغلار-دا، ئۇنىڭدا بۇ خانىمغا نىسبەتەن ئوتتەك ئىشتىياق قوزغالغان بولسا، ئۇنى قولغا كەلتۈرگىنىدە، ئۇ ئەمدى ئالىقىنىدىكى ئادەت-تىكى بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قېلىپ، بۇرۇنقى جەزبىدارلىقىنى يوقىتاتتى. ئۇ خانىممۇ ئادەتتىكى ئەرلەرنى ياقتۇرمايتتى. مەڭگۈ ياقتۇرۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ سۆيىدىغىنى ھەرگىز ئادەتتىكىلەردىن بولماسلىقى كېرەك ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇ گۈزەل خانىمنىڭ تۇنجى ئاشىقى ئۆزىدىن خېلىـى چـوڭ، ئـۆيلۈك ـ ئـوچاقلىق، بالا ـ چاقىلىق، ئۇنىڭ ئۇستىگە كۆپ ئىشلارنى بىلىدىغان بىر قاقۋاش ئىدى. ئۇ ئەمدىلا بويىغا يەتكەن ياش قىزلار قاتارىغا قەدەم قويغاندا ئاشىق بولغان بۇ ئەر يېشى، تەجرىبىسى، سەرگۈزەشت-لىرى بىلەن ئۇنىڭدىن شۇنچە يىراق ئىدىكى، بۇ قول يەتمەيدىغان

يىراقلىق ياش قىزنى ئەقلىدىن ئازدۇرۇپ قوياي دېگەندى. ئۇ ئەڭ يىراقتىكىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك ئىدى.

قىز ئۇنىڭغا داۋاملىق يېقىنلىشىشقا تىرىشتى. ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا مۇۋەپپەق بولدى يەنى بۇ ئادەم بىر چاغلاردا بالا دەپ قارىغان گۈزەل قىزغا ئەسىر بولغاندى. بۇ قىز بىلەن بىللە بولۇش ئۈچۈن ئۇ ھەرقانداق بەدەل بېرىشكە تەييار ئىدى. ياق... ئۇ ئەمدى قولغا كەلمەيدۇ دەپ قارىغان قىزنىڭ ئالقىنىدا ئىدى. دەرۋەقە ئۇ بۇ قىزنى قولغا كەلتۈرگەن ھامان ئۇنىڭدىن ۋاز كەچكىنىدەك، بۇ قىزمۇ بىر چاغلاردا زور ئىشتىياق بىلەن تەمە قىلغان بۇ ئەرنىڭ ئەمدى ئۆزىدىن يىراق جايدا تۇرىدىغان ئادەتتىكى بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى سېزەتتى. ئۇنىڭ ياقتۇرىدىغىنى قانچە يىراقتا بولسا، ئۇنى شۇنچە مۇكەممەل دەپ قارايتتى. مۇكەممەل دەپ قارىغىنى چاڭگىلىغا كىرگەندە، ئۇنىڭ كەمچىلىكلىرى، خاتالىقلىرى ھەتتا رەزىللىكلىرى نامايان بولۇپ، ئۇنىڭدىن سوۋۇيتتى.

ھازىر زىياپەت ئۈستىلىدە يېنىدا ئولتۇرغان بۇ ئادەممۇ نۇرغۇن سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يىراقتىكى قولغا كەلمەيدىغانلاردىن بىرى ئىدى.

ھەر ئىككىلىسى يىراقتىكىلەرنىڭ ئەسىرى ئىدى.

ئۇلار پاراڭلىشىۋاتاتتى. تاغدىن – باغدىن سۆزلىشەتتى، ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق كۈلۈشەتتى. بۇ ئادەم ئەر بىلەن ئايالنىڭ كەلسە – كەلمەس ئەھمىيەتسىز ئىشلار ۋە كۈلۈش زادى ھاجەتسىز نەرسىلەرگىمۇ ئىنتايىن ھاياجان بىلەن كۈلۈۋېرىشىنى سۆيگۈ مۇقەددىمىسىنىڭ ئىپادىلىنىشى دەپ بىلەتتى.

بۇ ئادەم يەنە بىر قولى يەتمەيدىغان شاپتۇلغا قول ئۇزارتقانمىدۇ؟ ھە، دەل شۇنداق. بۇ گۈزەل ياش خانىم ئۇنىڭغا كۆڭۈلۈك ئارام بېغىشلايدىغان ئاخىرقى بېكەت بولسا كېرەك.

بالىلىق چاغلار ياكى ياتاقلىق مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىل

لەر بولسىغۇ باشقا گەپ. . . بىراق، بۇ دەملىك بولغاندا بۇ نېمە-دېگەن ھەيران قالارلىق كىشىنىشىش ـ ھە؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يېشىدا قانداقلارچە بالىلىق چاغلىرىدىكى غوۋغالىرىنى ئەسلەپ قالغاندۇ؟ ھەر ھالدا ئۇ چاغلاردا كوچى يېتىدىغان، ئۆزىدىن ئاجىزلار بىلەن ھېچقاچان غوۋغالاشمايتتى. كوچى يەتمەيدۇ دەپ قارىغانلار بىلەن بولسا غوۋغالىشىشتىن زادى يانمايتتى. . .

كۆزلىرى، چاچلىرى، لەۋلىرى، تىرناقلىرى، چىشلىرى نۇر چاقناپ تۇرىدىغان خانىم يېنىدىكى ئەپەندىگە «قۇش» دېسە، ئۇ ئادەممۇ «قۇش» دەيتتى، ئاندىن ئىككىلىسى كۈلۈشەتتى.

ئۇ ئادەم يېنىدىكى خانىمنىڭ قولىنى تۇتۇپ، «بۇلۇت» دېسە، خانىممۇ «بۇلۇت» دەيتتى، يەنە كۈلۈشەتتى. خانىم ئۇ ئەپەندىگە سوقۇلۇپ، «بېلىق» دېسە، ئۇ ئەپەندىمۇ «بېلىق» دەيت-تى.

ئەر «ھەئە» دېسە، ئايالمۇ «ھەئە» دەيتتى، ئايال «ياق» دېسە ئەرمۇ «ياق» دەيتتى ۋە توختىماستىن كۈلۈشەتتى.

ئۇلار نېمىدېگەن ماسلاشقان ـ ھە؟ . . ئۇ ئادەم ئويلىدى-كى، بۇرۇن ئۇمۇر مارافونىدا ئۆزىگە كۆڭۈللۈك ئارام بېغىشلاي-دىغان ئاخىرقى بېكەت دەپ قارىغانلىرىنىڭ ھېچقايسىسى بۇنداق بولۇپ چىقمىغانىدى. مەسىلەن، ئۇ ئۇلارغا «قۇش» دېسە، ئۇلار «بېلىق» دەيتتى. ئۇلار «گۈل» دېسە، ئۇ «يوپۇرماق» دەيتتى. ئۇ «دېڭىز» دېسە، ئۇلار «ئاسمان» دەيتتى.

بۇ ئىككىيلەن شۇ قەدەر بەختىيار ۋە بىر ـ بىرىگە شۇ قەدەر ھېرىس ئىدىكى، ھەر ئىككىلىسى ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ كۈلۈشەت-تى، ئوخشاش نەرسىلەرنى ئويلاپ، ئوخشاش نەرسىلەر توغرىسىدا ئاجايىپ قىزغىن سۆزلىشەتتى.

ئۇلارنىڭ بۇنداق كۆپ ئىچىشى ۋە بۇنداق مۇڭدىشىپ كۈلۈ-شۈشلىرى بەلكىم ۋۇجۇدىدىكى ئىجتىمائىي بېسىمنى ئۇنتۇپ، ئۆز ھەۋەسلىرى بىلەنلا بولۇش ئۈچۈن بولسا كېرەك.

ئۇلار رېستورانىدىن ناھايىتى كەچ قايتىپ، تاكسىغا ئولتۇر-
دى. ياش خانىمنىڭ قولى ئۇ ئادەمنىڭ ئالقىنىدا ئىدى.
— ئىنتايىن خۇشالمەن... — دېدى ئۇ ئادەم.
— مەن سىزنى خېلى يىللاردىن بېرى ياخشى كۆرۈپ كەل-
گەنىدىم... — دەپ جاۋاب قايتۇردى خانىم.
ئۇلار سۆيۈشكەندە، ئۇ ئادەم بۇرۇن زادى سۆيۈشۈپ باقمى-
غاندەك، ھاياتىدا تۇنجى سۆيۈشنىڭ تەمىنى تېتىدى. قۇچىقىدىكى
خانىمنىڭ چاچلىرىنى سىلىغىنىدا، ئالقانلىرى ئۇنىڭ چاچلىرى-
دىكى ھارارەت بىلەن ئىللىدى. خانىم، «سىزنى سۆيىمەن»
دېگەندە، ئۇ ئادەمنىڭ كۆزلىرى، لەۋلىرىدە ئوت چاقناپ كەتتى.
ئۇلار ئەتىسى كۆرۈشۈشكە ۋەدىلەشتى.
ئاخىرقى بېكىتنى تاپقىنىغا قەتئىي ئىشەنگەن ئۇمۇر مارا-
فونچىسى تۇن يېرىمىغىچە ئۆيىگە كىرمىدى، چۈنكى ئۇ بەختىيار-
لىق، خۇشاللىق ۋە گۈزەللىكلەرگە شۇنداق غەرق بولغان ئىدى-
كى، قىن ـ قىنىغا سىغماي قالغانىدى. كەيپى ئۆرلەپ قالغاچقا
كوچىدا ئۇيان ـ بۇيانغا ئىرغاڭلاپ، يا مېڭىۋاتقىنىنى، يا ئۇچۇ-
ۋاتقىنىنى بىلمەيتتى. بەزىدە بىرەر نەرسىگە سوقۇلۇپ دەلدەڭ-
شىپ كېتەتتى، ئاياغلىرىغا بىر نەرسىلەر پۇتلاشقاندەك بولاتتى.
باش ـ ئايىغى يوق ناخشىلارنى ئېيتاتتى. بۇ ناخشىلار ئۇ تۇنجى
قېتىم ۋە ئاخىرقى قېتىم ئېيتقان ھەمدە ئۆزىدىن باشقا ئاڭلىغۇ-
چىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈنمۇ، دۇنيادا ئەڭ ئېسىل ناخشىلار ئىدى
ۋە بۇ مۇھەببەت ناخشىلىرىنى ئۆزىمۇ قايتا تەكرارلاپ
ئېيتالمايتتى.
ئۇ تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغان سەھەر ۋاقتىدا ئاندىن
ئۆيىگە كىردى.
شۇ كېچىدىن كېيىن ئۇ خېلى كۈنلەرگىچە ئۆزى قۇراشتۇر-
غان چۆچەكلەر ئالىمىدە ياشىدى. ھېلىقى خانىم بىلەن زادى
قانچىلىك ۋاقىت بىللە بولۇشقىنىنى بىلەلمىدى. بەلكىم بىر ـ

ئىككى ئاي، بىر ـ ئىككى يىل ياكى بىر ـ ئىككى يۈز يىل. . . ئۇلارنىڭ ئاشۇ تونجى كېچىدىكى ئۆزئارا ماسلىشىشى توختاپ قالمىدى. خانىم «قۇش» دېگەن بولسا، ئۇ ئادەممۇ «قۇش» دەيتتى، ئۇ ئادەم «گۈل» دېگەن بولسا، خانىممۇ «گۈل» دەيتتى.

بىر كۈنى ئۇلار بىر كىچىك ئورمانلىقتا قول تۇتۇشۇپ سەيلە قىلىپ تۆپىلىكتىكى بىر دەم ئېلىش ئورنىغا كەلدى. كۆلەڭگىگە قويۇلغان ئۇستەللەرنىڭ بىرىنى تاللاپ ئولتۇرۇشقانىدى، ئەتراپىدا ئولتۇرغانلار خىر ـ خىر كۈلۈشتى. ئۇلار تاماق ۋە ئىچىملىكلەرنى بۇيرۇدى. پەستىكى ئورمانلىقنىڭ ئۆزگىچە يېشىللىقلىرى يەڭگىل دولقۇنلىناتتى. سەل يىراقتا كۆپكۆك دېڭىز داۋالغۇپ تۇراتتى.

ــ بىلەمسىز؟ ــ دېدى ئۇ ئادەم، ــ گويا بۇنىڭدىن بۇرۇن سىزدىن باشقا بىرىگە ئاشىق بولمىغاندەك تۇرىمەن. ھېچكىمنى سىزدەك سۆيمىگەنىدىم.

ئۇ بۇ گەپنى قىلىپ بولۇپلا، قېلىپلىشىپ قالغان ئادەتتىكى بىر سۆزنى قىلغاندەك ھېس قىلدى.

ــ ھەربىر ئاخىرقى مۇھەببەت شۇنداق بولىدۇ، ــ دېدى خانىم.

ئۇ ئادەم ئەندىكىپ كەتتى ۋە تەئەججۇپلەنگىنىنى بىلىندۈرمەسلىككە تىرىشتى. لېكىن، بۇ خانىم، ئۇ بىر ھەقىقەتنى ئېيتتى دەپ ئويلىدى. ئۇنداقتا ئۇنى ئەندىكتۈرگەن نەرسە نېمە؟ ياكى ئۇ راست گەپنى قىلغانلىقىدىن چۆچۈپ كەتتىمۇ؟

ئۇ ئۆزىنى نېمە تەئەججۇپلەندۈرگىنىنى دەسلەپ چۈشىنەلمىگەنىدى. ئويلاش ئارقىلىق نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولغانلىقىنى چۈشەندى. ھەربىر ئاخىرقى مۇھەببەت ئالدىنقىلىرىدىن ئالاھىدە بىلىنسە — دەرۋەقە شۇنداق — بۇ بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭمۇ باشقا ئاخىرقى مۇھەببەتلىرى بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەسمۇ؟ بىراق،

بۇ ئادەم چاچلىرى، لەۋلىرى، كۆزلىرى، تىرناقلىرى ۋە چىشلىرى نۇر چاقناپ تۇرىدىغان بۇ خانىمنى ئۆمۈر مۇساپىسىنىڭ ئاخىرقى بېكىتى ھېسابلىغانلىقى ۋە مۇشۇنداق بولۇشنى ئۈمىد قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەسلىدە ئۇنىڭغا: «سەن مېنىڭ ئەڭ ئۆزگىچە ئاشىقىم» دېيىش ئارقىلىق بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ ئالاھىدە مۇھەببەتنىڭ بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرمەكچى ئىدى.

— نېمە ئويلاۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى خانىم.

— ھېچنەرسە. . . — دېدى ئۇ ئادەم.

— ھېچ ئويلاپ باقمىغان بىر ئىش، — دېدى خانىم.

ئۇ ئادەم ئۆزى «گۈل» دېگەندە خانىمنىڭمۇ «گۈل» دېيىشىنى، خانىم «بېلىق» دېگەندە، ئۆزىنىڭمۇ «بېلىق» دېيىشىنى ئۆزئارا ماسلىشىش دەپ قارايتتى. لېكىن، ئەمدى ئۇنداق بولمايدىغانلىقىنى شۇ كۈنى شۇ يەردە چۈشەندى. خانىم «گۈل» دەپ قەلەمپۇرنى چۈشەنسە، ئۇ ئادەم قىزىلگۈل دەپ چۈشىنەتتى؛ خانىم «قۇش» دېگەندە قۇشقاچنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسە، ئۇ ئادەم كەپتەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى.

ئۇلار يەنە پاراڭلىشىۋاتاتتى. گاھ ـ گاھ بىر ـ بىرىگە «ھەئە» ياكى «ياق» دېيىشەتتى. بىراق «ھەئە» ياكى «ياق» لاردىن ئىككىلىسى ئايرىم ـ ئايرىم نەرسىلەرنى چۈشىنەتتى يەنى ئۇلار بىر تۆشەكتە يېتىپ، باشقا ـ باشقا چۈش كۆرۈشەتتى.

خانىم كۆرۈپ يەتتىكى، ئۇ ئېرىشكىلى بولمايدۇ دەپ ئويلىغان ئادەممۇ باشقىلار ئېرىشەلمىگۈدەك بىرى ئەمەس، ئادەتتىكى بىر ئادەم ئىكەن.

ئۇ ئادەم كۆرۈپ يەتتىكى، ئۇ قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ دەپ ئويلىغان ياش خانىممۇ قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغان ئايال ئىكەن.

ئۇ ئادەم خانىمغا قارىدى، ئۇنىڭ چاچلىرى، لەۋلىرى،

كۆزلىرى، تىرناقلىرى ۋە چىشلىرىدىن ئەمدى ھېچقانداق نۇر چاقنىمايتتى، بۇ نېمە بولغىنى؟ ئۇ نۇرلار قەيەرلەرگە كەتكەندۇ؟
— مەن يەنە يوگورىمەن، — دېدى خانىمغا ئۇ ئادەم.
— نەگە؟ — دەپ سورىدى بۇ ئادەمنىڭ ئۆمۈر مارافونچىسى ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن خانىم.
— ئاخىرقى بېكىتىمگە... — دېدى ئۇ ئادەم.
خانىم ئۇ ئادەمنى بىرەر قاتناش ۋاسىتىسىغا يېتىشۋالماقچى بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ:
— نېمىگە ئالدىرايسىز؟ — دېدى.
— چۈنكى، — دېدى ئەپەندى، — كېچىككەن ۋاقتىمنى تو-لۇقلىۋېلىش ئۈچۈن تېخىمۇ تېز يوگورۇشۇم كېرەك.
ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئورماندىن پەسكە چۈشتى ۋە بىر - بىرىنى سۆيۈشۈپ ئايرىلدى.
ئۇ ئادەم ئەمدى ھېلىقى قەدىمىي ئىمارەتنىڭ ئېگىز تورۇس-لىرى نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن خانىسىنىڭ كەڭتاشا يۈيۈنۈش ئۆيىدىكى تام ئەينەكنىڭ ئالدىدا يېڭى بىر كۆڭۈللۈك ئارام ئې-لىشقا تەييارلىنىش ئۈچۈن تارىنىۋېتىپ، يەنە ئۆز - ئۆزىگە:
— بەلكىم بۇ ئاخىرقى بىكەتتۇ...، — دېدى.
— كىم بىلسۇن، بەلكىم... — ئۆزى جاۋاب بەردى.
ئويلىمىغان يەردىن... قاراڭلار بۇ كېلىشمەسلىكنى... ئۇ قاچانكى ساقىلىنى ھەۋەس بىلەن قىرسىلا يۈزىنى كېسىۋالاتتى.
ئۇ چىرايىغا ھەر خىل شەكىللەرنى بېرىپ ئەينەكتە ئۆزىنى تاماشا قىلدى: تىلىنى چىقارغانىدى، ئەينەكتىكى شولىسىمۇ ئۇ-نىڭغا تىلىنى چىقاردى.

# ھەر كېچە ئەينى جىنايەت

كېچىلىرى ئۇخلاشتىن ئاۋۋال ئۇنى نېمە ئۈچۈن ئوققا تۇتىدىغانلىقىمنى ئېنىق بىلمەيمەن. ئەتىمالىم ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن بولسا كېرەك. مېنى خورلىغانلىقىنىڭ ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن بولۇشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسەملا ئاندىن ئۆچۈم چىقاتتى. بۇ، خورلىنىشىمنىڭ جاۋابكارى ھەم شاھىدىنى يوق قىلىۋېتىش ئۈچۈن بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇنداق قىلسام ئۇ مېنى قانداق خورلىغانلىقىنى ھېچكىمگە ئېيتالمايدۇ. ئەڭ چوڭ قورقۇنچىم، ماڭا قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى باشقىلارغا ئېيتىمىسا ئىكەن دەيمەن.

ھەر كېچە ئۇخلاشتىن ئاۋۋال ئۇنى ئۆلتۈرۈشىمنىڭ سەۋەبى، ئەھۋالنى باشقىلارغا ئېيتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بولۇشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى ئەھۋالنى ھېچكىمنىڭ ئۇقۇپ قېلىشىنى خالىمايمەن، ئۆزۈممۇ ھېچكىمگە ئېيتالمايمەن، چۈنكى ئېيتىشتىن خىجالەت بولىمەن. ئۇنىڭ مېنى شۇنچىۋالا خورلىشىنى يا ئىچىمگە سىغدۇرالمايمەن، يا ئۇنۇتالمايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى غەزىپىم تېخىمۇ ئۆرلەيدۇ. شۇڭا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن باشقا ئىلاجىم يوق.

مەندەك بىر ئادەم قانداقمۇ قولىنى قانغا بويىسۇن؟ يەنە كېلىپ مەندەك بىر ئادەم! ھەربىي ۋەزىپەمنى ئۆتەۋاتقاندا، قارىغا ئېتىش تەربىيىسىدە ھەمىشە قارىغا ئاتاتتىم ـ يۇ، بىر قېتىممۇ نىشانغا تەگكۈزەلمەيتتىم. چۈنكى مىلتىقنىڭ پايىنىكىنى كۆكسۈمگە تىرىگەندە تىترەشكە باشلاپ، بارمىقىم تەپكىگە تەگكەندە كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالاتتىم. بۇ قورقۇنچاقلىقىم تۈپەيلىدىن كوماند-

دىرلىرىم ماڭا ۋار - ۋار ۋارقىرىشاتتى. ئامال قانچە. . . توپ، مىلتىق، تاپانچا، بومبا، قىلىچ، ئۇرۇش - مۇرۇش دېگەنلەر مەندىن يىراق ئىدى. . .

هازىر مەن ھەر كېچە ئورۇنغا كىرگىنىمدە، ئۇيقۇ بىلەن ئويغاقلىق ئارىسىدىكى مۈگدەكلىك بىلەن سەگەكلىك ئىچىدە بىر ئادەمنى ئوققا تۇتىمەن. قولۇمدا بىر پىلىموت. . . ئەمەلىيەتتە، ئۆمرۈمدە پىلىموتنى تۇتۇپ باققان ئەمەسمەن. ھەربىيدىكى ۋاقىتىمدا يىراقتىن كۆرگەنىدىم. كېچىلىرى يېنىك پىلىموتمۇ، ئېغىر پىلىموتمۇ ياكى كىنولاردا كۆرگەن پىلىموت تاپانچىمۇ، قايسىسى بىلەن ئوت ئاچقىنىمنىمۇ بىلمەيمەن. لېكىن ئۇنى ئوققا تۇتقىنىم ئېنىق. . . ئۇنى نېمە بىلەن ئوققا تۇتقانلىقىم شۇنچە مۇھىممۇ؟ خۇددى كىچىك باللارنىڭ ياغاچ ياكى باشقا بىر نەرسىنى تاپانچا قىلىپ ئوينىغىنىدەك، ھەر ھالدا قولۇمدا ئۇنى ئوققا تۇتۇپ ئۆلتۈرىدىغان بىر نەرسە بار ئىدى. . .

خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى ھەر كېچىسى ئورنۇمدا يېتىپ چوڭقۇر ئۇيقۇغا چۆكمەستىن بۇرۇن بۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزىمەن .

بۇ جىنايەتنى ئەتەي ئۆتكۈزمەيمەن، لېكىن ئۇنى بەربىر ئۆلتۈرىمەن. ئۇيقۇغا چۆكۈشتىن ئىلگىرى ئۆز - ئۆزۈم بىلەن چېقىشىپ: «بۇگۈن كېچە ئۇنى ئۆلتۈرمەي. . .» دەيمەن ۋە ئۆلتۈرمەسلىككە قەتئىي ۋەدىمۇ بېرىمەن. ئۇنى بىر كېچىلا ئوققا تۇتۇشتىن ۋاز كەچسەم ھەرگىز ئۆلتۈرمەيدىغانلىقىمنى، شۇنىڭ بىلەن جىنايەتمۇ ئۆتكۈزمەيدىغانلىقىمنى بىلىمەن . لېكىن بولمىدى، چۈنكى مېنى خورلىغان ئۇ كۆرۈنۈشلەر يېڭىۋاشتىن كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرمىگۈچە ھەرقانچە قىلسامىمۇ كۆزۈم ئۇيقۇغا بارمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن نەچچە كېچىنى ئۇيقۇسىز تاڭ ئاتقۇزۇۋەتكەنىدىم. ئاخىرى تاڭ ئېتىشقا يېقىن ئوققا تۇتۇپ ئۆلتۈرەتتىم - دە، ئاندىن ئۇيقۇغا كېتەتتىم. ئەمدى ئۇنى ئۆلتۈرمەسلىككە تىرىشىشىمنىڭ بىھۇدىلىكىنى بىلىمەن.

ئورنۇمغا كىرگەندە نېرۋىلىرىم ئىنتايىن جىددىيلىشىپ كېتىدۇ. ھەقىقىي جىنايەت ئالدىدىكى پۈتۈن روھىي جىددىيلىكنى باشتىن ئۆتكۈزىمەن. چۈنكى راست ئۆتكۈزگەن جىنايەت بىلەن مېنىڭ ئۇ چالا ئۇيقۇدا ئۆتكۈزگەن جىنايەتلىك چۈشۈم ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق. ئۇنى راستتىن ئوققا تۇتۇپ ئۆلتۈرۈش مۇمكىنچىلىكىم بولمىغانلىقى ئۈچۈن يەنى ئامالسىزلىقتىن ئۇنى پەقەت خىيالىي ئۆلتۈرىمەن. ئىمكانىيەت ۋە پۇرسەت بولسا ئىدى، ئۇنى جەزمەن راستتىن ئۆلتۈرەتتىم. ئىمكانىيەت؟ جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئىمكانىيىتى دېگەن نېمە؟ ئالدى بىلەن، جىنايەتنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن تۇتۇلماسلىق. . . بىراق، بۇ جەھەتتە مەندە ئىمكانىيەت يوق ئىدى. چۈنكى ئىنتايىن يارامسىزلىقىمنى بىلىمەن. ئاندىن قالسا، ئىنتايىن قورقۇنچاقمەن. جىنايەت ئۆتكۈزىدىغان كىشى قورقۇمسىز بولۇشى كېرەك. توخۇنىمۇ بوغۇزلىيالمايمەن دەيدىغانلار بار، مەن بولسام توخۇ بوغۇزلاۋاتسا ھەتتا ئۇنىڭغا قارىيالمايمەن.

ئۇنى راستتىن ئۆلتۈرەلمەسلىكىمنىڭ بۇ ئىمكانىيەتسىزلىكلەردىن سىرت يەنە باشقا سەۋەبىمۇ بار. بەزىبىر ئىشلارنى نەزەردە تۇتۇپ، يارامسىزلىقىمنى ۋە قورقۇنچاقلىقىمنىمۇ يېڭىپ ئۇنى ئۆلتۈردۈم دەيلى، ئۇ ھالدا مېنى تۇتۇپ ئۇنى نېمىشقا ئۆلتۈرگەنلىكىمنى سورايدۇ. ھالبۇكى سەۋەبىنى ئېيتالمايمەن. . . مېنى خورلىغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈردۈم دېسەم، ئۇ ساڭا نېمە قىلدى، قانداق خورلىدى دەپ سورايدۇ. ماڭا نىسبەتەن ئۇنى چۈشەندۈرۈش ئۆلگەندىنمۇ تەس. قانداق خورلانغانلىقىمنى چۈشەندۈرۈش ئۆز - ئۆزۈمنى يەنە بىر قېتىم خورلىغانلىق بولىدۇ، ئۇنداق قىلالمايمەن، بۇنىڭغا چىدىيالمايمەن. . .

ئۇنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ئۆزۈمنىمۇ ئۆلتۈرۈشنى ئويلىمىدىم ئەمەس، بەلكىم ئەڭ توغرىسىمۇ شۇ ئىدى. لېكىن ئۆزۈمنى قانداقمۇ ئۆلتۈرەلەيمەن! ئۆزۈمگە قىيالمىغىنىمدىن ئەمەس،

نېمىلا دېگەن بىلەن ئۆلتۈرەلمەيمەن. . .

مېنى تۆتۈپ تۇرۇش ئورنىدىن قويۇۋەتكەندە، ھەممە كىشى ماڭا نېمە ئۈچۈن ئون بەش كۈن تۆتۈپ تۇرۇلغانلىقىمنى سوراش-تى. ئەسلىدە خوتۇنۇممۇ، بالىلىرىممۇ، دوست - بۇرادەرلىرىم-مۇ بۇ ئون بەش كۈن مېنىڭ نەدە بولغانلىقىمنى بىلمىگەنىدى. پۇقراچە كىيىنگەن ساقچىلارنىڭ مېنى ئېلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەنلەر بۇنى خەۋەر قىلىشىپتۇ، لېكىن نەگە ئېلىپ كېتىل-گەنلىكىمنى ھېچكىم ئۇقالماپتۇ. دادامىمۇ، خوتۇنۇممۇ ساقچى ئىدارىسىنىڭ، ھەربىي ئىدارە قىلىش قوماندانلىق شتابىنىڭ ئىن-شىكىنى تېپىشۇەتكۇدەك بوپتۇ. بارمىغان، سورىمىغان، مۇراجى-ئەت قىلمىغان يەر قالماپتۇ. تەپتىش مەھكىمىسىگە، ۋالىي مەھ-كىمىسىگە، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا ئىلتىماس، تېلېگ-راممىلار ياغدۇرۇشۇپتۇ، لېكىن ھەممىسى بوشقا كېتىپتۇ، نەدە ئىكەنلىكىمنى ھېچكىم بىلمەپتۇ.

ئۆيگە كەلگىنىمدە ساقاللىرىم ئۆسۈپ كەتكەنىدى. خوتۇنۇم مېنى كۆرۈپلا يىغلاپ كەتتى. بالىلارمۇ دەسلەپ ئالۋاستى كۆر-گەندەك بولۇشتى، يېتىرقىدى، كېيىن ئاستا - ئاستا كۆنۈپ قالدى. ئائىلىمىزدىكىلەرمۇ، ئىش ئورنۇمدىكىلەرمۇ، قولۇم - قوشنا، تونۇش - بىلىشلەرمۇ ھەممىسى «نېمە ئۈچۈن تۆتۈپ تۇردى؟» دەپ سورىشاتتى.

جاۋاب بېرىشنى خالىمايتتىم، نېمە ئۈچۈن تۆتۈپ تۇرۇلغان-لىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلەلمىگەنىدىم. مېنى تۆتۈپ تۇرغانلارمۇ بۇنى بىلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن مېنى ئون بەش كۈن تۆتۈپ تۇرۇپ تەك-شۈرۈش ئېلىپ بارغانىدى. يا ئۇلار بىرەر ئەھۋال ئىگىلىيەلمە-دى، يا مەن. . . ئۇلارنىڭ تەتقىق قىلىدىغىنى مېنىڭ تۆتۈپ تۇرۇلۇشۇمنىڭ سەۋەبى بولۇپ، ئەگەر ئۇلار بۇنى ئاخىرغىچە ئېنىقلاشقا تىرىشقان بولسا، مېنى ئۆمرۈم بويىچە تۆتۈپ تۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. بۇ سەۋەبنى تېپىش مۇۋەپپەقىيىتىگە ئېرىشەلمە-

گەنلىك خاپىلىقى ئىچىدە مېنى ئون بەش كۈندىن كېيىن قويۇۋې-
تىشتى. نېمە ئۈچۈن تۇتۇپ تۇرۇلغانلىقىمنى سورىغانلارغا
نېمە دەيتتىم. . . «مۇھىم بىر مەسىلە ئەمەسمىش. . . »
دەيتتىم. «خاتا تۇتۇپتۇ» دەيتتىم ياكى «ھېچ ئىش يوق. . . »
دەپ قوياتتىم. لېكىن ئۇلار مېنى قويۇۋەتكەندە «خاتا تۇتۇپتۇق»
دېمىگەنىدى.

بۇ جاۋابلىرىمغا ھېچكىم ئىشەنمەيتتى، ئۆزۈممۇ ئىشەنمەيت-
تىم. مەن يوشۇرۇپ قېلىشقا تىرىشۋاتقان مۇھىم بىر مەسىلە
كىشىلەرنىڭ مەندىن «ئۇلار سېنى قىينىدىمۇ؟» دەپ سوراشلى-
رى ئىدى.

«ياق، ھەرگىز. . . » دەيتتىم قوپاللىق بىلەن. بەزىدە ۋار-
قىراپ، قىيناش دېگەن گەپنىڭ چىقىشىنى زادى خالىمايتتىم.
راستىنى ئېيتىمىغانلىقىمنى، بىر ئىشلارنى يوشۇرغىنىمنى
بىلىدىغانلىقى ئۇلارنىڭ قاراشلىرىدىن مەلۇم ئىدى.

ئۇ يەردە ئۆتكەن ئون بەش كۈنۈمنى ھاياتىمدىن قېزىپ
چىقىرىپ يوق قىلىۋېتىشنى خالايتتىم. لېكىن ھەر كېچە ئۇخ-
لاشتىن ئاۋۋال مەن ئۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزمىگۈچە، ئۇ ئون بەش
كۈننىڭ ھاياتىمدىن قېزىپ چىقىرىۋېتىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئى-
دى. ۋاقىتنىڭ ھەممە دەردكە دەرمان بولىدىغانلىقىنى، ھەممىنى
ئۇنتۇلدۇرىدىغانلىقىنى بىلىمەن، ئەلۋەتتە. ھەر كېچە ئۇخلاش
ئالدىدىكى ئۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزمىسەم، ئۇ خورلىنىشىمنى مەنمۇ
ئۇنتۇپ كەتسەم، ۋاقىت مېنىڭ دەردىمگىمۇ دەرمان بولسا دەيمەن-
مۇ. لېكىن ھەر كېچە ئۇنى ئوقۇقا تۇتقاندا، ئۇنتۇش بىر ياقتا
تۇرسۇن، ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۆچمەنلىك ۋە غەزەپ نەپرىتىم بار-
غانسېرى كۈچىيىدۇ.

خوتۇنۇم پۇتۇنلەي باشقىچە بىر ئادەم بولۇپ قالغىنىمنى
يۈزۈمگە سالدى، بۇنى ئۆزۈممۇ بايقىدىم. باشقىلارنىڭ قاراشلى-
رىدىن، مۇئامىلىلىرىدىن ئۆزگىرىپ قالغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ چۈ-

شەندىم. بۇرۇنقىدەك مۆڭداشقاق، كۈلۈپ تۇرىدىغان، پائالىيەت-
چان بىرى ئەمەس ئىدىم. ئۇ خورلىنىشىمنى نېمىشقىدۇ كاللام-
دىن زادىلا چىقىرىۋېتەلمەيتتىم. بۇرۇختۇم، جىمغۇر، ھورۇن
بىر ئادەم بولۇپ قالدىم. خورلىنىشىمدىن ھېس قىلغان نومۇس-
تىن قۇتۇلالمىدىم. قانداق قىلىشىم كېرەك؟ مېنىڭچە بولسا،
ئائىلەمنى، ئىشىمنى، مۇھىتىمنى ھەتتا يۇرتۇمنىمۇ تاشلاپ
ئىز - دېرىكىمنىمۇ تاپالمايدىغان ناھايىتى يىراق بىر يەرلەرگە
كېتىپ، ئۆزۈمگە ئۇ يەردە يېپيېڭى بىر ھايات بەرپا قىلىشنى
ئويلايتتىم. بەلكىم شۇنداق قىلسام، ئاشۇ خورلىنىشىمنىڭ نو-
مۇسىدىن قۇتۇلاتتىم. لېكىن ئۇنداق قىلالمايمەن - دە. . . مەن
ئۇنى كېچىلىرى ئوققا تۇتۇشتىن باشقا ھېچنەرسە قى-
لالمايمەن. . .

مەن ئۇنى ھەر كېچە ئۆلتۈرۈۋېرەمدىمەن؟ مەن ھەر كېچە
ئەينى جىنايەتنى ئۆتكۈزۈشكە بۇيرۇق ئالغانمىدىم؟ مەن بىر لە-
نەتلىك ئادەممۇ؟

تۇتۇپ تۇرۇشتىن قويۇۋېتىلگەن كۈنى كېچىسى جىنايىتىم-
نىڭ باشلانغان كۈنى ئىدى. كەچلىك تاماقنى ئۆيىمىزدە يېگە-
نىدۇق. خوتۇنۇم نېمە ئۈچۈن گەپ قىلمايدىغانلىقىمنى سورىغاندا
«ھېچنېمە ئۈچۈن» دەپ جاۋاب بەردىم. بۇ «ھېچنېمە» لەر مېنى
ئوسال ئەھۋالدىن قۇتقۇزۇپ قالاتتى. خوتۇنۇمغا: «خورلانغان
بىر ئادەم تۇرۇقلۇق سەن بىلەن سۆزلىشىشكە رىغبىتىم يوق»
دېيەلمەيتتىم. بۇنداق دەيدىغان بولسام، قانداق خورلانغانلىقىمنى
يەنە جاۋاب بەرگىلى بولمايدىغان يەنە بىر سوئالنى
سورايتتى.

بالىلار يېتىپ قالدى، بىزمۇ ياتاتتۇق.

— مەن ئايرىم ئورۇندا ياتىمەن، — دېدىم مەن.

خوتۇنۇم ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدى.

ئون تۆت يىللىق ئەر - خوتۇنچىلىقىمىزدا بىر ئۆيدە بولساقلا

خوتۇنۇم بىلەن ئايرىم ئورۇندا ياتقان ۋاقتىمىز زادى بولمىغاندى. ھەر ئىككىلىمىز ئەر - خوتۇنچىلىقنى ھەممە ئىشتا ئورتاقلىشىش دەپ چۈشىنەتتۇق. لېكىن ھازىرچۇ؟

خوتۇنۇم نېمە ئۈچۈن ئايرىم يېتىشنى خالاپ قالغانلىقىمنى سوراپ تۇرماي دەرھال كەينىگە بۇرۇلدى. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى يوشۇرۇپ كەينىگە قارىۋالغانلىقىنى چۈشەندىم. ئۇ مەندىكى بۇ ئۆزگىرىشنى چۈشەنمەيتتى. ئۇنىڭغا قانداق خورلانغانلىقىمنى، قانچىلىك كىرلىشىپ كەتكەنلىكىمنى چۈشەندۈرەلمەيتتىم. بۇ ھالىم بىلەن ئۇنىڭ قوينىغا كىرىپ گۈزەللىكىگە چېقىلىشقا رايىم يوق ئىدى. بۇ خورلىنىشنىڭ كىرى ۋۇجۇدىمدىن زادى چىقمايتتى. خوتۇنۇمنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتىم. ئۇنى ناھايىتى سېغىنغانىدىم. لېكىن ئۇنى سۆيۈپ قويۇشنىمۇ ئۆزۈمگە راۋا كۆرمىگەنىدىم.

خوتۇنۇم يۈزۈمگە قارىماي تۇرۇپ ئورنۇمنى سېلىپ قويغانلىقىنى ئېيتىپ، مېنى سۆيۈپ قويمايلا كەينىگە يېنىپ كەتتى. ئۆزۈمدە بىر چوڭقۇر كاۋاكلىق، بۈگۈنگىچە كۆرۈلمىگەن بىر خىل ھەسرەت ھېس قىلدىم. خوتۇنۇمنىڭ ئاچچىقى كەلگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ سىرتىغا چىقارمىغان بىلەن ھەمىشە مەندىن رەنجىپ يۈردى.

تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدىن قايتىپ كېلىپ مۇنچىغا چۈشۈپ بىر نەچچە قېتىم سوپۇنلاپ پاكىز يۇيۇنغان بولسامۇ، ئورنۇمغا كىرگەندە ئونبەش كۈنلۈك خورلىنىشنىڭ كىرىدىن تېخى تازىلانمىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. بۇ كىر ئىچ - ئىچىمگە ئۆتۈپ كەتكەنىدى. بۇنداق كىرنى پەقەت قانلا تازىلىيالايتتى.

ئىچىم تىتىلداپ ئۇخلىيالمىدىم. بالىلىقىمدا ئۇيقۇم قاچقان كېچىلەردە پۇتبول ئوينىغان تەسەۋۋۇرلىرىمغا بېرىلىپ بېشىمنى ياستۇققا قويۇپ يوتقاننىڭ ئىچىدە پۇتبول ئويناپ ئۇخلاپ قالاتتىم. ئوقۇغۇچىلىق ۋاقتىمدا پۇتبول ئوينىيالمىغانلىقىم ئۈچۈن

دوستلىرىم مېنى پۇتبول مۇسابىقىلىرىگە قاتناشتۇرمايتتى، شۇڭا ئۇلاردىن ناھايىتى خاپا ئىدىم. لېكىن ئوينىيالمايدىغانلىقىممۇ راست ئىدى. شۇڭا ئورۇندا يېتىپ ئۇخلاش ئالدىدا پۇتبولنى پەۋقۇلئاددە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوينىغانلىقىمنى چۈشەيتتىم، چۈشۈمدە ماڭا پۇتبول ئويناتمىغانلارنىڭ ۋاراتارىغا كەينى - كەينىدىن توپلارنى كىرگۈزۈپ، نومۇر ئۈستىگە نومۇرلارنى ئالاتتىم. . .

بۇ باللىق تەساۋۋۇرى ھاياتىم بويىچە داۋاملاشقانىدى. تۇتۇپ تۇرۇلغان ھېلىقى ئونبەش كۈنىنىڭ كېچىلىرىمۇ پۇتبول ئويناپ چۈش كۆرەتتىم.

ئۆزۈم يالغۇز ياتقان ئۇ بىرىنچى كېچىدىمۇ يەنە پۇتبول ئويناپ چۈش كۆرگەچ ئۇيقۇغا چۆكمەكچى بولدۇم. بىر نەچچە سائەت پۇتبول ئوينىدىم. بىر قانچە توپ كىرگۈزدۈم، لېكىن يەنە ئۇخلىيالمىدىم. دەسلەپكى جىنايەتنى مانا شۇ كۈنى ئۆتكۈزدۈم. كۆز ئالدىمغا بېشىمدىن ئۆتكەن ئۇ خورلىنىش سەھنىسى كەلدى. ئالدىمدا ئۇ تۇراتتى. راستىنى ئېيتقاندا مەن ئۇنىڭ ئالدىدا ئىدىم. ئۇ بولسا كىيىم كىيدۈرۈپ قويغان ھەيكەلدەك تىك تۇراتتى. كۆزلىرى مىلتىقنىڭ ئوق تۆشۈكىدەك ماڭا تىكىلگەن بولۇپ، قاراشلىرى گويا ئوقتەك گەۋدەمنى تېشىپ ئۆتۈۋاتاتتى. كەينىگە تۇتۇۋالغان قوللىرىدا قامچا، كالتەك، توقماقتەك بىر نەرسە بار ئىدى، لېكىن نېمە ئىكەنلىكىنى كۆرەلمەيتتىم. پەقەت كەينىدىكى قولىدا بىر نەرسە تۇتۇۋالغىنىنى، ئۇ نەرسىنى پاقالچەكلىرىگە ئۇرۇپ چىقارغان ئاۋازىدىن بىلگەنىدىم. ئۇ سائەتكە ئوخشاش بەلگىلىك دەقىقە قالدۇرۇپ، تاق، تاق، تاق قىلغان بىر خىل ئاۋاز ئىدى. پۇتىمدا ئۆتۈك بارمۇ ياكى ماڭا شۇنداق تۇيۇلاتتىمۇ، بۇنى ئانچە ئېنىق بىلمەيمەن، گەۋدىسى يوغان ئىدى. لېكىن ئۇ ھەيۋىسى بىلەن ئۆزىنى تېخىمۇ چوڭ كۆرسىتەتتى. ئۇ ئۆزى تۇرغان ئۆينىڭ تاملىرىدىن، تورۇستىن

ئېشىپ كېتىدىغاندەك تېرىسىگە سىغماي قىنىدىن تاشقان بىر ئادەم ئىدى.

قولىدىكى نەرسىنى پاقالچەكلىرىگە ئۇرۇپ چىقارغان تاق، تاق ئاۋازلار بارغانسېرى كۆچىيىشكە باشلىدى يەنى ماڭا شۇنداق تۇيۇلاتتى. تاق - تاقلار ئاخىر بېرىپ پوك - پوككا ئالماشتى.

پوك - پوكلارنىڭ تېگىدە دەپسەندە بولاتتىم.

قانداق خورلانغانلىقىمنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

ئۇ كۆرۈنۈش كۆز ئالدىمغا كەلسە چىش - تىرنىقىمغىچە غەزەپكە كېلىپ يۇرىكىم ئىچىمگە پاتمايتتى. قولۇمدا ئوقلىرى تۈگىمىگەن بىر پىلىموت تاپانچا، پىلىموت مىلتىق ياكى تېخىچە كەشىپ قىلىنمىغان ۋە ئىسمى قويۇلمىغان بىر قورال بار ئىدى. ھازىر مەن ئۇنىڭ ئالدىدا ئەمەس، ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا ئىدى. قولۇمدىكى نامەلۇم قورالنىڭ ئوق تۆشۈكىنى ئۇنىڭغا قاراتتىم. ئۇنىڭ قوشاۋۇز تۆشۈكىدەك كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ئاچچىق ياش چىقىپ يۇزىنىڭ تىك قورۇقلىرىنى بويلاپ پەسكە قاراپ ئاقتى. ئۇ ئۆزىنى ئېلىپ قاچالماي تىز پۈكتى. ھاياتىم بويىچە تۇنجى ئېچىنمىغان نەرسەم شۇ ئىدى. تەپكىنى بېسىپ ئۇنى ئوققا تۇتتۇم، ئۇ دىنامىت بىلەن پارتلىتىلغان مەيداندىكى ھەيكەلدەك يىقىلدى. ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتكەن گەۋدىسىدىن قارامتۇل قىزىل قانلار ئېتىلىپ چىقاتتى.

جىددىيلىشىپ كەتكەن نېرۋىلىرىم بوشاشتى. راھەتلىنىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن.

ئەتىسى كېچە ئورۇنغا كىرگىنىمدە تۇنۇگۇن كېچە ئۆتكۈزگەن جىنايىتىمدىن كېيىن راھەت ئۇخلايمەنغۇ دەپ ئويلىغانىدىم، چۈنكى ئۇنى ئۆلتۈرۈپ يوقاتقانىدىم. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئىش تامام بولۇپ، غەزىپىم بېسىلغان، ئۆچۈم چىققان بولۇشى كېرەك ئىدى، لېكىن ھەرگىزمۇ ئۇنداق بولمىدى. قانداقتۇ يەنىلا ئۇخلىيالمىدىم. پۈتبول ئويناش تەساۋۋۇرۇممۇ ئىشقا ئاشمىدى. يەنە

ئالدىمدا ئۇنى، قولۇمدا بولسا قورالنى كۆردۈم – دە، يىڭىۋاشتىن ئوقتا تۇتتۇم. بۇ قېتىم تېخىمۇ كۆپ ئوت ئاچتىم. پۇتۇم بىلەن يەرگە چۈشكەن بېشىغا تەپتىم. بېشى قان كۆلچىكى ئىچىدە ئۈزۈپ يۈرەتتى.

قانداقچە بۇنچە رەھىمسىز بولۇپ كەتكىنىمگە ھەيرانمەن.

ئەمدى كېچىلىرى ئورنۇمغا كىرىپ ياتقىنىمدا، ئۇيقۇغا كەتكۈچە پۇتبول ئوينىماي، ھەر كېچە ئۇنى ئوقتا تۇتۇپ ئۆلتۈرىمەن. قارا باستى چۈشتەك يەتتە قەۋەت ئاسمانغا ئۆرلەپ ئارقىدىن چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ، بىر يىغلىپ، بىر كېرىلىمەن – دە، ئاندىن ئۇخلىيالايمەن، شۇڭا ئۇنى ھەر كېچە ئۆلتۈرىمەن.

تۇنجى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەن كۈنۈمنىڭ ئەتىسى يەنە بۇرۇنقىدەك كۈلكە چىراي، مۇڭداشقاق، قىزغىن، پائالىيەتچان بىر ئادەم بولىدىغانلىقىمنى، يەنە خوتۇنۇم بىلەن بىر ئورۇندا ياتىدىغانلىقىمنى ئويلىغانىدىم، لېكىن زادى ئۇنداق قىلالمىدىم.

بۇ خىيالىي جىنايىتىمنىڭ راست جىنايەتتىن ھېچ پەرقى يوقلۇقىنى بىلەتتىم ۋە بۇنىڭ ئازابىنى چېكەتتىم. تەساۋۋۇرۇمدا بولسىمۇ ھەر كېچە بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈش ئاسانمۇ. . . مەن ئۇنى راستتىن ئۆلتۈرمەكچى. يامان يېرى، بۇ مېنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىيىتىم. دەرۋەقە بۇ بىر جىنايەت! ئۇنى راستتىن ئۆلتۈرەلمىسەم، بۇ مېنىڭ يۈرەكسىزلىكىم، قورقۇنچاقلىقىمدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

مەن ھەر كېچە ئەينى جىنايەتنى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇرمىدىم؟ ئاتقان ئوقلىرىمنىڭ ئۇنىڭ يوغان گەۋدىسىدە ئاچقان تۆشۈكلەردىن ئېتىلىپ چىققان قارامتۇل قىزىل قېنى ئۇستىۋېشىمغا چاچرايدۇ، قوللىرىم قانغا مىلىنىدۇ. شۇغىنىسى، خورلىنىشىمنىڭ كىرلىرى ئۇنىڭ قېنى بىلەنمۇ يۇيۇلۇپ تازىلانمايدۇ. تېخىمۇ كۆپ مەينەتچىلىككە پاتىمەن ۋە تېخىمۇ غەزەپلىنىمەن، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئۆچ بولىمەن.

قەيەرگە بارسام، قەيەرگە قېچسپ يوشۇرۇنسام ھەر كېچە بۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزۈشتىن خالىي بولالمايمەن. تەپتىش مەھكىمە-سىگە بېرىپ گۇناھىمنى ئېتىراپ قىلسام، ھېچقانداق تەپتىش مېنى چۈشەنمەيدۇ، مېنى ساراڭ دەپ قارايدۇ. تەپتىش مېنى چۈشىنىشى ئۈچۈن ماڭا ئوخشاش خورلىنىشلارغا ئۇچرىغان بولۇ-شى كېرەكتە.

ھەر قېتىمقى جىنايىتىمدىن كېيىن، غەزىپىمنىڭ ۋە ئۆچ-مەنلىكىمنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىۋاتقىنىنى، تېخىمۇ قانلىق جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزۈشكە تەمشىلىۋاتقىنىمنى پەملەپ، بۇ ۋەجە-دىن ئۆزۈمنى قاتتىق ئەيىبلىگەن ۋە قاتىللىقتىن قۇتۇلۇشۇم مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئويلاپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەندە بىردىنبىر ئۈمىد تۇغۇلدى. شۇ كۈنلەردىكى گېزىتلەرگە ئۇنىڭ ھەققىدە مۇنداق ئۆلۈم خەۋەرلىرى ۋە ئۆلۈم ئېلانلىرى بېرىلگەنىدى:

«دەرد ـ ئەلەملىرى ۋە ئارمىنىزدا يوقلۇقى ھېچقاچان ئۇن-تۇلماس ساخاۋەتچى ۋە مۇنەۋۋەر ئادەم...»

«ئۇلۇغ ئادەم، قەدىرلىك مويسىپىتىمىز...»

«ئاللانىڭ رەھمىتىگە مۇيەسسەر بولغاي، قايغۇلۇق ئائىلە-سىگە ئامانلىق تىلەيمىز.»

«...ۋاپاتىدىن چوڭقۇر قايغۇ بىلەن خەۋەر تاپتۇق. مەر-ھۇمغا ئاللادىن رەھمەت تىلەيمىز، ئائىلىسىگە...»

«...مەڭگۈگە كۆز يۇمدى.»

«ئائىلىمىزنىڭ چوڭى، قەدىردان ئاتىمىزنىڭ ۋاپاتى مۇنا-سىۋىتى بىلەن...»

«ئايرىلىپ قالغانلىقىمىزنىڭ چوڭقۇر بىئاراملىقى ئىچىدى-مىز. ئائىلىسى ۋە يېقىنلىرىنىڭ قايغۇسىغا ئورتاق بولۇپ، ئۇلارغا ئامانلىق تىلەيمىز. ئاللا رەھمەت قىلسۇن.»

«ئېچىنىشلىق مەھرۇمىمىز... قەدىرلىك مەۋجۇتىمىز،

ئوغلىمىز، قېرىندىشىمىز، ئاتىمىز...»
«...قەدىرلىك ھەمراھىنىڭ ئۆلۈمىنى قايغۇلۇق خەۋەر قىلىدۇ...»
«يۇرتىمىزنىڭ ئىپتىخارى... بۇ ئالەمدىن ئاخىرەتكە سەپەر قىلدى.»
«ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدىغان چوڭ يوقىتىش.»
«بىردىنبىر ئۆلۈغىمىز... قايغۇمىز تۈگىمەستۇر.»
......
ھاياتىمدا بۇنداق خۇشال بولغان ۋاقتىم بولمىغانىدى. قىن - قىنىمغا پاتماي قاناتلىنىپ كەتتىم. خۇشاللىقىم ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئەمدى كېچىلىرى ئۇنى ئۆلتۈرۈشتىن، قولۇمنى قانغا بوياشتىن قۇتۇلغانلىقىم ئۈچۈن ئىدى. چۈنكى ئۇ بۇ قېتىم ھەقىقەتەن ئۆزلۈكىدىن ئۆلگەن، مېنىمۇ ھەر كېچە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىن خالىي قىلغانىدى. بۇنداق چوڭ بىر خۇشاللىقنى دۇنيادا مەندىن باشقا بىرىنى ھېس قىلىدۇ دەپ ئويلىمايمەن. ئۆلگەن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى. ئەمدى بۇرۇنقىدەك بىر ئادەم بولالىتتىم.
گېزىتلەردىن ئۇنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدىكى ئېلانلارنى كۆرۈپ يەنە بىر خىل بىئاراملىققا چۈمدۈم. مېنى خورلىغانلىقى ئۈچۈن مەن ھەر كېچە ئوققا تۇتقان ئادەمنىڭ بۇنچىۋالا چوڭ، ئۇلۇغ، ساخاۋەتچى، ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدىغان بىر كىشى ئىكەنلىكىنى ئۇققىنىمدا، ئاپلا، ئۆلتۈرمىسەم بوپتىكەن، ھېچبولمىغاندا ھەر كېچە ئوققا تۇتمىسام بوپتىكەن، دېگەندەك پۇشايمانلىق ۋە خىجالەتچىلىك ھېسسىياتىغىمۇ چۈمدۈم.
ئۆلۈم ئېلانلىرى گېزىتلەردە بەت - بەت چىققان كۈنىنىڭ كېچىسى ئورنۇمغا كىرىپ ياتقىنىمدا قاتىللىقتىن قۇتۇلۇش ئۈمىدىنىڭ بىھۇدىلىكى مەلۇم بولدى. يەنە ئۇخلىيالمىدىم. يېگىۋاش-

تىن پۇتبول مۇسابىقىلىرىنى ئويلاپ ئۇخلاشقا تىرىشتىم. بولمى-
دى. ئۆلگەن ئادەمنى تەكرار ئۆلتۈرگۈم يوق ئىدى. جىنايەت
ئۆتكۈزمەسلىك ئۈچۈن ئۆزۈم بىلەن رەھىمسىز جەڭ قىلغان
بولساممۇ غەلىبە قىلالمىدىم. ھېلىقى ئۆلۈكنى ئاۋۋال تىرىلدۈر-
دۈم، ئاندىن ھەر كېچىدىكىدەك ئوققا تۇتتۇم ـ دە، تۈگمەس
ھۆزۈرغا ئېرىشىپ، ئاندىن ئۇخلاپ قالدىم.

ھەر كېچە ئۇنى تىرىلدۈرۈپ، ئاندىن ئوققا تۇتۇپ ئۆلتۈرد-
مەن. دەرۋەقە، ئۇ مۇشۇنداق ھەر كېچە ئۆلتۈرۈلۈشكە ھەتتا
ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ جازاغا لايىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۆلۈك گەۋدىسى ئۆز
قىنىدا ئۈزۈشكە تېگىشلىك. لېكىن مەنچۇ؟ مەن قاتىل بولۇشقا،
جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە ھەمدە بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ يەنە تىرىلدۈ-
رۈپ يېڭىۋاشتىن ئۆلتۈرۈشكە، مانا شۇنداق بىر جىنايەتنى ئۆت-
كۈزۈشكە لايىق ھېچقانداق يامانلىق قىلمىغانىدىم ـ دە... ئۇ
ئۆلدى، لېكىن يەنىلا قولۇمدىن قۇتۇلالمايدۇ. ئۇنىڭ مېنى خور-
لاپ قىلغان يامانلىقىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغان يامانلىقى ھاياتىم
بويىچە ئۆچۈمنى ئېلىش ئۈچۈن مېنى جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە مەج-
بۇر قىلغانلىقىدۇر. بۇ خورلاش روھىمدا شۇنداق چوڭقۇر بىر
داغ قالدۇردىكى، ئۇ داغنى ئۆلۈممۇ يوقىتىۋېتەلمەيدۇ.

شۇنداق، ئۇ ئۆلدى. لېكىن مېنىڭ قولۇم بىلەن ھەر كېچە
يېڭىۋاشتىن ئۆلتۈرۈلۈشتىن قۇتۇلۇشى، مېنىڭمۇ جىنايەت ئۆت-
كۈزۈشتىن قۇتۇلۇشۇم ئۈچۈن بىردىنبىر يول بار، ئۇ بولسىمۇ
مېنىڭ ئۆلۈشۈم...

بىلمەيمەن، مەن ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنى ھەر كېچە ئۆلتۈ-
رۈشكە مەجبۇر بولىدىغان يەنە باشقىلارمۇ چىقامدۇ تېخى!

# قىممەتلىك تاشلاندۇق مىراسلار

ئالەمدىن ئۆتكەن كىشىلەردىن قالدىغان نەرسىلەرنى مەرھۇمنىڭ مىراسى دەمدىغاندۇ ياكى باشقىچە ئاتامدىغاندۇ؟ بۇ نەرسىلەر قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدىغاندۇ؟ ئۆلگۈچىدىن نىمىلەر قالدىغان بولسا، ھەممىسىنى بىر ـ بىرلەپ ئېدىتلاپ، ئىسىملىرى بىلەن قەغەزگە يېزىپ قويامدىغاندۇ؟

ئۇ بۇ تەرەپلىرىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى، چۈنكى ئۆزىدىن قالدىغان نەرسىلەرنىڭ قىممىتىنى باشقىلار بىلىدۇ دەپ ئويلىمايتتى. دەرۋەقە، باشقىلارغا نىسبەتەن بۇ مىراسلارنىڭ ھېچبىرىنىڭ قەغەزگە يازغۇدەك قىممىتى يوق ئىدى. . . ئۇلار بۇ نەرسىلەرنى كۆرگەنسېرى ھەيران بولاتتى، ھەيران بولغانسېرى قارىشاتتى. چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسى تاشلاندۇق دېگۈدەك نەرسىلەر ئىدى. مەرھۇمنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇلارنى ساندۇقلاردا، ئىشكاپلاردا، تېرە مۇقاۋىلاردا، ئەينەك قاچىلاردا ساقلىغىنىنى ھېچكىم چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتى. شۇڭا ئۇلارنى ئەيىبلىگىلىمۇ بولمايتتى.

دەرۋەقە، تاشلاندۇق دەپ قارىلىدىغان ئاشۇ نەرسىلەر مەرھۇمنىڭ دۇنيادا ئەڭ قىممەتلىك بايلىقلىرى ئىكەنلىكىنى باشقىلار نەدىن بىلسۇن؟ بەلكىم ئۇ نەرسىلەر شۇنداق قىممەتلىكتۇر، بىراق كىمگە نىسبەتەن؟ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئىگىسى بولغان ئۆزىگە نىسبەتەن ئىنتايىن قىممەتلىك ھەمدە بىباھا گۆھەر ـ دە. . .

ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆزىدىن قالغانلارنى كىملەر ئېدىتلاپ، كىملەر بىر تەرەپ قىلار؟ ئۈچ كىشىمۇ، بەش كىشىمۇ؟ بالىلىرىمۇ، نەۋرىلىرىمۇ؟ ئاجرىشىپ كەتكەن خوتۇنلىرى-

مۇ، ئۇرۇق جەمەتلىرىمۇ؟ ياخشى ـ يامان كۈنلەردە بىللە بولغان دوستلىرىمۇ؟ هايات ۋاقتىدا بىللە ئويناپ ـ كۈلگەن يار ـ بۇرادەرلىرىمۇ؟ ياكى هايات ۋاقتىدا دىدارىنى كۆرۈپ باقمىغان هۆكۈمەت كىشىلىرىمۇ؟

ئۇ بالدۇرراق ئۆلۈپ كەتكەن بولسىدى، ئۇلارنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزىدىن قالغان نەرسىلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشۋاتقانلىقىنى كۆرمىگەن بولاتتى، چۈنكى ئۇ چاغدا بۇ ئىشنىڭ ئۈستىدە بولمايتتى. ئەكسىچە، هايات بولۇپ، بۇ ئىشنىڭ ئۈستىدە بولسا، ئۇ تاشلاندۇقلار ئوتتۇرىغا يېيىلغاندا ئىنتايىن خىجالەت بولاتتى. بالدۇر ئۆلۈپ كەتكەننىڭ بىر پايدىسى، كىشى هايات ۋاقتىدا ئىنتايىن قەدىرلىگەن نەرسىلەرگە، ئۆلگەندىن كېيىن باشقىلارنىڭ هېچ ئەهمىيەت بەرمىگەنلىكىنى ۋە ئۇلارنى كەمسىتىشلىرىنى كۆرمەيدۇ. هېچبولمىغاندا، بالدۇر ئۆلۈپ كەتكەن ئادەم هايات ۋاقتىدا ئۆزى ئۇچۇن ئاجايىپ مۇقەددەس بولغان سىرلىرىنىڭ، يادىكارلىقلىرىنىڭ هەدىيەلىرىنىڭ چاۋىسى چىتقا يېيىلغانلىقىنى ۋە ئۇ ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلىردىنىڭ كەمسىتىلىپ بىر چەتكە تاشلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، خىجالەت بولمايدۇ. . .

ئۆلگۈچىدىن قالغانلارنى بىر تەرەپ قىلغۇچىلارغا كەلسەك، ئۇلار كىملەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ نەرسىلەرنى كۆرگىنىدە، شۇنچە يىل ئۇمۇر كۆرگەن بىر ئادەمدىن ئاران مۇشۇلار قاپتۇمۇ دەپ هەيران بولۇشىدۇ. بەلكىم ئۇلار بۇ سۇنۇق، پۇچۇق، ئەسكى ـ تۇسكى نەرسىلەر، خەت يېزىلغان قەغەز پارچىلىرى، تازىلىق قەغەزلىرى، تاماكا ۋە دورا قاپچۇقلىرى ۋەهاكازالارنى ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىشار. . . ياق، بۇنداق قىلالماس. چۈنكى بۇ ئەهمىيەتسىز نەرسىلەرنى يەنى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي قىممىتى بولمىغان تاشلاندۇقلارنى ئۇلار ئاجايىپ ياخشى ساقلانغان يەرلەردىن، مەسىلەن، نەقىشلىك بىر قۇتىدىن،

پىل چىشىدىن ياسالغان يەنە بىر قۇتىدىن، كۈمۈشتىن ھەل بېرىلگەن بىر قاچىدىن، ئالتۇن بىلەن قاپلانغان يەنە بىر قاچىدىن، سەنئەت قىممىتى يۇقىرى بىر كومزەكتىن، ناھايىتى چىرايلىق بېزەلگەن بىر تېرە مۇقاۋا ئىچىدىن. . . تاپقان ـ دە!

ئېيتايلۇق، بىر بۇرجىكىگە گۈل چېكىلگەن، ئەمما بىر نەچچە قېتىم يۇيۇلغان، پۇرلىشىپ كەتكەن كىچىككىنە ئاق قولياغلىق. . . قولياغلىقنىڭ يېنىدا ئۈچ تال قۇرۇغان قىزىل قەلەمپۇر گۈلى. . . ئۈستىگە گۈل ئىشلەنگەن، لېكىن قىزغۇچ شاراپ دېغى بىلەن كىرلەنگەن بىر ياپقۇچ — بۇ ياپقۇچنىسى سىلكىسە، ئۇنىڭدىن قىرىق ـ ئەللىك يىللىق توپا ـ چاڭ توزۇلىدۇ — . . . نەقىشلىك كىچىك قۇتىدا بىر تۇتام قوڭۇر رەڭ چاچ. . . كىچىككىنە بىر تۇمارچە قۇتا. . . ئۇچلاۋېرىپ كۆتمەك بولۇپ قالغان بىر قېرىنداش. . . ئىچىدە سوپۇن يالاندىسى بار بىر سۇنۇق سوپۇن قۇتىسى، قۇتىنى ئاچسا ئۇنىڭدىن يىگىرمە يىللىق سوپۇن پۇرىقى تارقىلىدۇ. . . بىر پىيالە ئىچىدە كۆزى ئاجراپ كەتكەن ئۆزۈك. . . كىتاب ۋاراقلىرى ئارىسىدا ھەر خىل قۇرۇتۇلغان گۈللەر، يوپۇرماقلار. . . ئىشلىنىپ بولغان ئايروپىلان، پويىز بېلەتلىرى. . . باغچە، كىنو، تىياتىرلارنىڭ ئىككى كىشىلىك بېلەتلىرى. . . بىر مۇنچە كونىۋېرتلاردىكى مەكتۇپلار. . . خەتلىرى ئۆچۈپ كەتكەن ئارخىپلار. . . ئەللىك ـ ئاتمىش يىللار ئالدىدىكى مېھمانخانىنىڭ ئىش قەغەزلىرى. . . يېڭى يىل ئاتكىرىتكىلىرى. . . رەسىملەر. . . ماركىلار، ھەر خىل تۈگمىلەر. . . گېزىتلەردىن قىيىۋېلىنغان ماقالىلەر. . .

بىر دانە ئايالنىڭ چاچ قىسقۇچى ۋە بىر يەلپۈگۈچ. . .

مانا بۇلارنىڭ قىممىتىنى باشقىلارنىڭ چۈشىنىشى مۇمكىن ئەمەس ۋە چۈشەنگۈدەك قىممىتىمۇ يوق، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەر بىرىدە ھاياتلىقنىڭ مەلۇم قىسمىنىڭ ئىزناسى بار.

مەيلى قانداق بولسۇن، ئۆلگۈچىنىڭ ئەۋلادلىرىغىمۇ، ئۇ-

رۇق جەمەتلىرىگىمۇ، دوست - بۇرادەرلىرىگىمۇ ياكى زادى تونۇمايدىغان بىر توپ ھۆكۈمەت كىشىلىرىگىمۇ ئەسقاتمايدىغان، توپا - چاڭ ئۇۋىسى بولۇپ ئۆينى بەند قىلىپ تۇرىدىغان بۇ ئەھمىيەتسىز نەرسىلەرنى ئەڭ ياخشىسى ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلاش ھەتتا كۆيدۈرۈپ يوقىتىۋېتىش كېرەك.

ئۇنىڭچە بولغاندا، ئەڭ قىممەتلىك مۈلكىم دەپ قارىغان بۇ نەرسىلىرىنى ئۆلۈمىدىن كېيىن باشقىلارنىڭ كۆرۈپ كەمسىتىشىگە، مەسخىرە قىلىشىغا ۋە ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىشىغا يول قويمايتتى. پەقەت كېيىنكى چاغدا مۇشۇنداق بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئۆزى ئالەمدىن ئۆتۈشتىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ھېچكىم تاپالمايدىغان قىلىپ كۆيدۈرۈۋېتەلەيتتى. بىراق، ھايات ۋاقتىدا ئۇلارنى كۆيدۈرۈشكە ھەرگىز كۆزى قىيمايتتى، چۈنكى ئۇلار تامامەن ئۇنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇلارنى كۆيدۈرۈپ يوقىتىۋېتىش ئۆزىنى يوقاتقانلىق بولاتتى. ئۇلارنى ئۆزى ئالەمدىن ئۆتۈشتىن سەل ئىلگىرى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ دېگەندە، ئەجەل بۇنىڭغا پۇرسەت بېرەمدۇ؟ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتسىچۇ؟...

مۇبادا تۇيۇقسىز ئەجەل كېلىپ، ئۆمۈر بويى يىغقان شۇنچە قىممەتلىك مۈلۈكلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىشكە ئۈلگۈرمەي بۇ ئالەمدىن كەتسە، ئۇ چاغدا ئۆزىدىن قالغان ئۇ نەرسىلەرنى بىر تەرەپ قىلغۇچىلاردىن روھى خىجالەت بولىدىغان گەپ. گەرچە ئۆلۈمىدىن كېيىنكى ئىشلارنى ئۆزى بىلمىسىمۇ، لېكىن بۇ خىجالەتچىلىكنى ھايات ۋاقتىدا ھېس قىلىدىغان گەپتە.

كۆيدۈرەلىسە، كۆيدۈرۈۋېتىشكە ئۈلگۈرەلىسە، ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئىزىنى قالدۇرماسقا كۆڭلى ئۇنايتتى ۋە كۆيدۈرۈلگەن ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ كۈللىرىنى ناھايىتى چىرايلىق بىر چىنە پۇلڭ ئىچىگە سېلىپ ساقلىغان بولاتتى. بىر تەرەپ قىلغۇچىلار ئۇ چاغدا چىنە پۇڭنىڭ چىرايلىقلىقى بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى نېمىنىڭ كۈلى ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمەيتتى. ئۇلار

بۇ كۆللەرنىڭ ئۈزۈن يىللىق بىر ئۆمۈرنىڭ خۇشاللىق ۋە خاپە-لىقلىرىدىن، كۆلكە ۋە كۆز ياشلىرىدىن، بەختىيارلىق ۋە قايغۇ - ھەسرەتلىرىدىن، ئالداش ۋە ئالدىنىشلىرىدىن، ئۈمىد ۋە ئۈمىدسىزلىكلىرىدىن قالغان ئۆمۈر يەكۈنى ئىكەنلىكىنى چۈ-شىنەتتىمۇ؟ مانا بۇلارنى ئۈزىدىن باشقا ھېچكىم بىلەلمەيتتى - دە. . . ھېلىمۇ ياخشى بىلەلمەيدىكەن، ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇلار ئۇ كىشىنىڭ دەۋردىن يىراقتا قالغانلىقى ۋە نادانلىقىنى مەسخىرە قىلىپ كۆلۈشەتتى.

ئۈزۈن گەپنىڭ قىسقىسى، ئۇ نەرسىلەرنىڭ بىرىنى قويماي كۆيدۈرۈۋېتىپ، بىر چىنە پوڭ ئىچىدە نېمىلىكى ۋە نېمىنىڭ كۆلى ئىكەنلىكى نامەلۇم ئاشۇ كۆلدىن باشقا ھېچنەرسە قالدۇر-مىغان تۇزۇك. لېكىن ئەجەل ئۇنىڭغا پۈتۈن ھاياتىنى كۆيدۈرۈۋې-تىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان شۇ پۇرسەتنى بېرىشكە مەردلىك كۆرسىتەرمۇ؟ ئەپسۇس، ئەجەل ئۇنىڭغا شۇنچىلىك بولسىمۇ خەيرخاھلىق قىلىسكەن!

ئۇنىڭ سۆيگۈنى ياشايدىغان شەھەرگە تۇنجى كېلىشى ئىدى. قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى. مېھمانخانىغا ئورۇنلىشىپلا سۆيگىنى-گە تېلېفون بەردى. سۆيگىنى شۇنداق خۇشال بولدىكى، ئۇنىڭ دەرھال ئۆيىگە كېلىشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇ ئۇنىڭ ئادرېسىنى بىلەتتى، شۇنداقتىمۇ كېلىدىغان يولنى ئېنىق ئېيتىپ بەردى. ئۇ تاكسىغا ئولتۇرۇپ، شوپۇرغا ئادرېسنى ئېيتتى.

يول بويى ئۇ ناھايىتى خۇشال ئىدى. بۇ خۇشاللىق ئايرىلغى-نىغا سەككىز ئاي بولغان سۆيگۈنى بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقى ئۈ-چۈنلا ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭدىن باشقا، سۆيگۈنى ياشاۋاتقان مۇھىتنى يەنى ئۇنىڭ تۇتقان ئۆيى، مېھمانخانىسى، ھۇجرىسى، ئاشخانىسى، ئىشخانىسى، ئۈستىلى، تاملاردىكى رەسىملەر، ياس-تۇقلىرى، ئورۇن - كۆرپىلىرىنى. . . ئومۇمەن ئۇنىڭ قانداق مۇھىتتا قانداق ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى. ئۇنىڭ ئۇنىڭ ئۆيىگە

بىرىنچى قېتىم بېرىشى ئىدى. ئىش ئۈستىلى، كىيىم ئىشكاپى، كىتاب جاۋەنلىرى، كىتابلىرى، گۈللىرى، گىلەملىرى. . . مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى سۆيگۈنىنىڭ قانداق ئادەملىكىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. چۈنكى كىشىلەر ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىت ۋە ماكاندىن ئايرىلسا، ئادەم سىياقىدىكى قانداقتۇ بىر مەخلۇق بولۇپ قالىدۇ ـ دە. . . ئىنساننى مەخلۇقتىن پەرقلەندۈرىدىغان نەرسە ئۇ ياشىغان مۇھىتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى، ئوقۇغان كىتابلىرى، گۈل قاچىسىدىكى گۈللىرى، سۇ ئىچىدىغان چىنە ـ قاچىسى. . . قىسقىسى، پۈتۈن بىساتلىرى ئۇنى مەخلۇقتىن ئايرىپ تۇرىدۇ.

ئۇ سۆيگۈنىنى ياشىغان ماكانى ئىچىدە، ئۆي بىساتلىرى بىلەن بىر پۈتۈن ھالدا كۆرۈش ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇنى تېخىمۇ يېقىندىن تونۇشنى ئويلايتتى.

ئۇ سۆيگۈنى تۇرىدىغان بىنانىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىگە چىقىپ، ئۆينىڭ قوڭغۇراق كۇنۇپكىسىنى باستى. ئىشىك دەررۇ ئېچىلىپ سۆيگۈنى ئالدىغا چىقتى. ئۇلار قۇچاقلىشىپ، سۆيۈشۈپ كۆرۈشتى. مېھمانخانىغا كىرگەندىن كېيىن ئۇ بىساتلارنى ئىنچىكىلەپ كۆزەتتى. دېمەك، سۆيگۈنى ئۇ ياقتۇرىدىغان بۇ سافالاردا ئولتۇرىدىكەن، بۇ ئۈستەلدە ئىشلەيدىكەن، مانا بۇ ئورۇندۇقى. . . تاملاردا رەسىم، ئىشىك، دېرىزىلەردە پەردىلىرى، گۈل قاچىلىرىدا گۈللىرى. . .

ئۇلار شاراب ئىچىشتى. سۆيگۈنى كەچلىك زىياپەت ئۈچۈن سىرتقا چىقىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا ئۇ بىئارام بولدى. چۈنكى سۆيگۈنىنىڭ چىنە ـ قاچىلىرى ۋە ھۇجرىسىنى كۆرمەكچى، ھېچبولمىغاندا ئاشخانىسىغا كىرىپ باقماقچى ئىدى. بىراق، سۆيگۈنى ئۇنىڭ ئالدىنى توستى. ئۇ ئاشخانىسىنى كۆرسىتىشنى خالىمايتتى. ھۇجرىسىنى كۆرۈشكە رۇخسەت قىلارمۇ؟ ئۇ يەرگىمۇ كىرەلمەيدىغىنىنى بىلدى. دېمەك، بۇ كېچە ئۇنىڭ ئۆيىدە

قونالمايتتى. . . هاجەتخانىسىغا كىرىشكە يا ماقۇل، يا ياق دېمە-
دى. هاجەتخانا بىلەن مۇنچا بىر يەردە ئىدى. مۇنچا كىيىمى،
لۇڭگە، سوپۇن، ئەتىر، گىرىملىرى ۋە بىر مۇنچە قۇتىلار،
بوتۇلكىلارنى كۆرگەن بولدى.

ھە. . . ھېلىقى سۇنۇق سوپۇن قۇتىسىنى دەمسىز؟ بىر
چاغدا ئۇنىڭ بىلەن بىر مېھمانخانىدا بىر ياتاقتا ياتقانىدۇق. تاڭ
ئاتقۇچە كۆز يۇمىمىدۇق. مۇنچىغا ئاۋۋال ئۇ چۈشتى، ئاندىن مەن
كىردىم ۋە ئۇنىڭ سوپۇنى بىلەن يۇيۇندۇم. ئۇ مېنىڭ خاتىرىلە-
رىمنىڭ بىر قىسمى بولغان كىچىك ھەدىيەلەرگە قىزىقىدىغانلى-
قىمنى بىلەتتى. شۇڭا ناشتا قىلغىلى چۈشۈش ئالدىدا، ئىككىمىز
بىللە ئىشلەتكەن سوپۇننى قۇتىسىغا سېلىپ ماڭا بەردى. ئۇنىڭغا
رەھمەت ئېيتىپ سۆيۈپ قويدۇم. ئايروپىلاندا كەلگۈچە سومكامغا
سېلىۋالغان ئۇ سوپۇن قۇتىسى بېسىلىپ بىر بۇرجىكى دەز كې-
تىپتۇ. مېنىڭچە ئۇنىڭ قىممىتى تېخىمۇ ئاشقانىدى. چۈنكى
ھەربىر سۇنۇق، ھەربىر دەز، ھەربىر ئىز، ھەربىر داغ، ھەربىر
تاتۇق تۇرمۇشتىكى بىر ئالاھىدىلىكنىڭ بەلگىسى ئىدى. ھېلىقى
بىر بۇرجىكى دەز كەتكەن قوڭۇررەڭ سوپۇن قۇتىسى ماڭا ئاشۇ
كۆڭۈللۈك كېچىمىزنى ئەسلىتەتتى. ئۇ ھېچقانداق ۋاقىتلارغا
ئوخشىمايدىغان بىر كېچە ئىدى. بۇ بەلكىم ئىككىمىز ئۈچۈن
ھەتتا پەقەت مەن ئۈچۈنلا شۇنداقتۇ.

دۇنيادا ئەڭ مەشھۇر مۇزېيلارنىڭ كۆپىنى كۆردۇم، بىراق
ھېچقايسىسىدا بۇ دەز كەتكەن سوپۇن قۇتىسىدىنمۇ قىممەتلىك
بىرەر نەرسىنى ئۇچراتمىدىم. ئۇنىڭ قىممىتىنى بۇ جاھاندا مەن-
دىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ھەممە كىشى ئۈچۈن
ئەمەس، بىرلا كىشى يەنى مەن ئۈچۈن قىممەتلىك ئىدى. . .

ئاھ. . . ھېلىقى بىر بۇرجىكىگە گۈل چېكىلگەن كىچىككىنە
ئاق قولياغلىق. ئۇنى ماڭا بەرگەن سۆيگۈنۈمنى ھەممە كىشى
مەرۋايىتقا ئوخشىتاتتى. ئۇ زىل ئاۋازى، چاققان ھەرىكەتلىرى

ۋە شېرىن سۆزلىرى بىلەن لىۋەنلىكنىڭ سىمۋولى دېسە بولىدى-
غان بىر گۈزەل ئايال ئىدى. مەن ئۇنى «خانىشىم» دەيتتىم.
بىز بىر يامغۇرلۇق كېچىسى چوڭ يولدا كېتىۋاتاتتۇق، ئۇنىڭ
بىر قولى ئالىقىنىمدا ئىدى. تۇيۇقسىز، بىر قانچە قېتىم چۈش-
كۈرۈپ كەتتىم. ئۇ دەرھال سومكىسىدىن ئاشۇ قولياغلىقنى
ئېلىپ ماڭا بەرگەنىدى، ئۇنى تۇتۇشقا كۆزۈم قىيماي ساقلاپ
قويغانىدىم.

ھېلىقى نەقىشلىك قۇتا ئىچىدىكى بىر تۇتام سۇس قوڭۇر-
رەڭ چاچلار يىگىرمە بىرىنچى ئەسىرگە قەدەم قويغان بىر كىشى-
نىڭ قەلبىدىكى ئوتتۇرا ئەسىرنى ئەسلىتىدىغان سىرلىق خاتىرە
ئىدى، ئۇ كىشى بولسا مەن! ئۇ بىر تۇتام چاچ ئۆتمۈش چاغلى-
رىمنىڭ قايتا كەلمەس ئەڭ كۆڭۈللۈك بىر قىسمىنى ئەسلىتى-
دۇ... ئۇنى ماڭا سۆيگۈنۈم يىغلاپ ئايرىلغان بىر كېچىنىڭ
سەھىرىدە يادىكار قىلغان. ئۇنىڭدىن بۇرۇن كۆپ قېتىم سورى-
سامۇ بەرمىگەن بۇ تەڭدىشى يوق قىممەتلىك سوۋغاتنى ئالغىنىم-
دا، خۇشاللىقتىن يۈرىكىم چىقىپ كېتەي دەپ قالغانىدى. ئارى-
دىن ئۇزۇن يىللار ئۆتتى. قاچانلا ئۇ قۇتىنى ئېچىپ ھېلىقى
چاچنى كۆرسەم يۈرىكىم ئاجايىپ ھاياجان بىلەن سوقۇپ كېتى-
دۇ. دۇنيادا ئەڭ مەشھۇر مۇزېيلاردىكى قايسى خاتىرە بۇيۇملار
ئېكسكۇرسىيىچىلەرنى بۇنداق ھاياجانلاندۇرالىسۇن!

كىچىككىنە قالغان بۇ كۆتمەك قېرىنداشمۇ؟ ئۇ ئالتە قىر-
لىق يېشىل قېرىنداش ئىدى. سۆيگۈنۈم ئۆز يۇرتىغا قايتىش
ئالدىدا خوشلاشقان ئەتىگەنلىكى ۋوگزالغا باردۇق. پويىزنىڭ مې-
ڭىشىغا بىر ئاز ۋاقىت بار ئىدى. ۋوگزالنىڭ ئاستىنقى قەۋىتى-
دىكى ماگىزىنلارنى ئارىلاپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈۋاتاتتۇق. يەنە باشقى-
نىش ئالدىدا تۇرغان جۇدالىقنى ئويلاپ، ئىككىلىمىزنىڭ ئۇند-
مىز ئىچىمىزگە چۈشۈپ جىم بولۇپ كەتكەنىدۇق. گۈل ساتىدى-
غان بىر دۇكاننىڭ ئالدىغا كەلگىنىمىزدە، ئىشكاپنىڭ ئەينىكىگە

چاپلانغان قەغەزدىكى سۆزلەرنى خاتىرىلىۋالاي دەپ يېنىمنى ئاختۇرسام قەلىمىم يوق. ئۇ سومكىسىدىن ھېلىقى كۆتمەك قېرىنداشنى ئېلىپ بېرىپ، «سىزدە قالسۇن...» دېدى. كېيىن ۋوگزال سۇپىسىغا چىقىپ ئورۇندۇقلارنىڭ بىرىدە ئولتۇردۇق. پويىز كەلگۈچە قۇچاقلىشىپ سۆيۈشۈپ تۇرغىنىمىزدا، گويا ئۇ يەردە يالغۇز ئىككىمىزدىن باشقا ھېچ ئىنسان يوقتەك، كۆزىمىزگە ھېچنەرسە كۆرۈنمىگەنىدى. پويىز كەلدى، يەنە ئۈنىمىز ئىچىمىزگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ پويىزغا چىقىپ دېرىزىدىن ماڭا قاراپ تويمايتتى. پويىز قوزغىلىپ كۆزدىن غايىب بولغۇچە بىر - بىرىمىزگە قوللىرىمىزنى پۇلاڭلاتتۇق. ھېلىقى كۆتمەك قېرىنداش ماڭا ھاياتىمنىڭ ئاشۇ بەختلىك مىنۇتلىرىنى ئەسلىتىدۇ. دۇنيادا ئەڭ قىممەتلىك بولغان بۇ قېرىنداشنىڭ قەدرىنى بىلىدىغان مەندىن باشقا ھېچكىم يوق. ئۇ كۆتمەك قېرىنداشنىڭ قىممىتىمۇ مانا مۇشۇ يەردە.

ھېلىقى قۇرۇغان گۈلچۇ؟ ئۇ گۈلنىڭ ئىسمىنى بىلمەيمەن، ئۇنىڭغا ئۆزۈمچە بىر ئىسىم قويۇپ قويساممۇ بولىدۇ. مەسىلەن، ئەۋرىشىم دېگەندەك... بىر قېتىم سۆيگۈنۈم بىلەن ئارالغا بارغانىدۇق. ھاۋا ئىسسىق ۋە شاماللىق ئىدى. سۆيگۈنۈم شامالدا چاچلىرىم چۇۋۇلمىسۇن دەپ بېشىغا يىپەك ياغلىقىنى تېڭىۋالغاندا تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەنىدى. بىر ئۆينىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمىزدا دەرۋازا ئەگمىسىگە زىچچىمدە ياماشقان يۆگۈمەچ گۈللەرگە كۆزىمىز چۈشتى. سۆيگۈنۈم ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن ئۇ كۆكۈش گۈللەردىن بىر تۇتام ئۈزۈۋېلىپ، بېشىدىكى يىپەك ياغلىقىغا ئورىۋالدى. پاراخوت بىلەن قايتىشىمىزدا ئۇ گۈلنى ماڭا ھەدىيە قىلغانىدى. رەڭگى ئۆڭۈپ قۇرۇپ كەتكەن ئۇ گۈلدە مەن ھاياتىمنىڭ بىر كۆڭۈللۈك كۈنىنى ساقلاپ قويدۇم. بۇ گۈلگە ھەربىر قارىغىنىمدا، ئۇنىڭدا مەندىن باشقا ھېچكىم ئوقۇيالمايدىغان بىر مۇھەببەت رومانىنى ئوقۇيمەن.

زەڭگەر لىنتا بىلەن باغلانغان ئۇ تېلېگراممىلارنى دېسىڭىز ،
ئۇلارنىڭ ھەممىسى سۆيگۈنۈمدىن كەلگەن ۋە كۆپىنچىسى تۇغۇل-
غان كۈنۈمنى مۇبارەكلەپ ئەۋەتىلگەن. ئېلىڭ، ئۇلاردىن بىرىنى
ئوقۇپ باقايلى: «سىزنى كۆپتىن - كۆپ ئويلايمەن، سىزنى
سۆيىمەن، سىنتەبىردە بارىمەن، سۆيگۈلىرىم بىلەن. . . »

قاراڭ، تېلېگراممىغا بىر تال يىڭنە مىخ بىلەن تىكىپ
قويغان قەغەزگە مۇنداق يېزىپتىمەن: «10 - ئاۋغۇست، سائەت
10:20 دە پوچتىچى ئەكېلىپ بەردى. ھارغىن كۆڭۈلسىزلىك
ئىچىدە بىردىن ۋە زادى كۈتمىگەن يەردىن ئېچىلغان بىر خۇشال-
لىق گۈلى! شۇنداقمۇ، ئەمەسمۇ؟ راستمۇ، يالغانمۇ؟ سەممىي-
مۇ، ساختىمۇ؟ ئىشىنىپمۇ، ئىشەندۈرۈپمۇ؟ مانا بۇلارنى ئويلاش-
نىڭ، بىكاردىن بىكار گۇمانلىنىپ، بۇ خۇشال كۆڭلۈمنى غەش
قىلىشنىڭ ھېچقانداق مەنىسى يوق. شۇ تاپتا بەختلىكمەن. چۈن-
كى ئۇنىڭ تېلېگراممىسى ئىچكى دۇنيايىمنىڭ بۇ قاراڭغۇلۇقلى-
رىغا يۇلتۇزلاردەك نۇر چاقنىتىپ ئۇچۇپ كەلدى ۋە مېنى خۇشال
قىلدى.

قايسى شاھنىڭ، قايسى خاننىڭ پەرمانى ۋە قايسى تارىخىي
ئىسپات مەن ئۇچۇن ئۇ تېلېگراممىغا قوشۇپ قويغان خاتىرەمدىن-
مۇ قىممەتلىك بولسۇن!

ھېلىقى كۆزى ئاجراپ كەتكەن ئۈزۈكنى دەمسىز؟ ئۇ ئۈزۈك
ئۇ كۈنى ئۇنىڭ بارمىقىدا ئىدى. ئۇ رەڭدار جا ياقۇت كۆزلۈك،
پۇلىمۇ ئەرزان بىر ئۈزۈك ئىدى. ئۇنى ئالغان ۋاقتىمىزدا سۆي-
گۈنۈم قولىغا سېلىپ بېقىپ، «قاراڭ، نېمىدېگەن چىراي-
لىق. . . » دېگىنى زادى يادىمدىن چىقمايدۇ. ئۇنىڭ قولىنى
ئالىقىنىمغا ئېلىپ بارماقلىرىنى سىلاۋاتاتتىم، ھېلىقى ئۈزۈك-
نىڭ كۆزى ئاجراپ كەتتى. ئۇنىڭ ئەينى ئۆزىدەك ئۈزۈكنى كۆپ
ئىزدەپ تاپالمىدىم، شۇڭا ئۇنى ئاجرىغان پېتى خاتىرە قىلىپ
ساقلاپ قويدۇم. ئۇ ئۈزۈككە قارىغىنىمدا، تېخىچە ئۇنتۇلمىغان

مۇھەببەتنىڭ زادى سوۋۇمىغان ھارارىتىنى ھېس قىلىمەن. ئار-خېئولوگىك قېزىلمىلاردىن چىققان ھېچقانداق زىبۇ - زىننەتلەر مەن ئۇچۇن ئاشۇ كۆزى ئاجراپ كەتكەن ئۇزۇكتىنمۇ قىممەتلىك بولماس.

ھەرقانداق ئۇچرىشىشلاردا ئايال ئەرنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلى-دۇ. ئەر خېلى يىللاردىن بېرى سۆيۈپ كېلىۋاتقان ئايالنىڭ ئۆيىگە بارغان ئۇ كېچىنى مەڭگۈ ئېسىدىن چىقارمايدۇ. مۇھەب-بەتنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق دېڭىزىدا دولقۇنلارنىڭ ئەڭ ئېگىز كۆتۈرۈلگەن مەزگىلى ئىدى. ئەگەر ئۆزى سۆيگەن ئايالنى ئۆيى-دە، ياتىدىغان ھۇجرىسىدا، ئۆي بېساتلىرى بىلەن بىر پۈتۈن ھالدا كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى. بىراق ئۇ كېچە ئايال ئەرنىڭ ئۆز ئاشخانىسى ۋە ياتاق ھۇجرىسىغا كىرىشىگە رۇخسەت قىلمىغان ھەتتا زىياپەتنىمۇ سىرتقا ئورۇنلاشتۇرغانىدى. لېكىن، ئارىدىن بىر قانچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، بۈگۈن ئۇنى ئۆيىگە قىزغىن تەكلىپ قىلدى. چۈنكى ھازىر ئايالنىڭ كۆرسىتىشكە ئەرزىيدى-غان ساندۇقى، شەھەرنىڭ بايلىرى تۇرىدىغان رايوندا ئىككى قە-ۋەتلىك چوڭ ۋە كەڭتاشا، ھەشەمەتلىك بېزەلگەن ئۆيى بار ئىدى ۋە بۇ ئۆيىدە ئۆزى بارغان دۆلەتلەردىكى ئاساره - ئەتىقە سودىگەر-لىرىدىن سېتىۋېلىپ توپلىغان قىممەت باھالىق ۋە كىشىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرىدىغان ئىنتايىن چىرايلىق زىننەت بۇيۇملار يالتىراپ تۇراتتى. بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئىككى - ئۈچ يۈز يىل-لىق يادىكارلىقلار ئىدى. فارفۇر چىنە - قاچىلار ۋە ياغاق، دوپ، ئامۇت ياغاچلىرىدىن ياسالغان ئۆي جاھازلىرىغا ئۇلارنىڭ ياسىلىش ۋاقىتلىرى ئويۇلغان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ سالاھىيەتلى-رىگە ئوخشاش، ماددىي نەرسىلەرنىڭ سالاھىيىتىمۇ تامغىلىنىپ كەتكەنىدى. تام سائىتى ئون توققۇزىنچى ئەسىرنىڭ ئىدى. پىئا-نىنو بۇ ئەسىر بېشىنىڭ تەنتەنىسىنى ئەكس ئەتتۇرەتتى. بەزىلى-رى چارپادىشاھىنىڭ، بەزىلىرى مەلىكىسىنىڭ، كىتاب جاۋەنلى-

ـرى ۋىنانىڭ، خىرۋستاللار چېخوسلوۋاكىيىنىڭ، چىنە پۇڭلار جۇڭگونىڭ، گىلەملەر ئىران ۋە تۈركىيىنىڭ ئىدى. ئون سەككىزىنچى ئەسىر ئوسمانىيە ئىمپېراتورلۇقى زامانىدىكى پادىشاھىنىڭ ئەمىرلىرى يېزىلغان لەۋھەلەرچۇ تېخى!

قولىڭىز تەگكەن، كۆزىڭىز چۈشكەن ھەممە نەرسە ئىنتايىن كۆركەم بولۇپ، پۈتۈن بۇ تارىخىي يادىكارلىقلار ئۆي ئىچىگە ئىنتايىن ھەۋەس بىلەن تۈجۈپىلەپ ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ئايرىم - ئايرىم نەرسىلەرنىڭ گۈزەللىك دەرىجىسىنى پەرقلەندۈردىغان ئىبارىلارمۇ ئاجايىپ ماسلاشقانىدى.

مۇزېيلار ئاۋام ئۈچۈن ئېچىلىدۇ، بىر كىشىلىك مۇزېي بولمايدۇ. بىر كىشى ئۆيىنى مۇزېيغا ئايلاندۇرغانىكەن، خالىسۇن - خالىمىسۇن، كىشىلەرنىڭ كۆرۈشى، ماختىشى، ھەيران بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ ئايالمۇ ئۆيىنىڭ كۆركەم، باي ۋە گۈزەللىكىنى كىشىلەرگە، بولۇپمۇ گۈزەللىكنى بىلىدىغان كىشىلەرگە كۆرسىتىش ۋە ئۇلارنى ھەيران قالدۇرۇشنى خالايتتى. كۆرۈشنى بەكرەك ئارزۇ قىلغان كىشى بولسا، بىر قانچە يىللار ئالدىدا ئۇ ئۈچ ئېغىز ئۆيلۈك بىنانىڭ بىر قەۋىتىدىكى ھۇجرىنى، ئاشخانىسىنى كۆرۈشكە قىزىققان قەدىناس سۆيگۈنى ئىدى.

بۇ كىشى سۆيگۈنىنىڭ قىزغىن تەكلىپىگە سەۋەب كۆرسىتەلمەي، تەسلىكتە بېرىپ ئۇ ھەشەمەتلىك ئۆينى كۆردى، كېچىنىمۇ ئۇ يەردە ئۆتكۈزدى. سۆيگۈنى ئۇنىڭغا ئۆيىنىڭ ھەممە يېرىنى بىر - بىرلەپ كۆرسەتتى، كۆرسەتكەندىمۇ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەمەستەك بىر خىل نازاكەت بىلەن كۆرسەتتى. ئۇلار خىرۋستال ئىستاكانلاردا چاي، سۇ، شاراب ئىچىشتى، پارىژنىڭ داڭلىق ئورۇندۇقلىرىدا ئولتۇرۇشتى.

ئۇ كۈنى بۇ كىشى بىر قانچە يىللاردىن بېرى ئەندىشە قىلىپ كەلگەن بىر ئىشنى ھەل قىلدى: ئۇ بىر چاغلاردا سۆيگۈنىگە بىر

دانە ئالتۇن زەنجىرلىك ئالماس مېدالىئون ھەدىيە قىلغان، بىراق بۇ مېدالىئوننى ئۇنىڭ كۆڭلىگە يارىشا بولسىمۇ بىرەر قېتىم بوينىغا ئاسقىنىنى كۆرمىگەنىدى. بىر چاغلاردا ئۇنىڭغا نەقىشلەنگەن تۇچ رامكىلىق بىر ئۇستەل ئەينىكى ھەدىيە قىلغان، بىراق بۇ ھەدىيىنى ئالغىنىدىمۇ ھېچقانداق خۇشاللىق ئىپادىسى كۆرسەتمىگەنىدى. بىر چاغلاردا گىرۋىكىگە ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن پىيالىلەرنى ھەدىيە قىلغىنىدا، ئاغزىنىڭ ئۇچىدا بولسىمۇ رەھمەت دەپ قويمىغانىدى. بىر چاغلار، بىر چاغلار. . . نېمىدېگەن كۆپ بىر چاغلار بۇ! بۇ كىشى شۇ چاغلاردا سۆيگۈنىگە نېمىدېگەن ئەخمەقلارچە ھەدىيىلەر بەرگەنلىكىنى ئەمدى چۈشىنىپ نومۇس قىلاتتى. مانا بۇلارنىڭ نېمىنى چۈشەندۈرىدىغانلىقىنى ئارىدىن ئون بەش يىل ئۆتكەندىن كېيىنلا بىلىپ يەتتى. ئۇ ئىنتايىن نازاكەتلىك، تارتىنچاق، بىر نەرسىلەرگە ئاسانلا قىزىقىپ كەتمەيدىغان، «غەيرىي ئىقلىم» يەنى كىشىلەر ياقتۇرىدىغان نەرسىلەردىن بىزار، لېكىن ئالاھىدە ۋە كەم ئۇچرايدىغان قەدىمىي نەرسىلەرنى ياقتۇرىدىغان، تەربىيە كۆرگەن بىر خانىم ئىدى. ھەرقانداق بىر نەرسىنى ھەركىم بىلىسە، ھەر كىم سېتىپ ئالالىسا، ھەر كىم ياقتۇرسا، ھەر كىم ئىشلەتسە، ئۇنداق نەرسىنىڭ گۈزەل ۋە قىممەتلىك بولۇشى ناتايىن. مەسىلەن، راۋېلنىڭ «بولېرو»[1]سى ھەممە كىشى ياقتۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ مۇزىكىسى ھەر ھالدا ناھايىتى ئاز كىشى ياقتۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن ياخشىمۇ ئەمەس، يامانمۇ ئەمەس ئىدى. دېمەك، كىشىلەرنىڭ ئىنتايىن يالىڭاچ بىر ھەقىقەتنى چۈشىنىشى ئۈچۈن بىر قانچە يىل سەرپ قىلىشىغا توغرا كېلىدىكەن.

قەدىرلىكىم:

---

[1] ئىسپانىيە بالېتىدا بەلگىلىك رىتىمى بولغان مەشھۇر تانسا.

ئاخىرى ئۆيۈڭنى كۆردۈم. ھەقىقەتەن ئىنتايىن ئېسىل ئۆ-يۈڭ بار ئىكەن. ئۇنى ناھايىتى ھەۋەس بىلەن سەرەمجانلاشتۇ-رۇپسەن، ئولتۇرغىلى نېسىپ قىلسۇن. ئۇ ھەشەمەتلىك ئۆيۈڭدە بەختىيار ياشىشىڭغا تىلەكداشمەن.

مېنىڭ ئەقىلسىزلىقىمغا قارا. ناھايىتى كىچىكىپ بولسىمۇ شۇنداق چۈشەندىمكى، سەن مۇزېيلىق قىممىتى بولغان چىراي-لىق، تارىخىي، نەپىس بېساتلارنى ياخشى كۆرىدىكەنسەن. بىد-راق، ھەر قانچە قىممەتلىك بېساتلارنى ئېلىپ ئۆيىمىزگە تىزىپ قويساقمۇ، مۇزېيلاردا ئۇنىڭدىنمۇ قىممەتلىكلىرى بار. لوئوۋرېد مۇزېيى، برىتانىيە مۇزېيى، ئېمىتاژ مۇزېيى، توپقاپى سارىيى ۋە ئامىستىردام خەلقئارا مۇزېيىدىكىلەردىنمۇ قىممەتلىك ۋە ئې-سىل نەرسىلەر كىمنىڭ ئۆيىدىن تېپىلىدۇ؟

بۇ ھەقتە سەندەك ئويلىمايمەن. مەن بۇنداق قىممەتلىك بېساتلارغا ئىگە بولۇشنى خالىمايمەن. لېكىن مېنىڭ بېساتلىرىم-نىڭ مەن ئىشلەتكەنلىكىم ئۈچۈن پەقەت ئۆزۈم چۈشىنىدىغان قىممىتى بولسۇن. ئۇلار شۇ ۋەجىدىن ئەتىۋارلانسۇن دەپ ئويلاي-مەن. مەن ئىشلەتكەن بېساتلارنىڭ پەقەت مېنىڭ كىشىلىكىمنى نامايان قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇلار باشقىلار ئۈچۈن ھېچقان-داق قىممىتى بولمىغان نەرسىلەر بولۇشى مۇمكىن. لېكىن مې-نىڭ نەزىرىمدە ئۇلار بىباھا گۆھەر. ئۇلارنىڭ قىممىتىنى دۇنيادا يالغۇز ئۆزۈملا چۈشىنىمەن، باشقىلار ئۈچۈن بۇلار ئەخلەت سان-دۇقىغا تاشلىنىدىغان نەرسىلەر. مەسىلەن، سەندىن قالغان كۆت-مەك قېرىنداش، ئۆيۈمىدە سەن چۈشۈرۈپ قويغان چاچ قىسقۇچ . . . ئۇ بىر چاغلاردا مەن سېنى سۆيۈپ تۇرۇپ سىلىغان چاچلىرىڭنى قىسىپ تۇراتتى. ئۇ ھاياتىمدىكى بىر خاتىرىنى نامايان قىلغانلىقى ئۈچۈن پەقەت ماڭا نىسبەتەن قىممەتلىك.

قەدىرلىكىم، مۇزېيلار ئاۋام ئۈچۈن ئېچىلىدۇ. مېنىڭ مۇ-زېيىم بىر كىشىلىك بولۇپ، پەقەت ئۆزۈم ئۈچۈن. . . مانا ھازىر

مۇزېيىمدا تۇرىمەن. يەنە كېلىپ دۇنيادا ئەڭ باي، ئەڭ قىممەتلىك مۇزېيدا... بۇ قىممىتىنى ئۆزۈملا چۈشىنىدىغان ۋە مېنىڭ كىشىلىكىمنى ئۆزۈمگىلا چۈشەندۈرىدىغان مۇزېي...

ھېلىقى كىچىككىنە تۇمارچە قۇتا... ھېلىقى چاچ قىسقۇچ... تېلېگراممىلار... مەكتۇپلار... دەز كەتكەن قوڭۇر رەڭ سوپۇن قۇتىسى... گاھىدا ئۇ قۇتىنى ئېچىپ، ئۆتمۈشۈمدە قالغان بىر سۆيگۈ كېچىسىنىڭ ھىدىنى پۇرايمەن. ئارالدا مەن چېچىڭغا تاقاپ قويغان ھېلىقى گۈل قېنى؟

ھېلىقى چىرايلىق چىنە پۇڭچۇ؟ مەن ئۈچۈن دۇنيادا ئەڭ باي ۋە ئەڭ قىممەتلىك مۇزېيدىن ئېشىپ چۈشىدىغان يادىكارلىقلار كۆلىنى مەن شۇ چىنە پۇڭدا ساقلايمەن.

مۇزېيىمدىن ئۆزۈمنى قانائەتلەندۈرگەن كۈنلىرىمنىڭ قەدىردانىغا سۆيگۈلىرىم بىلەن...

# مېنى كۆز مونچاق دەيتتى

ئاۋات شەھەرنىڭ ئەڭ كاتتا كوچىسىنىڭ تارچۇق يان كوچە-
لىرىنىڭ بىرىدىكى يانمۇ - يان ۋە ئۇدۇل بىر - بىرىگە قارىشىپ
تۇرىدىغان مەيخانىلارنىڭ دائىملىق چۆپقەتلىرى ئۇنى ياخشى تو-
نۇيتتى. كونا بىنالارنىڭ يەر ئاستى ئۆيلىرىدىن، كۆمۈرخانىلە-
رىدىن ئۆزگەرتىپ ياسالغان بۇ كىچىك مەيخانىلارنىڭ ئەڭ چوڭى-
غىمۇ ئاران تۆت ئۈستەل سىغاتتى. مەيخانىغا يېڭى ئىچىلغانلىقى-
بىلىنىپ تۇرىدىغان ئىشىكلىرىدىن بىر قانچە پەلەمپەي بىلەن
چۈشەتتى. بۇ تارچىلىق ۋە قىستاڭچىلىق مەيخانا چۆپقەتلىرى-
مەست بولغانسېرى ئۇلارنىڭ ھەۋەسلىرىنى ئاشۇراتتى؛ مەستاند-
لەرنىڭ بىر - بىرىگە چىڭ گىرەلىشىپ سۆيۈشۈشلىرىگە سەۋەب-
بولغىنىدەك، بەزىدە جېدەل - غوۋغالارغىمۇ سەۋەب بولاتتى.
ئۇ كۈندۈزلىرى ئالتىنچى ئاينىڭ پاقىسىدەك ئۇ يەرلەرد-
زادى كۆزگە چېلىقمايتتى. لېكىن، يوللىرى ئوڭغۇل - دوڭغۇل-
بۇ تار كوچىنى قاراڭغۇلۇق باسقاندا، كىچىك مەيخانىلارنىڭ بىرى-
دە لەپپىدە پەيدا بولاتتى ۋە ئۆزى يالغۇز كىرگەن مەيخانىد-
ھەرگىز يالغۇز قالمايتتى. مەيخانىدىكى تونۇش ئەرلەر ئۇنىڭ
ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىپ، سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى قىزىقىپ ئاڭلى-
شاتتى. ئۇنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرى راست ياكى ئويدۇرما بولۇ-
شىدىن پەرۋايى پەلەك، ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ كىشىنىڭ قەلبىنى
ھاياجانلاندۇرىدىغان ئىچىمىشلىق، قىزىق ئىشلارنى سۆزلەپ بەر-
گىنىگە قىزىقىپ ئەتراپىغا ئولىشىۋالىدىغانلار خېلى كۆپ بولات-
تى.

ئۇنىڭ كىملىكىنى سۈرۈشتۈرىدىغان كىشىمۇ يوق ئىدى.

بالغوز ئۇنىڭلا ئەمەس، بۇ كىچىك مەيخانا چۆپقەتلىرىنىڭ كۆپىنـ
چىسىنىڭ ئۆتمۈشلىرى نامەلۇم ئىدى. ئۆتمۈشى نامەلۇم بولغاچـ
قا، كەلگۈسىمۇ قاراڭغۇ ئىدى. دەرۋەقە، تۈنۈگۈن نېمە قىلغانـ
لىقى، ئەتە نېمە قىلىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. بىلىدىغىنى
ئۆتكەن كۈنلىرى بىلەن كېلىدىغان كۈنلىرىدىن بىخەۋەر سەرگەرـ
دان ھاياتىدا ياشاۋاتقان «ھازىرى» ئىدى يەنى نامەلۇم ئۆتمۈشى
بىلەن قاراڭغۇ كەلگۈسى كېسىشكەن يەردىكى «ھازىرى» نى قانغۇـ
ەك ئۆتكۈزۈشىلا كۇپايە ئىدى. شۇ تاپتىكى «ھازىرى» نى ئۆتـ
كۈزە ـ ئۆتكۈزمەيلا ئۇنى شۇئان ئۇنتۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى
ھازىرى» غا كۆچۈشەتتى. تۈنۈگۈن نېمە قىلغانلىقى ئۇلارنىڭ
ادىدىن كۆتۈرۈلەتتى، ئەتە نېمە قىلىدىغانلىقى بولسا «تەقـ
دىر ـ قىسمەت» تە ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئايالنىڭ بىر ئۆزگىچەـ
لىكى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۆتمۈشىدىن قېپقالغان ئۇنتۇلغۇسىز
كەچۈرمىشى بولۇپ، ھەر قېتىمقى «ھازىرى» نىڭ ئىچىدە ھامان
ۇ كەچۈرمىشىنى ئەسلەيتتى، ئۇنىڭدىن باشقا كەچۈرمىشلىرىنى
ەسلىيەلمەيتتى، ئەتىكى كەلگۈسىمۇ ناتايىن ئىدى. . . ئۆتمۈشىـ
ىن ئۇنتۇلماي كېلىۋاتقان شۇ بىرلا خاتىرىسى بولسا بىر سۆيگۈ
ەقەسى ئىدى. ئۇ سۆيگۈنى ئۇ ئەڭ نازۇك تەپسىلاتلىرىغىچە
ەسلەيتتى، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى مانا شۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭغا
گۇمانىي قارىشاتتى. چۈنكى ئۇ شۇ كەچۈرمىشى ھەققىدىكى ئەسـ
لىمىسىنى: «20 ـ دېكابىر، جۈمە، كەچ سائەت ئالتە
ئىدى. . . » دەپ باشلايتتى ياكى «يېرىم ئىسپورت كىيىمى كىيـ
گەن، ئاقۇش، مەڭلىك، گىلاس رەڭ شارپا ئارتقان. . . » دەپ
داۋاملاشتۇراتتى.

شۇنچە يىللار بۇرۇن ئۆتكەن بىر ۋەقە ئۇنىڭ ئېسىدە قانداقـ
مۇ شۇنچە ئىنچىكە تەپسىلاتلىرىغىچە قالسۇن، دەپ گۇمانلانغۇـ
چىلار ۋە يالغان سۆزلىرىگە ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن ئەتەي شۇنداق
تەپسىلاتلارنى توقۇغان، دېگۈچىلەرمۇ بار ئىدى.

ئۇنىڭ بۇ كەچۈرمىشىگە ئىشەنمىگەنلەرنىڭ گۇمانىغا ياكى مەسخىرىلىرىگە ئۇ قاتتىق ئېتىراز بىلدۈرەتتى. ئۇ ئاشۇ ئۇنتۇلغۇسىز كەچۈرمىشىگە توختالغاندا، سالاپەتلىك بىر خانىم قىياپىتىگە كىرەتتى، پۈتۈنلەي باشقا بىر ئايالغا ئايلىناتتى. سۆزلەش ئۇسلۇبى، ھەرىكەتلىرى، ئاۋازلىرىمۇ ئۆزگىرەتتى. ئارىدىن بىرەرى بۇ كەچۈرمىشىنى مەسخىرىلەيدىغان بىرەر سۆز قىستۇرۇپ قالسا، ئۇ شۇئان غەلىتە بىر چۈشكۈن ھالەتكە كىرىپ، ئەڭ پەسكەش كوچا خوتۇنلىرىدىنمۇ بەتتەر تىللار بىلەن ھاقارەتلەپ ئۇنىڭدىن يىراقلىشاتتى.

ئۇ قانچە ياشلاردىدۇ؟ ئەللىكتە بولۇشى مۇمكىن. يەتمىشلەردىمۇ يا؟ بەلكىم ئەللىكلەردىدۇ، يا بولسا، تېنى ئاجىزلاپ قالغاچقا ياشىنىپ قالغاندەك كۆرۈنىدىغاندۇ. بەلكىم يەتمىشلەردە بولسىمۇ، جۇغى كىچىك بولغاچقا، ياشتەك كۆرۈنىدىغاندۇ. يۇيۇنۇپ، تارىنىپ، تەقى - تۇرقىنى رۇسلاپ، باش - كۆزىنى تۈزەشتۈرۈپمۇ قويمىغاچقا، ئۇنىڭ ھەقىقىي يېشىنى بايقىغىلى بولمايتتى. ھەر ھالدا ئۆزىنى پەسلەشتۈرگەن كىشىلەردىن ئانچە چوڭ بولمىسا كېرەك.

پۈتكۈل ئۆتمۈشىدە باشقا ھېچبىر كەچۈرمىشى بولمىغاندەك، ئۇ ھەمىشە ئاشۇ بىرلا ئۇنتۇلماس خاتىرىسىدە ئۆزىنى «كۆز مونچىقىم» دەيدىغان ئادەم بىلەن بولغان ئالاقىسىنىلا سۆزلەيتتى. بۇ ئالاقىنى ئانچە بىر سۆيگۈ دېگىلىمۇ بولمايتتى، چۈنكى ئۇ بىر تەرەپىنىڭلا ئاشىقلىقى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى «كۆز مونچىقىم» دەيدىغان ئادەمنى چىن يۈرىكىدىن سۆيۈپ باقمىغانىدى. ئۇلارنىڭ ئالاقىسى بار - يوقى ئىككى يىل داۋاملاشقان بولۇپ، بۇ ئىككى يىلنىڭ ئىچىدە پەقەت سەككىز ئايلا بىللە ياشىغانىدى. بىللە ياشاش دېگەن بۇ ئۇقۇمنى ئۇ مۇنداق بايان قىلاتتى:

— ئۇ ئارىلاپ يەنى ھەپتىدە ئىككى كۈن دېگۈدەك ئۆيۈمگە كېلىپ تۇراتتى. كۆپىنچە كەچقۇرۇنلىرى كېلەتتى. كەلگەن

چاغلىرىدا ئۆيدە بولۇشۇمنى تەلەپ قىلاتتى. ئوچۇق گەپ قىلمايت-
تى، لېكىن قاراشلىرىدىن، ئاۋازىنىڭ تىترەشلىرىدىن چۈشىنەت-
تىم. ئۆيگە كېلىپ مېنى تاپالمىسا، كىيىملىرىنى يېشىۋېتىپ،
ئۆي كىيىمىنى كىيىپ، ھەر قېتىم ئولتۇرىدىغان كرېسلودا
كىتاب ئوقۇپ ئولتۇراتتى. كىتاب ئوقۇغىنىدا رادىئونى ئېچىپ
قوياتتى. رادىئودا ئادەتتىكى ئاڭلىتىش ياكى يېقىمسىز مۇزىكا
بېرىلىۋاتقان بولسا، ئۇنىئالغۇغا لېنتىنى سالاتتى. ئۇنىڭ بۇنداق
مۇزىكىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلىمەن.
چۈنكى ئۇ بىر قانچە قېتىم ماڭا: باشقا بىر ئىش بىلەن شۇغۇللى-
نىۋاتقاندا مۇزىكا ئاڭلىسا، مۇزىكىغا ناھەقلىق بولىدىغانلىقىنى
دېگەنىدى. ياخشى بىر مۇزىكىنى پەقەت مۇزىكا دەپلا ئاڭلىماسلىق
كېرەك ئىكەن. لېكىن ئۆزى باشقا ئىش قىلغاندىمۇ مۇزىكا ئاڭ-
لايتتى. ئۇ چاغدا بېلىقچىلار تورنى تارتقاچ ناخشا ئېيتقاندەك،
ئورمىچىلار ناخشا ئېيتىپ ئورما ئورۇغاندەك، مۇزىكا ئۇنىڭ
قىلىۋاتقان ئىشىغا مەدەت بېرىدىكەن. ئۆيدە ئىچىشسەك: «كۆز
مونچىقىم، بىر ناخشا ئېيتىپ بەرمەمسىز؟» دەيتتى. ۋاي،
ئۇنىڭ بۇ تەلەپلىرىدىن شۇنداق ئىچىم پۇشاتتىكى، ئۇنىڭغا گەپ
قىلغۇم يولسىمۇ قىلمايتتىم...

مەيخانىدىكىلەرمۇ ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىسمىنى بىلمىگەچكە،
بىر نەچچە يىللارنىڭ ئالدىدا ئۇنى سۆيگەن ھېلىقى ئادەمدەك
«كۆز مونچاق» دېيىشەتتى، «كۆز مونچىقىم» دېگۈچىلەرمۇ چى-
قاتتى. شۇنىڭ بىلەن «مونچاق» بىلەن «مونچىقىم» نىڭ پەرقى
مەيدانغا چىقاتتى. ئۇنىڭ «مونچىقىم» دېيىلىدىغان يېشى خېلى
بۇرۇنلا ئۆتۈپ كەتكەن، «مونچىقىم» دېيىلگۈدەك گۈزەللىكىمۇ
قالمىغانىدى. ئەمدى ئۇ كىمنىڭ ئىكەنلىكى نامەلۇم ھەتتا ھېچ-
كىمنىڭ بولمىغان شۇنداق بىر مونچاق ئىدى.

— دېمەك، ئۆيۈڭگە كەلگەنلەر سېنى تاپالمايدىكەن...
سەن ئۆيگە قاچان قايتىپ كېلەتتىڭ كۆز مونچاق؟ — دەپ سورى-

غۇچىلارغا ئۇ مۇنداق دەيتتى:

— قاچان كېلىدىغانلىقىم مۇقىم ئەمەس ئىدى. بالدۇر قايتىدىغان ۋاقىتلىرىممۇ بولاتتى. لېكىن كۆپىنچە يېرىم كېچىدىن كېيىن ھەتتا سەھەرگە يېقىن كېلەتتىم. كەلمەيدىغان كۈنلىرىممۇ بولاتتى. ئاچقۇچنى قۇلۇپقا سېلىپ ئىشىكنى ئاچماقچى بولغىنىمدا، ئىشىكنى ئىچىدىن ئۇ ئېچىپ بېرىپ: «خۇش كەپسىز كۆز مونچىقىم!» دەيتتى. ئاۋازى باھاردەك ئىللىق ئاڭلىناتتى. لەۋلىرى سوغۇق مەڭزىلىرىمگە تەگكەندە، ئۇنىڭ ئىللىق تەپتى كۆز يېشىمدەك تۇيۇلاتتى. . . مەن بولسام ئەكسىچە كالپۇكلىرىمنى ئۇمچەيتەتتىم، چۈنكى ئۆزۈمنى ئۇنىڭ ئالدىدا گۇناھكار ھېس قىلاتتىم. ئەلۋەتتە، كەچكىچە ۋە كېچىچە ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئۇنى كۈتەلمەيتتىم - دە. . . ئۇنىڭ قاچان كېلىدىغانلىقىنى بىلسەم، ئۇ چاغدا ئەلۋەتتە ئۆيدە بولاتتىم. ئۇنىڭ يېنىدا ئاچقۇچى بار ئىدى، لېكىن ھەر كەلگىنىدە يەنىلا ئىشىكنىڭ قوڭغۇرىقىنى باساتتى. مېنىڭ ئىشىكنى ئېچىپ ئالدىغا چىقىشىمنى تەلەپ قىلاتتى. ئىشىكنى ئاچقىنىمدا، مېنىڭ ئۆيدە ئىكەنلىكىمنى كۆرۈپ، كۆزلىرىدە خۇشاللىق ئۇچقۇنلىرى ئۇچقۇندايتتى. ئىشىكتىن كىرىپلا قولىدىكى گۈلىنىمۇ بەرمەي تۇرۇپ «كۆز مونچىقىم» دەپ مېنى قۇچاقلاپ سۆيەتتى. ھېچقاچان ئۇنىڭغا ھەۋىسىم قوزغالمايتتى. لېكىن ئۇنى ئۆيدە كۈتۈۋالغانلىقىم ئۈچۈن ۋەزىپەمنى ئۆتەش زۆرۈرىيىتىدىن ئۇنىڭغا يېقىملىق كۆرۈنۈشكە تىرىشاتتىم. ئۇ ھەر قېتىم كېلىشىدە گۈل ۋە مەن ياخشى كۆرىدىغان شاكىلات قاپلىغان بادام ياكى پىستە ئېلىپ كېلەتتى. ئېپكەلگەن گۈلىنى ئېلىش باھانىسى بىلەن مېنى قۇچاقلىشىدىن قۇتۇلۇپ قالاتتىم. ئەگەر ئۆيگە كەلگىنىدە مەن بولمىسام، ئەپكەلگەن گۈلىنى گۈلدانغا سېلىپ قوياتتى. مەن ئۆيگە كەلمىگۈچە ياتمايتتى. قاچان قايتىپ كەلسەم، كىرىسلونىڭ يېنىدا يېنىقلىق تۇرغان لامپىدىن، تومپۇچكىنىڭ ئۈستىدىكى ئارىسىغا كۆزەينە-

كىنى قىستۇرۇپ قويغان كىتابىدىن، ئۇنىڭ مەن كەلگۈچە كىـ
تاب ئوقۇپ ئولتۇرغىنىنى چۈشىنەتتىم. . .

كۆز مونچاق توختىماي ھېكايە قىلاتتى ھەتتا ئەتراپىغا توپلان-
غانلارنىڭ ھېكايىسىگە قۇلاق سالغان ـ سالمىغانلىقىغىمۇ پىسەنت
قىلمايتتى. ئۇ ئۆتمۈشىدىن چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان بۇ بىر ياق-
لىق سۆيگۈ ۋەقەسىنى ھېكايە قىلغۇسى ۋە بىر چاغلاردا بىر
ئاتاقلىق ئادەمنىڭ ئۆزىگە نەقەدەر ئاشىق بولغانلىقىنى، لېكىن
ئۆزىنىڭ بۇ بىر ياقلىق سۆيگۈگە قىزغىن ئىنكاس كۆرسەتمىگەنـ
لىكىنى ھېكايە قىلىش بىلەن ماختانغۇسى كېلەتتى. پۈتۈن ھايا-
تىدىكى بۇ مۇھىم ئەسلىمىسىدە ئۇنىڭ تەمەننا قىلىدىغان يېرى،
ئاتاقلىق بىر ئادەمنىڭ ئۇنى تەلۋىلەرچە سۆيىدىغانلىقى ۋە كۆز
مونچاقنىڭ ھەر قېتىم ئۇنىڭ نەپسىنى قاندۇرۇشى كۆز مونچاق-
نىڭ ئۇنى سۆيىدىغانلىقىدىن ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆزىگە مۇشۇنداق
تەمەننا قويۇش بىلەن ھاياتىدا بېشىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە دەسمايە
تاپقانىدى. ئۆزى ياشاۋاتقان ھايات پاتقاقلىقىدا ئۇنى پۈت تىرەپ
تۇرغۇزۇۋاتقان بۇ ماختىنىشىدىن باشقا ئۇنىڭ ھېچقانداق تايانچى-
سى يوق ئىدى. ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرىنىڭ پۇشايمىنىنى،
ئارمىنىنى ھېس قىلمايتتى ۋە ئۇنى يېڭىۋاشتىن قولغا كەلتۈ-
رۈشنى ئارزۇ قىلمايتتى. ئۇنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى ئۆتكەن
ئۆمرىدىكى ئاشۇ بىر كەچۈرمىشى بىلەن ماختىنىش ئىدى. خەلقى
ئالەمنىڭ بۇنى چۈشىنىشىنى تىلەيتتى. ھازىر ئەرلەر مەنسىتمەس
بولۇپ قالغان بۇ كۆز مونچاقتا بىر چاغلاردا ھازىر ھەممە كىشىگە
تونۇشلۇق بولۇپ كەتكەن ھېلىقى ئاتاقلىق ئادەم ئاشىق بولغانـ
دى. بۇ كۆز مونچاق شۇنداق بىر ئاشىقىنىمۇ بەدەل تەلەپ قىلماي
قول ئۈزگەنىدى. بۇنى خەلقى ئالەم بىلىشى كېرەك ئىدى،
ئەلۋەتتە. كۆز مونچاقنىڭ نەزىرىدىكى خەلقى ئالەم، مانا شۇ
يوللىرى ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل تار كوچىدىكى يانمۇ ـ يان ياكى
بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇرىدىغان كىچىك مەيخانىدىكى كىشىلەر

ئىدى.

بۇ مەيخانىدىكىلەر ئۇنىڭ سۆزلىرىگە كۆڭۈل بۆلمىسىمۇ، ئۇ بۇ مەيخانىدىن چىقىپ، ياندىكى ياكى ئۇدۇلدىكى مەيخانىلاردىن بىرىگە كىرەتتى. بىر كېچىدە ئۈچ - تۆت مەيخانىغا يۆتكەلگەن ۋاقىتلىرىمۇ بولاتتى. ئاڭلىغۇچىلارنى زېرىكتۈرمەسلىك ئۈچۈن ھەممىشە ئوخشاش ئىشلارنى تەكرارلىمايتتى. ئۇ ئاتاقلىق ئادەمنىڭ ئۆزىگە بولغان مەپتۇنلۇقى ھەققىدە ھېكايە قىلىپ بېرىدىغان شۇ قەدەر كۆپ ئىشلار بار ئىدىكى، ئۇ بوغۇلۇپ، يۆتىلىپ تۇرۇپ سۆزلەپ كېتەتتى. ئۇ ناھايىتى مەست بولۇپ كەتكەن تۈن يېرىمىلىرىدا، ئاڭلىغۇچىلار زېرىكىپ ئەتراپىدا ھېچكىم قالمىسىمۇ، كۆكسىگە چۈشۈپ كېتىۋاتقان بېشىنى كۆتۈرۈپ، دەلدەڭشىپ، گۇدۇڭشۇپ، ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەۋېرەتتى:

— ئۆيگە كەلگىنىمدە ئۇنىڭ شۇنداق بۇتناپ ئولتۇرغىنىنى كۆرسەم، ئۇنى خوش قىلغۇم كېلىدۇ، لېكىن بۇ شۇنداق تەسكى... ئامال قانچە، ئۇنى سۆيمەيتتىم... چۈنكى... يالغاچلىنىمەن، بىر ئورۇندا ياتىمىز. ئورۇن ماڭا مازاردەك بىلىنىدۇ. كەينىمنى قىلىۋالىمەن. كەينىمدىن قۇچاقلايدۇ، لېكىن زادى زورلىمايدۇ. ھەۋىسى قوزغالسا ئادەت كۆرۈپ قالغانلىقىمنى ئېيتىمەن. ئاندىن بىردىن ئون بەش كۈننىڭ ئالدىدا ئادەت كۆرۈپ قالغانلىقىمنى ئېيتقانلىقىم ئېسىمگە كېلىدۇ. ئۇ بۇنى زادى يۈزۈمگە سالمايدۇ. بۇ قېتىم ئۆزۈم داۋاملاشقىنىنى ئېيتىمەن. ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرغاندا، يۈزۈمدە بىر نەرسە مىڭىپ يۈرگەندەك مېنى سۆيۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمەن. بۇ چاغدا كۆزلىرىمنى ئاچماي ئۇخلىغاندەك بولىۋالىمەن. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ چاينى دەملەپ قويۇپ، ساقال - بۇرۇتلىرىنى قىرىپ، يۇيۇنۇپ - تارانغاندىن كېيىن، ئەتىگەنلىك ناشتا داستىخىنىنى ھازىرلاپ مېنىڭ ئورنۇمدىن تۇرۇشۇمنى كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ...

ئاڭلىغۇچىلار بۇ ئاتاقلىق ئادەمنىڭ بۇنداق بىر ئايالغا قاتـ
داقمۇ ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىغا ھەيران بولۇشاتتى. بۇ ئىسكەتـ
سىز، ئاغزىدىن تاماكا چۈشمەيدىغان، پاناق، كىرتىك چاچلىق
ئايالنىڭ نەرىگىمۇ ئاشىق بولغاندۇ... ئارىدىن ئۇنى ياقلايدىغانلاـ
رمۇ چىقاتتى. «كـوز مـونچاق يـاشلىقىـدا مـۇنداق ئەمــەس
ئىدى ـ دە...» «قارا، كۆزلىرى ھېلىمۇ گۈزەلغۇ...»
دەيتتى بىرى.
ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغان ئەرلەر ئۆزلىرىنى ئۇ ئاتاقلىق
ئادەمنىڭ ئورنىغا قوياتتى ۋە ئۆزىنى ئۇنىڭ قىلىقى بىلەن دەڭـ
سەپ كۆرۈپ، كۆز مونچاققا خاپا بولۇشاتتى، شۇنداق بىر ئاتاقـ
لىق ئادەمنىڭ بۇنداق ھەددىدىن زىيادە مۇلايىملىقى ئۈچۈن ئاچـ
چىقى كېلەتتى، ھەممىسى «ئېھ، مەن بولسام...» دەپ ھەسـ
رەت چېكىشەتتى.
ئۇلار قىزىقىش بىلەن ئۇنىڭدىن:
— كۆز مونچاق، ئۇ ئادەمنى زادى سۆيمىگەنمىدىڭ؟ —
دەپ سورىشاتتى.
— ياق، زادى سۆيمىگەنىدىم.
— خوپ، سەۋەبى نېمە؟
— بۇنىڭ سەۋەبى بولمايدۇ ـ دە... ياكى سەۋەبى بولسىمۇ
مەلۇم ئەمەس ئىدى. ئۇنى سۆيۈش ئۈچۈن ئۆزۈمنى زورلىغان
ۋاقىتلىرىممۇ بولغان، لېكىن يەنىلا ئەمەلگە ئاشۇرالمىغانىدىم.
بەلكىم ئۇ مەندىن خېلىلا چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈندۇ. مەن ئۇ
چاغدا يىگىرمە تۆت ياشتا ئىدىم. ئۇ بولسا ئاتمىش سەككىزدە
ئىدى، ئارىمىزدا قىرىق تۆت ياش پەرق بار ئىدى. بىر كۈنى
كەچتە، بىر رەسسام دوستۇمنىڭ كارخانىسىدىكى كەڭ زالدا تانسا
ئويناۋاتاتتۇق. ئىككىلىمىز كەيپ ئىدۇق. بۇ ناھايىتى كۆڭۈلـ
لۈك بىر كېچىمىز ئىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ چاغلاردا ئۇنىڭ
بىلەن ئالاقىسىز ئىدىم دېيەلمەيمەن. ئۇ شۇ يەردە تانسا ئويناۋېـ

ىسپ بىرىنچى قېتىم بىللە بولۇش تەكلىپىنى قويغانىدى. مەن ئۇنىڭغا «مەن تېخى يىگىرمە تۆت ياشتا!» دېگەنىدىم. ئۇنىڭ ماڭا نېمە دېگەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ «ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ، مەنمۇ ئاتمىش سەككىزگە كەلدىم!» دېمەسمۇ... ئاھ، ھەر ئىككىلىمىز قاتتىق كۈلۈشۈپ كەتتۇق. شۇنداق ئۇزۇن كۈلۈشتۇقكى... تانسىمۇ ئويىنيالماي قالدۇق. تولا كۈلۈپ يەرگە دومىلاپ كەتكىلى ئاز قالدۇق. تام مەشكە يۆلىنىپ تازا سۆيۈشكەنىدۇق. مەن ھېچقاچان شۇ چاغدىكىدەك كۈلۈپ باقمىغان...

كۆز مونچاق بۇلارنى دەۋېتىپ قاتتىق كۈلۈپ كەتتى، ئاغزى ئېچىلغاندا بىر نەچچە سىبسىق چىشى بىلەن كاماك چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالدى. مەيدىسى پۇۋۇلەپ، يۆتىلى قىستاپ ئارانلا تۇراتتى.

ئۇ ئاتاقلىق ئادەمنىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچبىر ئىززەت-ئابرۇيى يوقمىدۇ؟ بۇنداق بىر ئايالنى ئۇنىڭ قانداقمۇ كۆڭلى كۆتۈرگەندۇ. ئۇنىڭ نېمىسىگە قاراپ كۆز مونچاق دېگەندۇ؟ ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ شۇنداق بىر ئاتاقلىق ئادەمكى، ئۇچ-تۆت كۈندە بىر گېزىتلەردە ئىسمى تىلغا ئېلىنىپ، ئۇنىڭغا دائىر خەۋەرلەر چىقىپ تۇراتتىكەن. كۆز مونچاقنىڭ تەرىپلىشىنى ئاڭلىغان ئەرلەر گويا ئۆزلىرىنى ئۇنىڭ ئالدىدا تۆۋەنلىشىپ كېتىدىغاندەك سېزىشەتتى.

بىر كېچە ئاردىن بىرى چىدىيالماي: «پو ئېتمىۋاتىسەن، نومۇسسىز پاھىشە!» دەپ ۋارقىرىۋەتتى. مانا شۇ چاغدا كۆز مونچاق ئەسلىملىرىنى سۆزلەپ بېرىۋاتقان ۋاقتىدىكى «خانىم»لىق سالاپىتىدىن چۈشۈپ، بىردىنلا پەسكەش كوچا خوتۇنىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. بەلكىم ئۇنىڭ ھەقىقىي كىشىلىك قەدىر-قىممىتى شۇنچىلىكتۇ. ئۇ شۇ چاغدا كوچا خوتۇنلىرىمۇ تىلغا ئېلىشتىن ئەيمىنىدىغان ھەتتا بىلمەيدىغان ياكى ئاڭلاپ باقمىغان شۇنداق سەت تىل-ھاقارەتلەرنى ياغدۇردىكى، ھېلىقى ئادەمنى

شۇ گەپنى دېگىنىگە داد دېگۈزۈۋەتتى. بۇ تىل ـ ھاقارەت،
بەدناملار نومۇسسىز ھاياتتا ياشاۋاتقان ئۇنىڭ ساڭگۇل ـ سۆڭ-
گۈل، پاسكىنا قىياپىتىگە ناھايىتى ماس كېلەتتى. قىزىقارلىقى
شۇكى، شۇ كېچە، «پو ئېتىۋاتىسەن، نومۇسسىز پاھىشە!»
دېگەن كىشىدىن باشقىلار كۆز مونچاقنى تاشلاپ، ئۆز ھاۋايى ـ
ھەۋەسلىرىگە كىرىشىپ كەتكەن، كۆز مونچاقنىڭ يېنىدا يالغۇز
شۇ كىشىلا قالغانىدى. مۈگدەك باسقان بۇ ئادەمنىڭ بېشى بىردە
تۆۋەنگە ساڭگىلىسا، بىردە ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ يەنە پەسكە چۈشەت-
تى. كۆز مونچاقمۇ بېشىنى بۇ ئادەمنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ يەنە
سۆزلەشكە باشلىدى:

— نېمە ئۈچۈن يا ئۇنى سۆيمىدىڭ، يا ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ
كەتمىدىڭ دېمەكچىمۇ سىلەر؟ مەنمۇ ئۆزۈمدىن شۇنداق سورايت-
تىم، ھېلىمۇ سورايمەن. ئۇنىڭ بىر ئەمەس، بىر مۇنچە سەۋەب-
لىرى بار: ھەممىدىن ئاۋۋال مەندە باشقا ياشايدىغان بىر ئۈمىد
يوق ئىدى. ئۇمۇ بىللە ياشىشىمىزنى ئۇزۇندىن بېرى تەلەپ
قىلىپ كېلىۋاتاتتى، مەنمۇ ئۇنى رەت قىلالمايتتىم. دادام مېنى
ئۆيگە ناھايىتى كەچ كەلدىڭ دەپ ئۇرغان كېچىدىن كېيىن، ئۆز
ئۆيۈمدە تۇرالماس بولدۇم. ئۇنىڭدىن ئاۋۋال ئاكاممۇ ئۇرغانىدى،
ئاپام بىلەنمۇ ئارىمىز ياخشى ئەمەس ئىدى. ئاپام دادامنى ياقلايت-
تى. ئائىلەم مېنى چۈشەنمەيتتى، لېكىن ئاپامنى ياخشى كۆرەت-
تىم، ئۇنىڭ ياخشى كۈن كۆرۈشىنى ئارزۇ قىلاتتىم، لېكىن
ئەمەلگە ئاشۇرالمىدىم. ئۇ رەھمەتلىك ياخشى كۈن كۆرمەي ئۆ-
لۈپ كەتتى. مېنىڭ باشقا چىقىش يولۇم بولمىغاچقا ئۇنىڭ بىلەن
بىللە بولۇشنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر ئىدىم. ئەمدى ئويلايمەن-
كى، ئۇنى سۆيمەيدىغانلىقىمنىڭ بىر سەۋەبى شۇ بولسا كېرەك.
ئۇ بېشىنى مۈرىسىگە قويۇۋالغان ئادەم خورەك تارتىۋاتاتتى. ئۇ
مېنىڭ چىقىش يولۇمنىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ ماڭا ئىگىدار-
چىلىق قىلماقچى بولسا كېرەك دەپ چۈشىنەتتىم. لېكىن ئۇ

چاغدا بۇنى تازا پەرق ئېتەلمىگەنلىكىمدىن، قېرى بولغانلىقى
ئۈچۈن سۆيمىسەم كېرەك دەپ ئويلايتتىم. ئۇنىڭ ئۇستىگە،
ئۆمۈر بويى مەندىن ۋاز كېچەلمەيدۇ، مېنى تاشلىيالمايدۇ دەپ
قارايتتىم. ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، مەن ئۇنى هامان بىر ئۆتەڭدە
ئالماشتۇرىدىغان پويىز ياكى پاراخوت ئورنىدا كۆرگەنىدىم. ئۇ
مېنىڭ مەلۇم ۋاقىتلىق نىجادكارىم ئىدى، مېنىڭ گۈزەل كېلە-
چىكىمگە بىر ۋاستە بولىدۇ دەپ ئويلايتتىم، پۇرسەت يېتىپ
تەلىيىم ئوڭدىن كەلگەندە ئۇنى ئالماشتۇرۇۋالاتتىم، بۇنى ئۇمۇ
بىلەتتى. لېكىن شۇنىمۇ ئېيتىپ قويايكى، ماڭا بولغان مەپتۇنلۇ-
قىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ هېسسىياتلىرىنى يۇتۇۋالغىم يوق ئى-
دى. ئۇنىڭ مېنى سۆيۇشى بەلكىم شۇنىڭدىن ئىدى. . . — ئۇ
خورەك تارتىۋاتقان ئادەمنىڭ مۇرىسىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ مەيخا-
نىدىن چىقىپ كەتتى ۋە يول بويى ئۆز - ئۆزىگە بىردەم گۇدۇڭ-
لاپ، بىردەم ئۇنىنى تېشىغا چىقىرىپ سۆزلەپ ماڭدى، ئۇنىڭدىن
ئايرىلالمايتتىم، چۈنكى مەن ئۇنى سۆيمىسەممۇ ئۇ مېنى سۆيەت-
تى. بۇنىڭ مەنىسىنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن؟ مېنى سۆيىدىغان
بىر ئادەم. . . ئەمدى ئويلايمەنكى، سېنى سۆيىمەن دېگەن شۇنچە
كۆپ ئەرلەر ئىچىدىن مېنى هەقىقەتەن ۋە ئەڭ كۆپ سۆيگىنى،
مېنى هەقىقي سۆيىدىغان بىردىنبىر كىشى شۇ ئىدى. ئۇ سېنى
نېمە ئۈچۈن سۆيەتتى دەمسىلەر؟ چۈنكى ئۇ مېنىڭ هالىمنى
ئۆزگەرتىپ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان هالەتكە كەلتۈرەلەيدى-
غانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇ ئۆزىنى جانلىق ئادەم ياسىيالايدىغان
كارامەتلىك هەيكەلتىراش دەپ قارايتتى. ياخشى هەيكەل ياساش
ئۈچۈن ياخشى لاي، ياخشى ماتېرىيال كېرەك. ئۇ مېنىڭ لېيىمە-
نىڭ، خېمىرىمنىڭ، خېمىرتۇرۇچۇمنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى
ئېيتاتتى. ئەمما ئۇ خاتالاشقانىدى. ئۇ مېنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن
يىللاردا مەهرۇم بولغانلىرىمنىڭ ئورنىنى تولدۇرماقچى ئىدى.
مېنىڭ قىلغان قىلىقسىزلىقلىرىمغا كۆز يۇمۇشى شۇنىڭ ئۈچۈن

ئىدى. بىر كۈنى مەن تەرسالىشىپ يۈزىدىن يۈزىگە: «سىز بىر شەخسىيەتچى! مېنى ئۆزىگىز ئۈچۈن ئۆزىگىز خالىغان ھالەتكە كەلتۈرمەكچىسىز...» دەپ ۋارقىرىغانىدىم.

مەن ئاستا - ئاستا ئۇ خالىغان ھالەتكە ئۆزگىرىۋاتقانلىقىمنى سېزەتتىم. بەلكىم ئۇنى سۆيمەسلىكىمنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى مۇشۇمىكىن. ئۇ مېنى ئۆزگەرتىپ ئۆزگىچە ئادەم قىلغۇسى بار ئىدى، لېكىن مەن ئەسلى ئۆزۈمنى ياقتۇراتتىم. كىم ئۆزىنى ياقتۇرمىسۇن... بۈگۈنكى ھالىمدىمۇ ئۆزگىرىشنى خالىمايمەن. مەن ئۆز پېتىمدە تۇرۇشۇم كېرەك. لېكىن ئۇ كىشىلەرنىڭ ھەر ياشتا ئۆز - ئۆزىنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇشى كېرەكلىكىنى ئىپتاتتى، ئوقۇشۇم ئۈچۈن كىتابلارنى ئەكېلىپ بېرەتتى. مېنى كونسېرتلارغا، كۆرگەزمىلەرگە، تىياتىرلارغا ئېلىپ باراتتى، بۇ ھال ماڭا باشقىچە تۇيۇلاتتى. مەندەك بىر ياش سۆيگۈنىنى كىشىلەرگە كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈن ئۇ يەرلەرگە ئېلىپ بارىدۇ دەپ ئويلايتتىم.

بىر كېچە مەن يەنە بارغان ھېلىقى كىچىك مەيخانىلاردىن بىرىدە، كۆز مونچاقنىڭ تەكرار - تەكرار سۆزلىگەنلىرىنى ئاڭلىغانلاردىن بىرى ئۇنىڭدىن شۇنداق كۆيۈنگەن بىر ئادەمنى نېمە ئۈچۈن تاشلىۋەتكەنلىكىنى سورىدى.

— مەن تاشلىمىدىم. مەنچە بولسا، ئايرىلىپ ياشىساقمۇ، بەزىدە يەنە ئۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا بولۇشنى خالايتتىم. لېكىن ئۇ مېنى تاشلىۋەتتى ھەمدە پۈتۈنلەي... نېمە ئۈچۈن دەمسىلەر؟ مېنى باشقا بىر ھەيكەل قىلىپ ياساشتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەنىدى. ئۇ بۇنى ماڭا ھېچقاچان ئوچۇق ئېيتمىدى، لېكىن مەن سېزىۋالدىم. ئۇ مېنى ئۇنىڭدىن زادى كۈتمىگەن، ئويلىمىغان بىر چاغدا يېرىم يولدا تاشلىۋەتتى، مېنىڭ نېمە بولىدىغانلىقىمنى، نېمە قىلىدىغانلىقىمنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى. ئۇ سالاھىيىتىگە زادىلا ياراشمايدىغان بىر ئىش قىلد-

دى. ھاياتىمدا مەن ئالمىشىدىغان پويىز تېخى كەلمەي تۇرۇپ، مېنى بىر يىراق چەت ياقا ئىستانسىدا تاشلىۋەتتى. قانداقلا بولسۇن، ئۇ مەندە ئۇنىڭغا ئىشىنىش ھېسسىياتىنى يېتىلدۈرگەنىدى. مەن ئۆزۈمنىڭ يانماس بىر تەرسا ئىكەنلىكىمنى بىلىمەن. ئۇ ماڭا ئىشەنگەندەك يۈرەتتى. كېيىن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ بۇلارنى دېمەيسەن دەمسىلەر؟ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ بوينىغا ئېسىلىسام ئىدىم، «كۆز مونچىقىم» دەپ مېنى يەنە باغرىغا باساتتى. لېكىن ئۇ چاغلاردا ھازىرقىدەك دىمىقىم ئۈستۈن ئىدى. كېيىن نېمە قىلدىڭ دەمسىلەر؟ مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان چاغلاردىمۇ باشقا ئەر دوستلىرىم بار ئىدى، بۇنى ئۇمۇ بىلەتتى ھەتتا بىر كېچە. . . ئۇ ئۆيۈمگە كېلىپلا مېنىڭ ئۆيدە ئىكەنلىكىمنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە مېنى قۇچاقلاپ «كۆز مونچىقىم» دەپ سۆيۈپ كەتتى. گۈل بىلەن شاكىلات قاپلىنىق پىستە بولىقىنى بېرىپ «قېنى داستىخىنىمىزنى سالايلى» دەپ، ئۇنىئالغۇغا بىر لېنتىنى سېلىپ قويۇپ داستىخاننى ئۆزى ھازىرلاشقا باشلىدى. شۇنداق خۇشال ئىدىكى. . . ئۇنىڭدا بەئەينى بالىلارچە تېتىكلىك بار ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدا ئۆزۈمنى چوڭ تۇتقان چاغلىرىممۇ بولغانىدى. ئۇ ئاشخانىدا زاكوسكا تەييارلىغاچ، توختىماي ماڭا بىر نېمىلەرنى دەيتتى. لېكىن مېنىڭ ئوي ـ خىيالىم بۇ كېچە ئۇچرىشىدىغان بىر جۇۋچى يىگىتتە بولغاچقا، نېمە دەۋاتقانلىقىمۇ قۇلىقىمغا كىرمىگەنىدى. جۇۋچى يىگىت بىلەن بىللە زىياپەتكە بېرىشقا ۋەدىلىشىپ قويغانىدۇق. بۇ ئادەم ئۈستەلگە ھەر قېتىمقىدەك ئىچىملىك رومكىلىرىنى قويۇۋاتقاندا، «ماڭا رومكا قويماڭ! » دېدىم. «نېمىشقا؟ » دەپ سورىدى ئۇ. بىر ـ بىرىمىزگە يۈزمۇ ـ يۈز تىك تۇرۇپ قارىشىپ قالغاندۇق. «مەن بىر دوستۇم بىلەن زىياپەتكە بارىمەن. » دېدىم مەن. «بولىدۇ كۆز مونچىقىم» دەپ ئۈستەلدىكى ماڭا قويغان رومكا، تەخسىلەرنى ئېلىۋەتتى. ئۇ «بولىدۇ كۆز مونچىقىم»

دېگەن سۆزنى شۇنداق بىر تەلەپپۇز بىلەن دېگەنىدىكى، ئۆزۈمنى يول چىڭداش ماشىنىسىنىڭ تېگىدە ئېزىلگەندەك ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ بۇ مۇلايىملىقىمۇ، ئاڭلىقلىقىمۇ، كامالەتلىكلىكىمۇ، سۆيگۈسىمۇ، ئىشقىلىپ، ھەممە تەرىپى مېنى قىيىن ئەھۋالدىن پۇتۇنلەي قۇتقۇزغانىدى. گىرىملىرىمنى قىلىپ، كىيىنىپ ئۇ يەرگە بېرىشقا تەرەددۇتلاندىم. «خوش» مۇ دېمىدىم. ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋاتقىنىمدا، قاچان قايتىپ كېلىدىغانلىقىمنى سورىغىنىدا «قايتىپ كەلمەيمەن...» دېيەلىسەمچۇ كاشكى. كەلمەيمۇ قانداق قىلاتتىم؟ قەيەرگە، كىمنىڭكىگە بارىسىز دەپمۇ سورىمىدى، ياق، بارمايسىزمۇ دېمىدى.

ئۇ كېچە تاڭغا يېقىن قايتىپ كەلدىم. ھېلىقى جۇۋىچى يىگىت مېنى ئۆيۈمنىڭ ئىشىك ئالدىغىچە ئەكېلىپ قويغانىدى. مەست ئىدىم. ئاچقۇچنى قۇلۇپقا سېلىشقا ھەپىلىشىۋاتقىنىمدا ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ، «خوش كەپسىز كۆز مونچىقىم» دېدى. بىر ئادەمنىڭ بۇ قەدەر ياخشى بولۇشى، ئالدىدا تۇرغان كىشىگە ئەڭ چوڭ يامانلىق ئىدى. ئويلايمەنكى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ دۈشمىنى تولا ئىدى.

ئولتۇرىدىغان سافانىڭ يېنىدىكى لامپىنىڭ يورۇقىدا، ئاردىسىغا كۆزەينىكىنى قىستۇرۇپ قويغان كىتاب كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ھوجرامغا كىردىم. ئۇنىڭ قوينىغا كىرگۈم يوق ئىدى. مەن ئورۇنغا كىرگەندىن خېلى كېيىن ئۇنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىدىم. ئۇ يەنە بىر ھوجرىغا يالغۇز ياتقىلى كىرىپ كەتكەنىدى.

بىر يازلىقى، دېڭىز ساياھىتىدە بىر يىگىت بىلەن تونۇشۇپ دوست بولۇپ قالغاندۇق. بۇنى ئۇنىڭغا ئېيتقىنىمدا، «ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، نېمە ئۈچۈن ئۇ دوستۇڭىزنى ئۆيگە چاقىرمايسىز كۆز مونچىقىم؟» دېدى. بىر ئەتىگەنلىكى چاقىردىم. ھەممىمىز بىرلىكتە ئەتىگەنلىك ناشتا قىلىۋاتقىنىمىزدا، مۇشۇك چاشقان بىلەن ئويناشقاندەك، ئۇ يىگىت بىلەن ئوينىشىپ كەتتى. شۇنداق

بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ئۇنى سۆيمىگەن بولسام كېرەك. ئۆيدىن بىز
بىلەن بىللە چىققان يىگىت «سىز ئۇنىڭ نىكاھسىز خوتۇنى-
مۇ؟» دەپ سورىدى. دېمىسىمۇ مەن ئۇنىڭ نېمىسى ئىدىم؟
نىكاھسىز خوتۇنىمىدىم؟ ئۇنىڭ نىكاھسىز خوتۇنى بولۇشى مۇم-
كىن ئەمەس دەرىجىدە قېرى ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم.

كۆڭۈللۈك كۈنلىرىمىز زادى بولمىدىمۇ؟ بولدى، ئەل-
ۋەتتە... لېكىن مەن ئۇ كۈنلەردە ئۆزۈمنىڭ بەختىيارلىقىنىڭ
يۇقىرى پەللىسىدە ئىكەنلىكىمنى بىلمەيتتىم. ئەڭ چوڭ ئىختى-
لاپىمىز جىنسىي مەسىلە ئۈستىدە ئىدى. ئۇ مېنىڭ نېمە ئۈچۈن
مۇناسىۋەتتە بولۇشتىن ئۆزۈمنى تارتىدىغانلىقىمنى چۈشەنمەيت-
تى. مەنمۇ ئۇنىڭ شۇ ياشتىكى شوخلۇقىنى قانداقتۇ چۈشىنەل-
مەيتتىم. گويا بىر روھىي كېسەللەر دوختۇرىدەك، كوچىلاپ
سوراپ جىنسىي ھەۋەسسىزلىكىمنىڭ سەۋەبلىرىنى تېپىشقا تىرى-
شاتتى ھەتتا مېنى بىر مۇتەخەسسىس دوختۇرغا تەكشۈرۈتۈشنىمۇ
تەكلىپ قىلغانىدى. ئۆزۈمدىن مەمنۇن ئىكەنلىكىمنى ئېيتىپ
تەكلىپىنى رەت قىلدىم. مېنىڭ بۇ جىنسىي ھەۋەسسىزلىكىم
بىلەن ئۇنىڭ قېرىلىقى ئارىسىدا ئوخشاشلىقمۇ بار ئىدى. بۇنى
ئۆزىگە ئوچۇق ئېيتقىنىمدا «مېنىڭ كۆز مونچىقىم!» دەپ قۇ-
چاقلاپ بۇرۇنقى سۆيۈشلىرىگە زادى ئوخشىمايدىغان يېقىملىق
بىلەن سۆيۈپ قويىدى.

بىر كۈنى بازارغا چىقتۇق. بازاردا ھەر دائىم ئۇنى قولتۇق-
لاپ ماڭاتتىم، ئۇمۇ مېنىڭ بىلىكىدىكى قولۇمنى ئالىقىنىغا
ئالاتتى. ئۇ كۈنى ماڭا بىر قۇر ئۆي ئىچلىك كىيىم، بىر جۈپ
ئۆتۈك، بىر دانە كۈنلۈك ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئېلىپ بەردى.
مېنىڭ ئاسانلىقچە ياقتۇرمايدىغانلىقىم، بىقارارلىقىم ۋە تېجىمەل-
لىكىم ۋەجىدىن ماگىزىنمۇ - ماگىزىن ئارىلىغانلىقىمىز ئۈچۈن
ئۇ ناھايىتى چارچاپ كەتكەنىدى. بىر توپلەي ۋە ئۇنىڭغا ماس
كېلىدىغان سومكا ئالىمىز دەپ كۆپ ئايلانغانىدۇق. ئۆيىمىزگە

قايتىپ كېلىپ ئىشىكتىن كىرە ـ كىرمەي، تېخى يېشىنمەيلا ئىككى قولۇم بىلەن بوينىغا ئېسىلىپ: «مەن قېرى ئېرىمدىن ناھايىتى رازى» دېدىم. بۇ سۆزلىرىمدە ھېچقانداق ساختىلىق يوق ئىدى. ھەقىقەتەن خۇشال ئىدىم. ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش قارارىغا كەلگەنلىكىمنى ئېيتتىم. ئۇ چاغدا ئۇبدان ئويلىنىپ ئۇنىڭغا ئېيتقانىدىم، جاۋاب بەرمىدى، لېكىن مېنى سۆيۈپ قويدى. كۆزلىرىگە قارىدىم، ئۇنىڭ قاراشلىرىدا باللارچە بىر بەختىيارلىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى ھەتتا ئەتىسى زەرگەرلەردىن ئۈزۈم ياقتۇرىدىغان تويلۇق ئۈزۈك ئىزدىدىم. . .

مەيخانىدىكىلەر كۆز مونچاقنىڭ كەينىدىن كۇسۇرلۇشۇپ: مۇشۇنداق مەيخانىلاردا سۆرىلىپ يۇرگۇچە شۇ چاغلاردا ئۆزىنى «كۆز مونچىقىم» دېگەن ئاشۇ ئاتاقلىق ئادەمنىڭ يېنىغا بېرىۋالسىچۇ، قانداقلا بولسۇن ياردىمى تېگەر ئىدى، دېيىشەتتى. بېرىپ نېمە قىلىدۇ. ئۇ ئادەم بۇنى تونۇمايدۇ ـ دە. ئارىدىن شۇنچە يىل ئۆتكەن تۇرسا، بۇ خوتۇندا كىشى تونۇغۇدەك قىياپەت قالمىغان تۇرسا. . . دېگۈچىلەرمۇ بار ئىدى. شۇنداقتىمۇ بارسا بولاتتى، دېگۈچىلەرمۇ چىقتى. دەرۋەقە، ئەمدى بارسا بۇرۇنقىدەك بولمايتتى، لېكىن بۇرۇنقىدەك «كۆز مونچىقىم» دېمىسىمۇ، ھېچبولمىغاندا ياردەم قىلاتتى. مۇشۇنداق سۆرىلىپ يۇرۇپ بىرەر كېچىدە كوچىدا يېقىلىپ ئۆلۈپ قالسا نېمە دېگۈلۈك. ئۇ ئادەممۇ قېرىپ كەتتى ـ دە. . . ئۆتكەندە گېزىتلەرگە چىققان، يەنە بالىنىستا يېتىپ چىقىپتىكەن. ئۇنىڭ يېشى توقسانلاردا بار، بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ چوڭدۇ. . .

مەيخانىدىكىلەر كۈلۈشۈپ كەتتى. ئاندىن كۆز مونچاقنىڭ يۆتەللىرى ئاڭلاندى. ئۇ ئىچ ـ باغرى سۇغۇرۇلۇپ چىققۇدەك يۆتۈلەتتى. كېيىن پەلەمپەيلەردىن چۈشۈۋاتقان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى ۋە ئۆكچىلىرى ئۇپراپ تاشلىنىۋەتكۈدەك بولۇپ كەتكەن تۇپلەيلىرى كۆزگە چېلىقتى. . .

كۆز مونچاق مەيخانىغا كىرگەندە ھەممەيلەن جىم بولۇپ قالدى. بۇ يەردە بۇنداق جىمجىتلىق پەۋقۇلئاددە بىر ئىش ئىدى. ئەكسىچە، بۇ كىچىمۇ كۆز مونچاق ھەر ۋاقىتتىكىدىن بەكرەك ۋاتىلدىدى. لېكىن ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغىلى كەلگەن كىشى يوق ئىدى. كۆز مونچاق ھاراقنى بۇيرۇغاندىن كېيىن يەنە ھەر قېتىم- قىدەك سۆزلەشكە باشلىدى: «مېنى ھەممىسە كۆز مونچىقىم دەيت- تى. سوغۇق بىر قىش كۈنى فېۋرالنىڭ بەشىنچى كۈنى... پەيشەنبە...»

مەيخانىدىكىلەردىن بىرى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ:

— كۆز مونچاق، ئۇ ئادەم ھازىر قەيەردە، نېمە ئىش قىلى- دۇ، بىلەمسەن؟ — دېدى.

— مەن نەدىن بىلەي... ئۆيىنى تاشلاپ كەتكەندىن بۇيان ئارىدىن بىر قانچە يىللار ئۆتتى، زادى كۆرمىدىم.

— سەن زادى گېزىت ئوقۇمامسەن؟ گېزىتلەردە پات - پات ئىسمى چىقىپ تۇرىدۇغۇ.

— گېزىتلەردە ئارىلاپ كۆرۈپ قالىمەن.

— بۈگۈنكى گېزىتلەردىمۇ بار، ئېلىپ قاراپ باق!

گېزىتنى كۆز مونچاقنىڭ ئالدىغا قويدى. گېزىتنىڭ بىرىن- چى بېتىدە ئۇ ئاتاقلىق ئادەمنىڭ رەسىمى بار ئىدى. خەۋەردە بولسا، ئالدىنقى كېچە ئالەمدىن ئۆتكەن ئۇ ئاتاقلىق ئادەمنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلگەنلىكى ئۇقتۇرۇلغانىدى.

كۆز مونچاق بىر ھازا گېزىتتىكى رەسىمگە قاراپ قالدى. ئۇ قېتىپ قالغاندەك تۇراتتى. كۈتكۈچى ھاراقنى ئۈستەلگە قوي- دى. ئۇ ھاراق ئىچكەچ گېزىتتىكى خەۋەرنى ئوقۇدى. ئاتاقلىق ئادەمنىڭ ھاياتىدىكى مۇھىم ۋەقەلەرگە گېزىتتە خېلىلا ئورۇن بېرىلگەنىدى. ئۇ يەردە، ئەلۋەتتە كۆز مونچاقنىڭ ئورنى يوق ئىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ھاراقنىڭ پۇلىنى تۆلىدى. مەيخانى- دىن چىقىپ كېتىۋاتقىنىدا ئىشىكنىڭ ئالدىدىكى ئۈستەلدە ئول-

تۇرغانلاردىن بىرى:
— ئامان بول كۆز مونچاق، — دېدى.
كۆز مونچاق جاۋابەن:
— ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋەقە مەن ئىدىم، — دېدى.
ئۇ چىقىپ كەتتى. مەيخانە ھەر ۋاقىتتىكى كەيپىياتىغا چۆمدى.
ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن كۆز مونچاق يەنە شۇ تار كوچىدىكى مەيخانىلارغا دوقۇرۇشقا باشلىدى. لېكىن ئۇ شۇ كۈندىن كېيىن ئۇنى «كۆز مونچىقىم» دەيدىغان ئادەمنىڭ مۇھەببىتىگە دائىر ھېكايىسىدىن ھېچكىمگە بىر نەرسە دېمىدى. قانچىلىك مەست بولسۇن، ئۆمۈر خاتىرىسىدە چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان ئاشۇ ئۇنتۇلغۇسىز كەچۈرمىشى ئۈستىدە ئۇ ئەمدى ھېچكىمگە سۆز ئاچمايدىغان بولدى.
مەيخانىدىكىلەر ئۇنى يەنە كۆز مونچاق دەپ ۋارقىراشتى - يۇ، لېكىن ھېچبىرى ئۇنىڭدىن ئۇنى «كۆز مونچىقىم» دېگەن ئادەمگە دائىر بىرەر سوئال سورىمىدى. كۆز مونچاق ئۆزى سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن مەيخانىلار مۇھىتىدا، قانداقتۇ چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان بىر ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغانىدى.
كۆز مونچاق كۆپ قېتىم ئۆزى يالغۇز، بەزىدە بۇ مۇھىتتا يات بىر ئەر بىلەن بۇ تار كوچىدىكى مەيخانىلارنىڭ بىرىگە كېلەتتى. بۇ يەردىكى كىشىلەرگە ئوخشاش ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن پاراڭلىشىپ، تونۇگۈنى ۋە ئەتىسىنىڭ تايىنى يوق ئادەملەر قاتارىدا شۇ نۆۋەتتىكى «ھازىرى»نى ئۆتكۈزەتتى، ئاندىن مەيخانىدىن چىقىپ كېتەتتى.

## ئۆلۈم پەرىشتەسى

مەلۇم بىر خەلقئارا ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ مەسئۇللىرىدىن بىرىمەن. مەنسىپىمگە يارىشا ئىقتىدارىممۇ بار، ئەلۋەتتە. مەنسەپ ۋە ئىقتىدار... مانا بۇلار ئىنتايىن زور پىداكارلىق بەدىلىگە كېلىدۇ! ھازىر ئەللىك تۆت يېشىمدا چۈشىنىۋاتىمەنكى، بۇ مەنسەپ ۋە ئىقتىدارغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ھاياتىمدا ئىنتايىن كۆپ نەرسىلەردىن مەھرۇم بوپتىمەن. ئالتە يىلنىڭ ئالدىدا رەپىقەمدىن ئايرىلغان، راستىنى ئېيتقاندا، رەپىقەم مەندىن ئايرىلغان چاغدا، بۇ جۇدالىقنىڭ بۈگۈن مەن ئېرىشكەن مەنسەپ ۋە ئىقتىدارغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتمىگەنىدىم. خوتۇنۇم ھەمىشە ئاچچىقلانغان ھالدا: «سىز مەن بىلەن تۇرمۇش-لۇق بولغانمۇ ياكى ئىشىڭىز بىلەنمۇ؟» دەپ دوق قىلاتتى. ئۇ راست ئېيتاتتى. ئىش بىلەن بولۇپ كېتىپ خوتۇنۇمنىڭ يېنىغا بېرىشقا ۋاقىت چىقىرالمايتتىم. ئىشلەش، ھەمىشە ئىشلەش ۋە بارغانسېرى جىددىي ئىشلەش... بۇنىڭ بەدىلىگە بارغانسېرى چوڭ مەنسەپلەرنى ئۈستۈمگە ئېلىش ۋە يۇقىرى ئىقتىدارلارغا ئىگە بولۇش...

ھەرقانداق مىنىستىرلىقنىڭ بىرەر باش مۇدىرلىقىنىڭ ئادەتتىكى بىر چايچىسى ئىشىنى توختىتىپ قويسا، ئۇ مىنىستىرلىقنىڭ پۈتۈن ئىشلىرى توختايدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ كۆز قاراش يالغۇز چايچىلارغا خاس ئەمەس. ھەممىمىزدە ئاز بولسۇن، كۆپ بولسۇن شۇنداق تونۇش بار. بىر چوڭ شىركەتنىڭ كۆزەتچىسى، بىر كارخانا باشلىقىنىڭ تازىلىق ئىشچىسى، بىر چوڭ دۆلەت ئورگىنىنىڭ ئادەتتىكى خىزمەتچىسى قاتارلىقلار ئىشىنى توختى-

تىپ قويسا ئۆزلىرى ئىشلەۋاتقان ئورۇننىڭ پۈتۈن ئىشلىرىنى ئاقسايدۇ ھەتتا توختايدۇ دەپ قارىشىدۇ.

مانا بۇ چوڭ زاۋۇتنى كۆرۈپ تۇرۇپسىز. بۇ زاۋۇت مېنىڭ ۋەجىمدىن ئىشلەۋاتىدۇ. مەن ئىشتىن ئايرىلسام، مېنىڭ ئور- نۇمغا تېلېفون باش ئاپپارات خادىمى قىلىپ كىمنىلا ئالسا، ئىشى- نىڭكى، بۇ زاۋۇتتا ئىش توختايدۇ.

مانا بۇ يەر چوڭ بىر مىنىستىرلىق ئەمەسمۇ. مەن بۇ يەردىن ئايرىلسام، مىنىستىرلىقنىڭ پۈتۈن ئىشلىرى توختايدۇ ـ دە! ماختانغانلىق ئەمەس، بۇ يەردە ئىشلار مېنىڭ ۋاستەم بىلەن يۈرۈشىدۇ. مەن ئىشلەۋاتقان ئارخىپ ماتېرىيالى خاراكتېرىدىكى بۇ تىزىملاش خىزمىتىنى ھېچكىم مەندەك ئىشلىيەلمەيدۇ.

يالغۇز ئادەتتىكى خىزمەتچىلەر، ئىشچىلار، پېشقەدەملەرلا ئەمەس، مىنىستىرلار، باش مىنىستىرلار، دۆلەت رەئىسلىرىمۇ شۇنداق ئويلايدۇ. ئۇلار ئىش ئورنىدىن نېرى بولسىلا يۇرت تۈگىشەرمىش.

كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى مۇشۇنداق مەغۇل قىلىشىدا يەنى ئۆز ئىشىنى سۆيۈش، ئىشىغا قىزىقىش، ئۇنىڭغا باغلىنىش، ئۇنى باشقىلاردىن ياخشى ئىشلىيەلىشىگە ئۆزىنى ئىشەندۈرۈش ۋە شۇ- نىڭ ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن قاتتىق تىرىشىشىدا بىر گۈزەل ئەخلاق يوق دېگىلى بولسۇنمۇ؟

مېنىڭ ئەھۋالىم پۈتۈنلەي باشقىچە، مەن مەسئۇللىرىدىن بىرى بولغان بۇ خەلقئارا جەمئىيەتتىن ئايرىلسام بۇ جەمئىيەتنىڭ تۈگەشمەيدىغانلىقىنى بىلىمەن. ھەرقانچە بولسا ئىشلىرى ئاقساپ قالار... ئۇنداقتا ئىچىمدە يوشۇرۇنچە، مەندىن كېيىن جەمئى- يەتنىڭ تۈگىشىشىنى ياكى ئىشلىرىنىڭ ئاقساپ قېلىشىنى ۋە بۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئىناۋىتىمنىڭ چۈشىنىشلىك بولۇپ قېلىشى- نى ئويلامدىمەن؟ ئەگەر بۇنداق بولسا، بۇ ساداقەتسىز، لېكىن

ئىنسانغا خاس شەخسىيەتچىلىكىمنى ئۆزۈمگىمۇ ئېتىراپ قىلدۇ-
رۇشۇم تەس.

مانا بۇلارنى بىلىپ بولمىسىمۇ سېزىپ، مەنسىپىمنىڭ ۋە
قابىلىيىتىمنىڭ تېخىمۇ ئېشىشى، يەنى ئىشلارنىڭ مەنىسىز يۇ-
رۇشەلمەسلىكى ئۈچۈن ھەر كۈنى ئالدىنقى كۈندىكىدىنمۇ بەكرەك
تىرىشىپ ئىشلىسەممۇ، يەنە ئەتىگە قالغان ئىشلارنىڭ بارغانسېرى
يىغىلىپ قېلىشى مېنى چۆچۈتىدۇ. ئىشلەپ تۈگىتەلمىگەنلىكىم
ئۈچۈن يىغىلىپ قالغان ئىشلىرىمنىڭ ئېغىرلىقى تېگىدە بېسى-
لىپ قېلىۋاتىمەن. شۇنداق، ئۇ مەن تۈگىتەلمەيدىغان ۋە ھېچقا-
چان تۈگىتەلمەيدىغانلىقىمنى بىلىدىغان ئىشلار... تۈرۈپ - تۇ-
رۇپلا ئۇ ئىشلارنى تاپقانمۇ مەن ئۆزۈم، مېنى ھېچكىم بۇنداق
قىل دېگىنى يوق. مەنسىپىمنى ۋە بۇ ۋەجىدىن قابىلىيىتىمنى
ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىنتايىن ئالدىراپ ئىشلەۋاتقانلىقىمنىمۇ سەز-
مىگەن بولسام كېرەك. بەلكىم بۇ ئىستىخىيىلىك، ئاڭسىزلارچە
بىر تەسىر ياكى بىر كېسەللىك بولۇشى يەنى ئۆزىگە ئىش تېپىش
كېسەللىكى، ئىشلەش ئۈچۈن ئىشلەش، ئىشلىمەي تۇرالماسلىق
كېسەللىكى بولۇشى مۇمكىن. ئويلايمەنكى، مېنى مىدىرلىغىلى
بولمايدىغان تار قەپەس ئىچىگە يالىڭاچلاپ سولاپ قويسا، ئۇ
يەردىمۇ ئىشلەپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان ۋە ھەر كۈنى ئەتىسىگە
يىغىلىپ قالىدىغان بىر مۇنچە ئىشلارنى تاپىمەن، بۇنداق قىلال-
مىسام ئۆلىمەن.

ياق، ياق، ئىشلەپ تۈگىتەلمەيمەن، بۇ ئىشلارغا يېتىشەل-
مەيمەن، يېتىشەلمەسلىك ئۈچۈن ئۆزۈمگە ئىشلارنى توقۇپ چى-
قىمەن. ھەر كۈنى ئەتىسىگە ناھايىتى كۆپ ئىشلار قالىدۇ.
شۇنچە تىرىشچانلىقىم، ئەتىدىن كەچكىچە شاپاشلاپ يۈرۈشلىرىم
بىكارغا كېتىدۇ.،

ھەر كۈنى ئەتىسىگە قېلىۋېرىپ يىغىلىپ قالغان بۇ ئىشلار
مېنىڭ بويىنۇمغا قەرز. بۇ ئىشلارنى ئىشلەپ تۈگىتىپ قەرزلى-

-رىمدىن قۇتۇلۇشۇمغا توغرا كېلىدۇ.
دۇنيادا ئەڭ يامان ئىش قەرزدىن قۇتۇلالماسلىق. قەرزدار بولۇپ ئۆلۈپ كېتىش مېنى ئىنتايىن بىئارام قىلىدۇ. ئۆلگەندىن كېيىن قەرزدار ئىكەنلىكىمنى بىلمىسەممۇ، لېكىن بۇنى هاياتلىقىمدا هېس قىلىۋاتىمەن - دە. . .
يىغىلىپ قالغان ئىشلارنى بىرقەدەر بالدۇر تۈگىتەي دەپ، ئالدىنقى كۈندىكىدىنمۇ كۆپرەك ئىشلىگەنلىكىم ۋەجىدىن ئۆزۈمنى ماشىنىغا ئايلىنىپ قالغاندەك هېس قىلىشقا باشلىدىم. مەن ئۆزۈمنى ئادەم شەكلىدىكى ماشىنا ياكى ماشىنىغا ئايلانغان، كۈنۈپكىسىنى باسسا ئىشلەپ كېتىدىغان بىر ماشىنا ئادەم دېسەممۇ بولىدۇ. لېكىن، پۈتۈنلەي ماشىنا ياكى بىر ئاپتوماتىك قۇرۇلما ئەمەسمەن، چۈنكى ماشىنىلار، ئاپتوماتىك قۇرۇلمىلار ئۆزىنى ئۆزى ئىشلىتەلمەيدۇ. لېكىن مەن ئۆز كۇنۇپكامنى ئۆزۈم بېسىپ ئۆزۈمنى ئىشقا سالالايمەن. ئاندىن تەڭشىگۈچىمنى بۇراپ، ئۆزۈمنى تېخىمۇ تېز ئىشلىتەلەيمەن. شۇنداقتىمۇ تېزلىكىم يەنە يەتمەيدۇ، تەڭشىگۈچىمنى يەنە بۇرايمەن، تېخىمۇ تېز بۇرايمەن.
ماشىنام بارغانسېرى شۇنداق تېز ئىشلەيدۇكى (ئۇ ماشىنا ئۆزۈم)، ئوقلىرىنىڭ، چىشلىق چاقلىرىنىڭ، ئىستىرېلكىلارنىڭ پىرقىرىشىدىن سىلكىنە - سىلكىنە، يەردىكى بېتونغا مىخلانغان بۇرما مىخلىرىدىن ئاجراپ چىقىپ ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك بولىدۇ.
بۇ يەردە يىغىلىپ قالغان شۇنچە كۆپ ئىشىم بولغاچقا، جۇلىئادىكى خەلقئارالىق يىغىنغا قاتنىشىش تەكلىپىنى رەت قىلىشىم كېرەك ئىدى. لېكىن مەن ئەزەلدىن تاپشۇرۇلغان ئىشنى رەت قىلالمايمەن، ماڭا ئىش بولسىلا بولغىنى. . . بەلكىم شۇنچە ئىشلەپ تۈگىتەلمىگەن ئىشلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ئاغرىنىش مېنى يوشۇرۇن بىر قانائەتكە ئېلىپ كەلسە كېرەك. ئىنسان ھەممىدىن ياخشى بىلىمەن دەپ قارايدىغان ئۆزىنى بىلمەيدىكەن. . .

جۇلىئادىكى يىغىن شۇنداق مۇھىم يىغىن ئىدى، بۇ يەردە يىغىلىپ قالغان ئىشلىرىمنى تاشلاپ قويۇپ جۇلىئاغا باردىم. ئۇ شەھەرگە بىرىنچى قېتىم بېرىشىم ئىدى. گۈزەل شەھەر دەپ نامى چىققان جۇلىئانىڭ ئەڭ گۈزەل پەسلى ئىدى. ئۇ يەرگە پەقەت ئىش بىلەنلا بارغانمىدىم؟ راستىنى ئېيتسام، ھەقىقەتنى ئۆز - ئۆزۈمدىنمۇ يوشۇرۇپ، جۇلىئادا بىر - ئىككى كۈن دەم ئېلىپ كېلىشنى ئويلايتتىم. بەش كۈن داۋاملىشىدىغان يىغىن كۈنتەرتىپىنىڭ ئاخىرقى ئىككى كۈنى ساياھەت ۋە دەم ئېلىشقا ئايرىلغانىدى.

ئايروپىلاننىڭ كېلىش ۋاقتى تۆپەيلىدىن، يىغىن ئېچىلىدىغان جۇلىئانىڭ ئۇ كاتتا مېھمانخانىسىغا كېچىدە بېرىپ شەھەرنى كۆرەلمىگەنىدىم. يىغىننىڭ ئۈچىنچى كۈنى ئاخشىمى جەمئىيەت مەركىزىدىن بىر تېلېگرامما تاپشۇرۇۋالدىم. مورتوۋادىكى باشقا بىر يىغىنغا قاتنىشىشىم ئۇقتۇرۇلغانىدى. مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بۇ گۈزەل شەھەرگە بىرىنچى قېتىم كېلىپ، ئۈچ كۈن مېھمانخانىدىن چىقماي، يەنە كەلگەن ۋاقتىمدىكىدەك بىر كېچىدە قايتىپ كېتىش نېمىدېگەن بىمەنىلىك! بىراق ئىش مۇھىم - دە...

ئىش، ئىش، ئىش... ئىشلەش، ئىشلەش، ئىشلەش... ئۇ ياقتىن بۇياققا يۈگۈرۈپلا يۈرگەن... كۈنلىرىم قوغلاشماق ئويۇندەك ئۆتمەكتە. كىمدىن قېچىپ كىمنى قوغلايمەن؟ تۇتۇلۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۆزۈمدىن قاچىمەن ۋە تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن ئۆزۈمنى قوغلايمەن. قويۇن دەپتىرىم، خاتىرە دەپتىرىم ۋە كالېندارنىڭ بەتلىرى قىلىدىغان ۋە قىلىشىم كېرەك بولغان ئىشلار، بارىدىغان ۋە بېرىشىم كېرەك بولغان يەرلەر ۋە چىسلالار بىلەن تولغان. دۈشەنبە سائەت 10:30 دا ئىدارە ھەيئەتلىرى يىغىنى، سائەت 16 دە چوڭ يىغىن، سائەت 20 دە... تەلىيىمگە تاماق. كېچىدە ئۆيدە ئىلمىي دوكلات تەييارلايمەن. سەيشەنبە

سائەت 8 نىڭ ئايروپىلانى بىلەن. . . سائەت 18 دە ۋەكىللەر يىغىنى، سائەت 20 دە گۇرۇپپا يىغىنى، زىياپەت، ئەمەلىي مەشغۇلات، كۆرگەزمە، مۇزاكىرە. . . ئىشلار مانا شۇنداق كەينى ـ كەينىدىن داۋاملىشىپ كېتىۋېرىدۇ. پائالىيەت شۇنداق جىددىيكى، ئۆز ۋەزىپەمنى توختىتىپ قويۇش ئىمكانىيىتىم يوق. ماشىنام بىتونغا مىخلانغان بۇرما مىخلاردىن ئاجراپ چىقىپ كېتىدىغان يەرگە يەتتى. مورتوۋاغا بارىدىغان ئايروپىلانغا ئۈلگۈرۈش ئۈچۈن جۇلمىئا يىغىنىدىكى خىزمەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆججەت، ئارخىپلارنى چىشىمنى چىشلەپ يىغىشتۇرۇپ ئايروپىلانغا ئارانلا ئۈلگۈردۈم.

يىغىننىڭ چۈشتىن ئاۋۋالقى ئېچىلىش مۇراسىمىغا ناھايىتى ھارغىن ۋە ئۇيقۇسىز ھالدا قاتناشتىم. ئەتىسى ئاران ئېسىمگە كېلەلىدىم. سۆزگە چىقىش، مۇنازىرىلەرگە قاتنىشالمايتتىم. دىققىتىم چېچىلىپ كەتكەنىدى. ئۈستەلدىكى مىكرافوندا ھەيئەت رىياسىتىگە سايلانغانلارنىڭ ئىسىملىكى ئوقۇلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەنمۇ بار ئىكەنمەن. سەھنىدىن ئورۇن ئېلىشىم كېرەك ئىدى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ سەھنە تەرەپكە ئەمەس، قارشى تەرەپكە ماڭدىم. نېمىشقا بۇنداق قىلغىنىمنىمۇ بىلمەيتتىم. يىغىن زالىدىن چىقىپ لىفت بىلەن پەسكە چۈشتۇم. كۆركەم ئىمارەتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرۇپ تاشقىرىدىكى قايناق ھاياتنى تاماشا قىلدىم. ئادەملەر، ماشىنىلار ئۇياقتىن بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى.

بايا تاشقىرىغا چىقىپ كېتىۋاتقىنىمدا ئىسمىمنى چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. مېنى يىغىن زالىدا تاپالمىغاچقا ئىسمىمنى چاقىرغان بولسا كېرەك. ھەيئەت رىياستىدە بولغۇدەك، سۆزگە چىققۇدەك ھالىم يوق ئىدى، شۇنداقتىمۇ مېھمانخانىنىڭ خەۋەرلىشىش بۆلۈمىگە بېرىپ ئىسمىمنى نېمە ئۈچۈن چاقىرغانلىقىنى سورىدىم.

خەۋەرلىشىش بۆلۈمىدىكى خادىم بىر جىددىي تېلېگراممام بارلىقىنى ئېيتىپ، بىر باغاقچىنى ئۇزاتتى. ئۇنى ئېلىپ ئوقۇ- دۇم:

«سىز بىلە كۆرۈشمەكچىدىم، لېكىن سىزنى تاپالمىدىم. بار يېرىڭىزنى ئۇقۇشۇپ ئۇ يەرگە بارغۇچە سىز ئۇ يەردىن كېتىپ قالىسىز. سىزنى ئۇزاقتىن بېرى ئىزدەپ يۈرىمەن، لېكىن سىز بىر يەردە تۇرمايسىز. شۇنداق پائالىيەتچانسىزكى، كەينىڭىزدىن قوغلاپ يېتىشەلمەيمەن. جۇلىئاغا كېلىشىڭىزدىن ئىلگىرى سىز- نى ئۆيىڭىزدىن ئىزدىگەنىدىم، تاپالمىدىم. يەنە ئىككى كۈن مور- توۋادا بولىدىغانلىقىڭىز ئۈچۈن ئەتە كەچتە سىز بىلەن كۆرۈشكى- لى بارىمەن. ئەتە ئاخشاملىقتا كۆرۈشۈشىمىزنى تىلەپ...»

بۇنىڭغا ئوخشاش بىر باغاقچىنى جۇلىئاغا بېرىشتىن ئاۋۋالمۇ ئالغانىدىم. ئىككىلىسىدىكى ئىمزا ئوخشاش بولۇپ، «ئۆلۈم پە- رىشتەيىڭىز» دەپ يېزىلغانىدى.

ئالدىنقى باغاقچىنى ئالغىنىمدا، سارالڭ بولسا كېرەك، دەپ تاشلاپ قويغانىدىم. لېكىن، مورتوۋادا يەنى مىڭ كىلومېتىردىن يىراق بىر يەردە يەنە شۇ باغاقچە. مېنى ئىزدەپ يۈرگەن بىرى بولسا كېرەك. بىراق ئۇ كىم؟ مەن بىلەن نېمە ئالاقىسى باردۇ؟ ئىشىمدىن ۋە مەشغۇلىيەتلىرىمدىن باشقا نەرسە بىلەن نېمە كارىم... ئۈچ يېرىم سائەتلىك ئايروپىلان سەپىرى ئۈستىدە مۇ مورتوۋادىكى قۇرۇلتايغا قويىدىغان پىكىر لايىھىسى ئۈستىدە ئىشلىگەنىدىم. لېكىن بۇ «ئۆلۈم پەرىشتەسى» كاللامغا شۇنداق كىرىۋالدىكى، ھېچبىر ئىشىمغا قولۇم بارمايتتى. «ئۆلۈم پە- رىشتەسى» كىم بولسا بولسۇن، ئەتە ئاخشام مورتوۋادىكى مېھمان- خانىغا كەلسە يەنە مېنى تاپالمايدۇ.

«ئۆلۈم پەرىشتەسى»نى ئۇنتۇشقا تىرىشاتتىم. مېھمانخانى- دىن چىقىپ كىشىلەر توپىغا قوشۇلدۇم. خۇددى مەكتەپتىن قاچقان بالىنىڭ نېمە ئۈچۈن قاچقانلىقىنى بىلمىگىنىدەك، بۇ

قالايمىقانچىلىقتا نېمە ئۈچۈن قوشۇلغانلىقىمنى بىلمەيتتىم. بىراق، ماشىنام شۇنداق تېز، ئىنتايىن تېز ئىشلەيتتىكى، ئاخىر سىلكىنىشتىن بۇرما مىخلىرىدىن ئاجراپ ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتكەنىدى.

مېنىڭ يىغىن زالىدا يوقلۇقۇمنى ئۇقسا قانداق بولماقچى؟ ئىزدىشىدۇ، تاپالمايدۇ. ئاغرىپ قالدىمۇ، ئاچچىقلاپ كېتىپ قالدىمۇ، نارازى بولۇپ قالدىمۇ دەپ ئەنسىرىشىدۇ، لېكىن مەن بۇنداق دەپ ئويلىماسلىقىم ھەتتا قايتىپ كىرگىنىمدە قەيەردە بولغانلىقىمنى سورىغانلارغا بېرىدىغان جاۋابىنىمۇ ئويلىماسلىقىم كېرەك. ئەڭ ياخشىسى ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ يۈرگەن بۇ كۈنۈمنىڭ كۆڭۈلۈمدىكى لەززىتىنى ئېلىش...

كوچىلاردا يۈردۈم، باغچىلاردا ئولتۇردۇم، مەيدانلاردا ھەيكەللەرنى تاماشا قىلدىم. مورتوۋانىڭ كوچىلىرىدا غايىب بولدۇم. ھەر خىل مەيخانىلاردا تونۇمايدىغان كىشىلەر بىلەن ئولتۇرۇپ ئىچىشتۇق. كوچىدا ماڭغاندا چاندۇرماسقا تىرىشسامۇ، مەست ئىدىم. تاڭ ئېتىشقا يېقىن بىر تاكسىغا ئولتۇرۇپ، شوپۇرغا مېھمانخانىنىڭ ئادرېسىنى ئېيتتىم.

مېھمانخانىنىڭ كۈتۈۋېلىش خادىمى ياتىقىمنىڭ ئاچقۇچىنى بېرىۋېتىپ:

— خېتىڭىز بار، — دەپ بىر قەغەزنى ئۇزاتتى. ئوقۇمايلا قەغەزنى سىقىمداپ پۇرلەشتۇرۇۋەتتىم. لىفت بىلەن ياتىقىم بار قەۋەتكە چىقتىم. بىر مەستنىڭ ئاچقۇچنى قۇلۇپنىڭ تۆشۈكىگە كىرگۈزۈشى نېمىدېگەن تەس... ئاياغ كىيىملىرىمنى يەشمەيلا ئۆزۈمنى كارىۋاتقا ئوڭدا تاشلىدىم. پاھ، نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك بىر كۈن ئۆتكۈزدۈم، يەنە كېلىپ ئىش قىلماي، غەم - قايغۇسىز...

بىر ھازادىن كېيىن يېشىنىپ ئىسسىق سۇدا يۇيۇندۇم. ئورۇنغا كىرىپ ياتقىنىمدا شۇنداق راھەتلەندىمكى، ئۇ كۈنكى

قېچىپ يۈرگىنىم ئۈچۈن ئۆز - ئۆزۈمگە رەھمەت ئېيتتىم. تازا ئۇيقۇم كەلگەندى. پۈتۈن كۈن بويى ئۇخلىشىم مۇمكىن ئىدى. لامپۇچكىنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن قولۇمنى ئۇزاتقىنىمدا مېھمان قوبۇل قىلىش ئورنىدىكى كۈتۈۋېلىش خادىمى بەرگەن، ئالىقىنىمدا پۇرلەشتۈرۈۋەتكەن ھېلىقى خەتنى ئوقۇدۇم:

«نېمە ئۈچۈن بولۇشىڭىز كېرەك بولغان يەردە ۋە ۋاقىتتا بولمىدىڭىز؟ بىر قانچە كۈندىن بېرى سىزنى ئىزدەۋاتىمەن. لېكىن، قانداقتۇ تاپالمايۋاتىمەن. قەيەردە بولىدىغانلىقىڭىزنى ئۇقۇپ بارسام، سىز ئۇ يەردىن كېتىپ قالىسىز. سىزنى زادى تۇتالمايۋاتىمەن. xx دىكى يىغىندا ئىكەنلىكىڭىزنى ئۇققاندىم. سىز ئۇ يەرگە مېنىڭ بېرىشىمدىن سەللا ئىلگىرى بېرىپتىكەنسىز. سىز بىلەن قوغلاشماق ئوينايتىمەن. بۇ مېھمانخانىدا ئىكەنلىكىڭىزنى ئۇقۇپ، بۇ يەرگە كېلىپ سىزنى كېچىچە كۈتتۇم. قانداقلا بولسۇن تېپىشماي قالمايمىز. مېنى ئۇنداق كەينىڭىزدىن قوغلىتىۋەرمەڭ. ئۆتۈنۈپ قالاي، بار يېرىڭىزدىن كەتمەي تۇرۇڭ. ئۇزاق ئۆتمەي كۆرۈشۈش ئۈمىدى بىلەن، ئۆلۈم پەرىشتەيىڭىز.»

نېرۋىلىرىم بۇزۇلدى. ئۆلۈم پەرىشتەم يەنە ئەزرائىل... بۇ مېھمانخانىدا تۇرۇۋاتقانلىقىمنى ھېچكىمگە ئېيتمىغان تۇرسام... بۇ نېمىدېگەن سەت، قورقۇنچلۇق ۋە تېتىقسىز چاقچاق... چاقچاق دەپ قارىساممۇ ئۇيقۇم قاچتى. مەنمۇ ئۆلۈمدىن قورقىدىغان ھەممە كىشىلەردەك، ھەمىشە «مەن ئۆلۈمدىن قورقمايمەن» دەيمەن. «ئۆلۈمدىن قورقمايمەن» دەپ تەكرارلاۋېرىش ئەسلىدە ئۆلۈمدىن قانچىلىك قورقىدىغانلىقىمىزنى كۆرسەتمەمدۇ؟

كەچكە يېقىن ئويغانغىنىمدا، ئاشۇ پۇرلىشىپ كەتكەن قەغەزنى كۆرمىگەن بولسام، ئۇ ئىشلار ئېسىمگە كەلمىگەن بولاتتى. مەن قەغەزنى سېۋەتكە تاشلىدىم...

مورتوۋادىن قايتىپ كەلگىنلى بىر ھەپتە بولمىغانىدى. كېچە ئۆيدە ئىشلەۋاتاتتىم، تۇن يېرىمىدىن ئۆتكەندە تېلېفون جىرىڭلى-دى. بىر ئايالنىڭ ئاۋازى ئىدى.

ماڭا نىسبەتەن، بىر ئادەمنىڭ ئاۋازى ئۇ ئادەمنى ياخشى كۆرۈش - كۆرمەسلىكىمنىڭ ئۆلچىمى ئىدى. تېلېفوندىكى ئايال-نىڭ ئاۋازى سىلىق ئىدى. ئۇ شۇنداق مۇلايىم ئىدىكى، ئۇنى لەۋلىرىمدە ھېس قىلىش، قوللىرىم بىلەن سىلاش ھەۋىسىم قوزغالدى.

ئىسمىمنى چاقىردى.

— ھەئە، مەن، — دېدىم.

— ئۆتكەن سەيشەنبە كەچتە «سەنئەتكارلار جەمئىيىتى» دە بولماقچى ئەمەسمىدىڭىز؟

— ھەئە، ئۇ يەردە بولدۇم.

— بىراق مەن بارغۇچە ئۇ يەردىن كېتىپ قاپسىز.

— باشقا بىر يىغىنىم بار ئىدى، شۇ يەرگە كەتتىم.

— خەۋىرىم بار، كەينىڭىزدىن مەنمۇ ئۇ يەرگە بارسام يەنە كېتىپ قاپسىز. بىر كۈندىن كېيىن ئەمەلىي مەشغۇلاتىڭىز بار ئىكەن، يەنە باردىم، سىز يەنە تىكىۋېتىپسىز.

— چۈنكى... — دەپ توختاپ قالدىم.

بۇ ئايال كىمدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، نەگىلا بارسام ۋە نېمىلا ئىش قىلسام ئۇنى بىلىدىكەن...

— كەچۈرۈڭ، خانىم، سىز كىم بولىسىز؟

— ئۆلۈم پەرىشتەيىڭىز!

بىر ھازا تۇرۇپ قالدىم. ئۇنىڭ ئاۋازى شۇ قەدەر سىلىق ۋە مۇلايىم بولمىغان بولسا، تېلېفوننى شۇئان قويۇۋېتەتتىم. بىراق، ئۇنىڭ ئاۋازى ئاجايىپ يېقىملىق ئىدى.

— ئۆتۈنۈپ قالاي، بۇنداق چاقچاق قىلمىسىڭىز!

— راست گەپ. سىز بارغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىگە بېرىپ

خەۋەر، يا خاتىرە قالدۇرۇۋاتىمەن. سىزگە ئېيتىمىدىمۇ؟
— ئاۋازىڭىز بەك يېقىملىق ئىكەن. . .
— مېنىڭ ئاۋازىم دەل سىز ئاڭلىماقچى بولغان ئاۋاز. . .
تېلېفوندا سۆزلىگۈچىنىڭ ئەزرائىل ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرساممۇ يەنە قورقاندىم. يەنە كېلىپ مەن نە ئەزرائىلغا، نە باشقا مەخلۇقلارغا ئىشىنىدىغان ئادەممۇ ئەمەس ئىدىم.
— ھازىر ئۆيىڭىزگە بارىمەن، كەتمەي تۇرۇڭ، مېنى كۈتۈڭ.
ئۇ تېلېفوننى قويۇۋەتتى.
نېمە قىلىشىمنى بىلەلمىدىم. قانداقلا بولسۇن ئۆيدىن چىقىپ كېتىشىم كېرەك ئىدى. دەرھال كىيىنىپ ئۆيدىن چىقىپ لىفتنىڭ كۇنۇپكىسىنى باستىم. بىرىنچى قەۋەتتىن چىقىۋاتقان لىفتنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. لىفت مەن تۇرغان تۆتىنچى قەۋەتتە توختاپ ئىشىكى ئېچىلدى، ئىچىدە بىر ئايال تۇراتتى. ئۇ مېنى ئەيىبلىگەندەك:
— قاراڭە، يەنە قاچقىلىۋېتىپسىز - دە. . . — دېدى.
ئۇ لىفتتىن چىقتى. نەق مەيداندا تۇتۇلۇپ قالغاندىم. نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم. ئۇ ئۆيۈمگە قاراپ ماڭدى. دېمەك، قايسى ئۆيدە تۇرىدىغىنىمنىمۇ بىلىدىكەن، ئىشىكنى ئاچتىم. ئۇ ئۆز ئۆيىدىكىدەك ئەركىن ئىدى. ئېلېكترنى ياندۇرۇپ، پەلتوسىنى يېشىپ كىيىم ئاسقۇچقا ئاستى. گويا ئۆي ئىگىسى مەن ئەمەس ئۇ ئىدى.
— سارايدا ئولتۇرايلىمۇ، ئىشخانىڭىزدىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.
— ئىختىيارىڭىز. . . — دېدىم مەن.
ئىشخانامغا كىردى، ئولتۇردۇق.
ئۇ پەۋقۇلئاددە گۈزەل بىر ئايال ئىدى، يىگىرمە بەش بىلەن

ئوتتۇزنىڭ ئارىلىقىدا كۆرۈنەتتى.
— كەچۈرۈڭ، — دېدىم مەن، — بىز بۇرۇن تونۇشقانمىدۇق؟
— بۇرۇن تونۇشقان بولساق سىز ھازىر ھايات بولمىغان بولاتتىڭىز. . . — دېدى ئۇ كۈلۈپ.
— سىز زادى كىم بولىسىز؟
— سىزگە دېدىمغۇ، ئۆلۈم پەرىشتەيىمىز، يەنى ئەزرائىلدىمىز. . .
مەن كۈلۈمسىرەشكە تىرىشىپ:
— بۇ نېمىدېگەن گۈزەل ئەزرائىلدۇ! — دېدىم.
— ئەزرائىلنىڭ قولىدا سىرتماق بىلەن ئىسكىلىت بولىدۇ دەپ ئويلىغانمىدىڭىز؟
سۆزنى باشقا ياققا بۇراش ئۈچۈن، سوئالىغا:
— نېمە ئىچكۈڭىز بار؟ — دېگەن سوئال بىلەن جاۋاب بەردىم.
— تېخى ئەجىلىڭىز توشمىدى، ئىچسەك ئىچەيلى. سىز نېمە ئىچسىڭىز مەنمۇ شۇنى ئىچەي، — دېدى ئۇ.
بۇ ئايال نېمە دەيدىغاندۇ؟ تېخى ئەجىلىم توشماپتىمىش!
كېچە تۈن يېرىمىدىن ئاشقان بولسىمۇ، ئۈستەلگە بىر بوتۇلكا ھاراق، ئىككى رومكا، ئىستاكان ۋە مېۋە - چېۋە قويدۇم.
بىرىنچى قەدەھنى كۆتۈرۈۋېتىپ، چاقچاق ئارىلاش:
— دېمەك، جېنىمنى ئالغىلى كەپسىز - دە؟ — دېدىم.
— ئەزرائىل جان ئالمايدۇ، ئەزرائىلغا جان بېرىدۇ. . . — دېدى ئۇ.
— سىزدەك گۈزەل ئەزرائىلغا جېنىم پىدا. . . — دېدىم مەن.
— مەنمۇ سىزدىن شۇنى كۈتەتتىم، — دېدى ئۇ.
بۇ گۈزەل ياش ئايال راست ئەزرائىلمىدۇ، دەپ گۇمانلان-

دىم، لېكىن چانىدۇرماسقا تىرىشتىم:
— ئەزرائىلنىڭ ئايال ئىكەنلىكىنى زادى بىلمەيدىكەنمەن، لېكىن سىز باش ۋە ئىنتايىن گۈزەل بىر ئايالسىز.
— سىز ئەزرائىلنى ئەر كىشى دەپ ئويلامسىز؟
— ئەرمۇ ئەمەس، ئايالمۇ ئەمەس، جىنسىيەتسىزغۇ دەي-مەن.
— ئاياللارنىڭ ئەزرائىلى ئەر بولىدۇ، ئەرلەرنىڭ بولسا ئايال. . .
هارافنى ئىچكەنسېرى ئاستا - ئاستا قورقۇنچۇم تۈگەپ، ئەزرائىلىمغا كۆنۈشكە باشلىدىم:
— هەر كۈنى مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئادەم ئۆلۈپ تۇر-دۇ. شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ جېنىنى ئېلىشقا قانداق يې-تىشىسىز؟ — دەپ سورىدىم مەن.
بۇ سۆز بىلەن ئۇنى مەسخىرە قىلماقچى ئىدىم. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:
— هەر ئادەمنىڭ ئەزرائىلى ئايرىم، — دېدى.
— دېمەك، سىز مەخسۇس مېنىڭ ئەزرائىلىم ئىكەنسىز -دە؟
— شۇنداق. . . قالدۇرغان خەتلىرىڭىزدىمۇ «ئۆلۈم پەرىشتە-سىگىز» دەپ بازغانىدىڭغۇ. . . مېنىڭ ۋەزىپەم پەقەت سىزنىڭ جېنىڭىزنى ئېلىش. هەر كىمنىڭ ئەزرائىلى ئۇ كىشىنىڭ خىيال-لىرىدا، ئەسەۋۋۇرلىرىدا ياراتقان كىشى. مەسىلەن، سەكسەن باشلىق ئاغرىقچان بىر ئايالنىڭ ئەزرائىلى يىگىرمە ياشلىق كۈچ-لۈك بىر يىگىت بولۇشى، ئۇ ياشانغان ئايال پەقەت شۇنداق بىر يىگىتكە جېنىنى بېرىشى مۇمكىن.
— راست ئېيتىسىز. . . مەنمۇ سىزگە ئوخشاش. . .
— هە، مەن دەل شۇ! — دېدى ئۇ سۆزۈمنى بۆلۈپ، — ئاۋازىڭمۇ، چىرايىمۇ، يورۇش - تۇرۇشلىرىمۇ، هەممە تەرد-

پىم سىزنىڭ ئويلىغىنىڭىزدەك . . .
يۈرىكىم جىغىلداپ كەتتى. دەرۋەقە ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى توغرا ئىدى. پۈتۈن ھاياتىم بويىچە ئارزۇ قىلغان بىر گۈزەل ئايالغا ئېرىشكەنىدىم. بىراق، ئۇمۇ ئۆلۈم پەرىشتەم ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدى.

— سىز ھەممىشە مۇشۇ ياشتا ۋە مۇشۇ گۈزەللىكىڭىزدە تۇرامسىز؟

— ياق، سىزنىڭ تەسەۋۋۇرىڭىزغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىمەن . . . مەسىلەن، ئوتتۇز ياشتا ئۆلىدىغان بولسىڭىز، شۇ يېشىڭىزدا ئارزۇ قىلغان بىر قىز بولاتتىم. يەتمىش ياش ئۆمۈر كۆرسىڭىز، بەلكىم ھازىرقى تۇرقۇمدىنمۇ ياش باشقا بىر ئايال بولاتتىم . . . بۇرۇن سۆيگەنلىرىڭىزنى ئويلاپ بېقىڭا . . . بارمىقىدا زەڭگەر كۆزلۈك ئۈزۈكى بولغان ھېلىقى كىچىك ئوقۇغۇچى قىز يەنى ھېلىقى سۆسۈن رەڭ باشىنىكىنى سىڭايان كىيىۋالغان قىزنى . . . ئاندىن ئاپئاق تېنىگە قول تەگمىگەن ئون يەتتە ياشلىق ھېلىقى دۇنيا گۈزىلى قىزنى . . . ئاندىن ھېلىقى تانسىخانىدا تونۇشقان، ئۆزىنى تۇتالمايدىغان ياشتىكى تەنتەك قىزچاقنى . . . ئاندىن ئالدىڭىزدا تىنىماي تىرناقلىرىنى چىشلەپ سىزنى سەدىپارە قىلغان ھېلىقى ئايالنى . . . ئاندىن تەلمۈرۈپ تۇرغان كېيىكتەك، بېشىنى مۈرىڭىزگە قويۇۋالغان ۋە يەلپۈنۈپ تۇرغان چاچلىرى يۈزىڭىزنى غىدىقلىغان چاغلارنى زادى ئېسىڭىزدىن چىقارمايدىغان ھېلىقى . . . ئاندىن ھېلىقى قوڭۇر كۆزلۈك، خانىش سۈپەت، دۇنيادا ئەڭ نازاكەتلىك ئايالنى . . . ئاندىن، قانداقتۇر ھاياتىڭىزنى بىرلەشتۇرەلمىگەن، ئەمما سىزنى ھەقىقىي سۆيگەن ھېلىقى جانان چىراي ئايالنى . . . ئاندىن ھېلىقى جاھاندا تەڭدىشى يوق بالقان گۈزىلىدەك تەبەسسۇم چىراي . . . ئاندىن ھېلىقى ناز - كەرەشمىلىك، ھېيلىگەر، نايناق، تەمەخور سىگانوشكىلارنى . . . ئاندىن قېنىدا پاھىشە ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان ھېلىقى

كىچىككىنە قىزنى. . . ئاندىن ئايىغىڭىز قىسقىراپ قالغان چىغى-
ڭىزدا سىزگە ھەر سەھەر چاچلىرىدا قۇياش نۇرىنى بەخش ئەتكەن
ئايالنى. . . ئاندىن . . .

— بولدى بەس! — دەپ ۋارقىرىدىم مەن.

ئىختىيارسىز ۋارقىرىۋەتكەنلىكىمدىن خىجالەت بولۇپ ئار-
قىدىنلا ئەپۇ سورىدىم.

— دېمەك، بايا سانىغانلىرىم ۋە سانىيالمىغانلىرىمنىڭ
ھەممىسى مەن ئىدىم. ئۇ چاغلاردا مېنى شۇ ھالەتتە كۆرۈشنى
خالايتتىڭىز، مەنمۇ شۇنداق كۆرۈنگەنىدىم. ھازىرمۇ كۆرۈشنى
ئارزۇ قىلىدىغىنىڭىزغا ئۇخشايمەن. دەل سىز ئويلىغان ئايال-
مەن.

پۈتۈن ئۆتمۈشۈمنى بىلگىنىگە قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۆلۈم پە-
رىشتەم ئىكەنلىكىگە ئىشەنسەم بولارمۇ؟

ئۇ شۇ قەدەر جەلپكار ئىدىكى. . . قولىنى قوللىرىمنىڭ
ئارىسىغا ئالدىم، سىلىدىم، سۆيدۈم، قارشىلىق قىلمىدى، ماڭا
تېخىمۇ ماسلىشىپ بەردى. . .

— دەرۋەقە پەرىشتەسىز، لېكىن ئۆلۈم پەرىشتەسى ئە-
مەس. . . مېنىڭ جېنىمنى ئالىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنەلمەيمەن.

— دېدىمغۇ، جېنىڭىزنى مەن ئالمايمەن، ئۆزىڭىز بېرى-
سىز.

قۇچاقلىدىم، ئۇمۇ قۇچاقلىدى. ئولتۇرغان ساپادىن كۆتۈ-
رۈپ كارىۋاتقا ئالدىم.

ئۇ گويا بىرىنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك، لەۋ-
لىرىنى قولىقىمغا چاپلاپ:

— مېنى خالامسىز؟ — دەپ پىچىرلىدى.

— ئەلۋەتتە. . .

— ئۇندقتا بۇ ئاخىرقىسى بولىدۇ.

— مەيلى! — دەپ غودۇڭشىدىم.

«مەيلى» دېگەن چېغىمدا راستتىن ئەجىلىم توشقانلىقىغا ئىشەنمەيتتىم، شۇنداقتىمۇ ئىچىمدە بىر قورقۇنچ يوق دېگىلى بولمايتتى.

— جېنىمنى قانداق ئالىسىز يەنى جېنىمنى قانداق بېرىمەن؟

— سۆيۈشۈپ تۇرۇپ... مانا مۇشۇنداق... سۆيۈشۈشىمىزنىڭ ئاخىرقى پەللىسىگە كەلگەن، لەززەتلىنىشنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىققان چېغىڭىزدا، بىلەكلىرىم ئارىسىدا ئاخىرقى نەپىسىڭىزنى بېرىسىز.

مانا، نەپىس خاھىش!... كۆڭلۈمنىڭ كەينىگە كىرىش! يا ئۆلۈمگە كۆز يۇمۇپ، ئەڭ شېرىن لەززەتنى تېتىش كېرەك، يا تەمسىز ھاياتنى داۋاملاشتۇرۇش كېرەك...

قورقۇنچ بىلەن ئۇنىڭ يالىڭاچ بەدىنىدىن قوللىرىمنى تارتىۋالدىم، ئۇ تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلاپ مېنى ئۆزىگە تارتاتتى.

ئېھ... ئۆلۈمنىڭ بۇ قەدەر لەززەتلىك بولۇشىنى... لېكىن قانداق... چۈشەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەسكى... جىم... يەنە بىر... پاھ، پاھ... سادىغاڭ كېتەي...

— كەچۈرۈڭ... — دېگەن بىر ئاۋازنى ئاڭلىدىم. ئۇ يېنىمدىكى ساپادا ئولتۇرغان ۋەكىللەردىن بىرى ئىدى.

قۇرۇلتاي زالىدا ئولتۇراتتىم. ھوشۇمدىن كەتكەنمىدىم ياكى ئۇخلاپ قالغانمىدىم. شۇنداق ھارغىن ئىدىمكى...

يىغىن رەئىسى مىكرافوندا مېنىڭ سۆزگە چىقىشىمنى تەكلىپ قىلدى. ئاستا مېڭىپ مۇنبەرگە چىقتىم. سۆز ئورىگىنالىمنى ئالدىمغا قويۇپ، كۆزەينىكىمنى تاقىدىم ۋە تۈنۈگۈن كېچىچە ئۇخلىماي يېزىپ چىققان دوكلاتىمنى ئوقۇشقا باشلىدىم.

چۈشتىن كېيىنكى يىغىندا چوڭ مۇنازىرە بولىدىغانلىقىنى بىلەتتىم، بۇنىڭغا تەييارلىق قىلىشىم كېرەك ئىدى.

ماشىنام بۇرما مىخلىرىدىن ئاجراپ ئۇچالمىغانىدى. ئۇ يە-

نىلا ئىشلەۋاتاتتى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئىشلەيتتى. تاكى ئۆلۈم-
پەرىشتەم ئۆزىنى ماڭا بېغىشلىغان ۋە جېنىمنى ئۇنىڭغا تاپشۇر-
غانغىچە ئىشلەيتتى...

# زەيتۈن كۆزلۈك قىز

ئۇ بۇلۇتلار ئۈستىدە سەپەردە ئىدى. سەپەرگە چىققانلارنى كۈتۈۋالىدىغان قىزلار بار ئىدى. بۇ قىزلار ئورۇن كۆرسىتىپ بېرەتتى، بىراق كۆرسەتكەن يېرىدە ئورۇن يوق ئىدى. ئورۇن كۆرسىتىپ بېرىلگەنلەر بۇلۇتلارنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشاتتى. ئۈستىدە ئادەم ئولتۇرغان بۇلۇتلار بېسىلىپ، يۇمشاق ئورۇندۇققا ئوخشاپ قالغانىدى.

ئۇ قولىدىكى بېلەتكە قارىدى، ئورنى A8، دېرىزە يېنىدا ئىدى. بۇ يەردە دېرىزە يوق، تورىسى بولمىغاندەك، پولمۇ يوق ئىدى، بۇلۇتلار بىلەن كۆك ئاسماندىن باشقا ھېچنەرسە كۆرۈنمەيتتى. ئورۇن كۆرسەتكەن قىزلاردىن بىرى ئۇنىڭغا ئېگىلىپ:

— كۆك ئاسمانغا خۇش كەپسىز! — دېدى.

ئۇ رەھمەت ئېيتتى. بۇلۇتلارنىڭ ئۈستىدىمۇ ئېگىلىپ سۆزلىشىۋاتقىنىغا ھەيران بولدى ۋە ھەيرانلىقىنى بېسىۋالالماي، ئۆزىمۇ ئېگىلىپ سورىدى:

— كەچۈرىسىز، سىز كىم بولىسىز؟

— يولۇچىلارنىڭ ھۆر - پەرىلىرى بىز، — دېدى قىز.

— نەگە كېتىۋاتىمىز؟ — سورىدى ئۇ.

— جەننەتكە، — دېدى ھۆر قىز.

— ئۇنداقتا يەنە خاتا ئولتۇرۇپ قاپتىمەن، — دېدى ئۇ.

— مەن ھەمىشە بارىدىغان يېرىمدىن ئادىشىپ قالىمەن.

كەينىگە قايتقىلى بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى سورىدى.

ياق، ئەمدى ئۇ قايتالمايتتى.

— ھەر قانداق يەردە ئالمىشىشقا بولامدۇ؟
— ئۇدۇل ماڭمىز. . . — دېدى ھۆر قىز.
ئۇ 8 - نومۇرلۇق ئورۇننى تاپتى، A دېرىزىنىڭ يېنى ئىدى، لېكىن بولمىغان دېرىزىنىڭ يېنىدا بىر قىز ئولتۇراتتى. ئۇ يەرگە بېرىپ ئولتۇردى. ھېچكىم «خاتا ئولتۇردىڭىز، ئۇ يەر مېنىڭ ئورنۇم» دېمىدى. قانداقلا بولسۇن، دېرىزە يوق ئىدى.
ئۇ ئۆزىنى قىزنىڭ ئوڭ يېنىغا، بولۇتلارنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ، ئۇيۇلغان بولۇتلارنىڭ ئىچىگە چۆكتى. بولۇتلار ئۇيۇلغاندا يېنىدىكى قىزمۇ بىر نەچچە قېتىم چۆكۈپ كېيىن كۆتۈرۈلدى.
بولۇتلار شامالدا سوزۇلۇپ كېتمۇاتاتتى ۋە شامالنىڭ تەسىرىدىن بىر ئوڭغا، بىر سولغا داۋالغۇپ ئىلگىرىلەيتتى. كەينىدىن ئىتتىرگەن شامالغا ماسلىشىپ بىر ئۇياققا، بىر بۇياققا يۆنەلگەنسېرى، ئۈستىدە ئەكس ئەتكەن قۇياش نۇرىدا رەڭگارەڭ تۈس ئالاتتى. ئۇنىڭ سول يېنىدا ئولتۇرغان قىزنى قۇچاقلىغان بولۇت گاھ ھالرەڭگە، گاھ زەڭگەر رەڭگە، گاھ ئالتۇن رەڭگە كىرەتتى. ئۇ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قىزغا قارىدى، ئۇ زەيتۇن كۆزلۈك بىر گۈزەل ئىدى، قىسقا ئىشتان بىلەن ئۇچلۇق ئېگىز پاشنىلىق قارا توپلەي كىيمۇالغانىدى. بورۇلكىسىنىڭ پۇچقىقى بىلەن توپلىيى ئارىسىدا كۆرۈنگەن قارا يىپەك پايپىقى ئىچىدىكى پاقالچىكى كىشىنى يالىڭاچ پاقالچەكتىنمۇ بەك جەلپ قىلاتتى. ئۇچىسىدا پىل چىشى رەڭگىدە كەڭ كاستيۇم بار ئىدى.
ئۇ زەيتۇن كۆزلۈك قىز بىلەن كارى بولماي ئۇنىڭغا كۆز تىكتى. ئۇنىڭ مەخمەلدەك تېنى بۇغداي ئۆڭ ئىدى. . . تېنىنىڭ مەخمەلدەك سىلىق بولۇشى كىشىنىڭ دىققەت نەزىرىنى تارتاتتى. بۇدرە چاچلىرى توق قوڭۇر رەڭ بولۇپ، ئۇچىسىغا قاراپ سىرىقلاپ باراتتى. زەيتۇن كۆزلۈك قىز ئۆزىنىڭ ئالاھىدە گۈزەللىكىگە مەستلىكى كەلگەندەك، نازۇك قوللىرى بىلەن چاچلىرىنى ئويناپ تېخىمۇ بۇدرەلەشتۈرەتتى.

ئۇ زەيتۇن كۆزلۈك قىزغا دىققەت قىلماسلىق، ياق، دىققەت
قىلمىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىش ئۈچۈن سومكىسىدىن كىتابىنى
ئېلىپ، كۆزەينىكىنى تاقاپ ئوقۇشقا باشلىدى، نېمىنى ئوقۇۋات-
قانلىقىنى ئۆزىمۇ ئۇقمايتتى.

زەيتۇن كۆزلۈك قىزمۇ قولىغا بىر فرانسۇزچە گېزىتنى
ئالدى. توختىماي بەتلىرىنى ئۆرۈپ - چۆرىگىنىگە قارىغاندا،
ئۇمۇ گېزىتنى ئوقۇماي، ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئەتەي ئۇنىڭغا قار-
ۋالغانىدى.

ئۇ بۇلۇتلار ئۈستىگە چىقىپ، ھۆر قىزلاردىن بىرى بۇ
سەپەردىن قايتقىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقاندا يۈرىكى سىقىلغا-
ىدى، لېكىن ھازىر يېنىدا زەيتۇن كۆزلۈك قىز بولغاچقا،
ايتقۇسى يوق ئىدى. ئۇلار جەننەتكە ئەمەس ھەتتا دوزاخقا كېتى-
ۋاتسىمۇ مەيلى ئىدى... قىز گېزىتنى قويۇپ، سومكىسىدىن
ىر ژۇرنالنى ئېلىپ ۋاراقلاشقا باشلىدى.

ئۇنىڭ زەيتۇن كۆزلۈك قىز بىلەن پاراڭلاشقۇسى كەلدى،
ىراق خاتا چۈشىنىپ قالارمىكىن دەپ ئېغىز ئاچالمىدى.

زەيتۇن كۆزلۈك قىز ئۇركىگەك كېيىككە ئوخشاش ئىدى.

كەينىدىن بىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— قانچە سائەتتە يېتىپ بارىمىز؟

يەنە بىرى جاۋاب بەردى:

— ئۈچ سائەت ئونبەش مىنۇتتا.

ئۇلار بۇلۇتلاردىن شۇڭغۇپ چىقىپ بوشلۇقتا ئۇچۇۋاتاتتى ۋە
وشلۇقتا چۆكۈپ ئولتۇراتتى.

ئۆزى ۋە دوستلىرىنىڭ ھۆر - پەرى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان
ۋە ئۇنىڭغا ئورۇن كۆرسەتكەن قىز، جەننەتكە كېتىۋاتىمىز دەپ
ۆزىگە چاقچاق قىلىۋاتامدىغاندۇ يا؟... چاقچاق بولسىمۇ، ھەر
مالدا چاندۇرمايۋاتىدۇ...

ئۇلار بەزىدە باشقا رەڭدىكى بۇلۇتلارنىڭ ئىچىگە چۆكەتتى

ۋە ئۇ بۇلۇتلارغا سوقۇلۇپ، ئۇلتۇرغان بوشلۇقى سىلكىنىپ كېتەتتى. . .

— سائىتىڭىز قانچە بولدى؟ — زەيتۇن كۆزلۈك قىز سورىدى.

ئۇنىڭ چىشلىرى سەدەپتەك ئاق ئىدى، لەۋلىرىدىكى قازىرەڭ گىرىمى چىشلىرىنى تېخىمۇ ئاق كۆرسىتەتتى.

ئۇنىڭ سائىتى يوق سورىغانمىدۇ ياكى سۆزلىشىش ئۈچۈن سائەتنى باھانە قىلغانمىدۇ؟

قول سائىتىگە قارىغىنىدىن، قىزنىڭ نېمىشقا سورىغانلىقى مەلۇم بولدى. ئۇ سائىتىنى بۇ يەرنىڭ ۋاقتىغا توغرىلىمىغانىكەن، چۈنكى ئۇ ئېلېكترونلۇق سائەتنى قانداق توغرىلاشنى بىلمەيدىكەن. ئۇنىڭ قول سائىتى 6:45 بولغانلىقتىن، ئىككى سائەت چۈشۈرۈپ:

— ئۈچكە چارەك قالدى. . . — دېدى.

زەيتۇن كۆزلۈك قىز كۈلگەندە، ئاغزى قان رەڭ لەۋلىرىدىن كۆرۈنگەن ئاپئاق چىشلىرى بىلەن ئوتتۇرىسى ئاق قىزىل گۈلگە ئوخشاپ قالدى.

ئۇ كىشى ئىزاھلاشقا مەجبۇر بولدى:

— سائىتىم بىزنىڭ جاينىڭ ۋاقتىنى كۆرسىتىدۇ.

— ئىككى سائەت ئىلگىرىمۇ؟ — سورىدى قىز.

— ھەئە، — دېدى ئۇ — قۇياش بىزدىن كېيىن چىقىدىغان يەردىكىلەر بىزگە يېتىشەلمەيدۇ.

قىز مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

— سىزمۇ جەنەتكە كېتىۋاتامسىز؟ — سورىدى ئۇ. چاقچاق ئارىلاش راستتىن سورىغانىدى.

— مەن ئونبەش يىلدىن بېرى ئۇ يەردە ياشاۋاتىمەن. . سىز تۇنجى قېتىم كېتىۋاتامسىز؟

— شۇنداق. . . — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ كەينىدىن قوشۇپ

چە قىلىپ، — ئۆزۈمنى سىزنىڭ يېنىڭىزدا كۆرگىنىمگىچە قە-
يەرگە كېتىۋاتقانلىقىمنى بىلمەيتتىم، — دېدى ۋە ئەيمىنىپراق
سورىدى، — ئوقۇغۇچىمۇسىز؟
— ھەئە، گۈزەل سەنئەت فاكۇلتېتىدا دوكتورلۇق ئۇنۋانى
ئېلىش ئۈچۈن ئوقۇۋاتىمەن. باللىرىڭىز بارمۇ؟
— ئۈچ قىزىم بار.
ئۇ ئۈچ قىزنىڭ زەيتۇن كۆزلۈك قىزنىڭ ئانىسىدىنمۇ
چوڭ بولۇشى مۇمكىنلىكىنى پەرەز قىلدى.
— قىزلىرىڭىز نېمە ئىش قىلىدۇ؟
ئۇ يالغان ئېيتتى:
— چوڭ قىزىم كىتاب رەتلىگۈچى. ئۇ كۇتۇپخانىدا كونىـ
راپ كەتكەن تارىخىي كىتابلارنى رەتلەيدۇ. ئوتتۇرانجى قىزىم
پىئانىنو تەڭشىگۈچى، كىچىكى بولسا نوتا تۈزگۈچى...
بۇ يالغان سۆزلەرنى ھېچ ئويلىماي، بىردىنلا ۋە كەينى -
كەينىدىن قانداق تىزىپ ئېيتقانلىقىغا ئۆزىمۇ ھەيران قالدى.
سۆزلىرى تۈگىگەندە ئۇ يەنە كىتابنى، زەيتۇن كۆزلۈك قىز
ژۇرنالىنى ئاچتى. ئۇ كىتابقا راستتىن بېرىلىپ كەتكەنىدى.
بىردىن سول قولىنىڭ ئۈستىگە بىر قۇشقاچ قونغاندەك ھېس
قىلدى، بۇ زەيتۇن كۆزلۈك قىزنىڭ قولى ئىدى. ئۇنىڭ نازۇك
بارماقلىرى ھەقىقەتەن قۇش بالىسىنىڭ پۇتلىرىغا ئوخشايتتى.
زەيتۇن كۆزلۈك قىز ئۇنىڭ قولىغا قوللىرىنى تەگكۈزۈپ
بىر نەرسىنى كۆرسەتكەنىدى:
— قاراڭ، قاراڭ!...
ئۇنىڭ كۆرسەتكىنى يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بۇلۇت توپى
ئىدى.
— رەڭلىرىگە قاراڭ... — دېدى قىز.
— شۇنداق، رەڭلىرى... — دېدى ئۇ.
قۇياش پېتىپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇلارنىڭ يۆنۈلۈشى ئۆزگەرگەندە، يېنىدىكى بۇلۇتلارنىڭ
رەڭگىمۇ ئۆزگىرەتتى. زەيتۇن كۆزلۈك قىز بۇ گۈزەللىكنى
ئۇنىڭ بىلەن ئورتاقلىشىش ئۈچۈن قولىنى ئۇنىڭ قولىغا تەگكۈز
گەن ۋە تارتىنۋالماي تۇتقان پېتى تۇرغانىدى.

قاراڭغۇ چۈشتى. ئاسماندا چىراغلار ياندى. ئۇلار تۇرغان
بوشلۇق يورىدى، سىرتى يەنىلا كېچە ئىدى.

زەيتۇن كۆزلۈك قىزنىڭ قولى ئەمدى ئۇنىڭ مۈرىسىدە
ئىدى. يۇمشاققىنە نوقۇپ، ئۇنىڭغا باشقىچە بىر گۈزەللىكنى
كۆرسەتتى.

— يۇلتۇزلار، يۇلتۇزلار... يەردە بۇنداق گۈزەل كۆرۈن
مەيتتى...

ئۇ زەيتۇن كۆزلۈك قىزنى تېخىمۇ خۇشال قىلىش ئۈچۈن
بوشلۇقنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىغا ئۇچۇپ بېرىپ، ئەڭ يېقىندىكى
يۇلتۇزلاردىن بىر قانچىسىنى ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭغا بېرىشنى
ئويلايتتى.

ئۇ بۇنداق قارامىلىقنى قىلالمايتتى، چۈنكى باشلانغۇچ مەك
تەپتىن بېرى ئۇمۇ باشقىلاردەك، چەكسىز بوشلۇقتا پىلانېتلار
نىڭ بارلىقىنى ئۆگىنىپ كېلىۋاتاتتى. ئەپسۇسكى...

قىز ئۇنىڭغا يېقىن سۈرۈلۈپ:

— نېمە ئىش قىلىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— سېرك ئۆمىكىدە ئىشلەيمەن... — دېدى ئۇ.

بۇ راست ئەمەس، لېكىن يالغانمۇ ئەمەس ئىدى. بالىلىقى
دىن يەنى دەسلەپ سېرك ئويۇنى كۆرگىلى بارغىنىدىن بېرى
ئۇنىڭ سېرك ئۆمىكىدە ئىشلىگۈسى بار ئىدى. بىراق، ھازىر
بەك كېچىككەنىدى. كېچىسى ئورنىدا يېتىپ، يېرىم ئويقۇچىلىقى
تا ئۆزىچە سېرك ئوينايتتى.

زەيتۇن كۆزلۈك قىز كۈلۈمسىرەپ:

— شىر كۆندۈرگۈچى ئىكەنلىكىڭىزنى دېمەيلا قويۇڭ، ئى

گۆرەلمەيمەن. . . — دېدى.

— نېمىشقا؟

— ھېچ ئۇنداق كۆرۈنمەيسىز. شىرلار سىزگە بويسۇنمايدىغاندەك تۇرىدۇ.

زەيتۇن كۆزلۈك قىز بىردەمنىڭ ئىچىدە بۇنى قانداق بىلىۋالغاندۇ؟

— سىرك قىزىقچىسىمەن. . . — دېدى ئۇ.

زەيتۇن كۆزلۈك قىز شۇ قەدەر خۇش بولۇپ كەتتىكى. . . ئۆزى ئولتۇرغان بوشلۇقتىن كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىغا ئۇچۇپ كەتكۈدەك سەكرەپ كەتتى ۋە قوللىرىنى سىلكىپ:

— مەن سىرك قىزىقچىلىرىنى بەك ياخشى كۆرىمەن. . . — دېدى.

— نېمە ئۈچۈن؟

— چۈنكى. . . — دېدى ئۇ بىردەم تۇرۇۋېلىپ، — سەۋەبىنى تازا بىلمەيمەن، لېكىن ياخشى كۆرىمەن. قىزىقچىلارنىڭ ئىشلىرىنى بىلگىلى بولمايدۇ. بەلكىم شۇنىڭ ئۈچۈندۇر. . . بىلەمسىز، بالىلىقىمدا مەن بىر سىرك قىزىقچىسىغا ئاشىق بولغانىدىم. ئاتا - ئانام ھازىرغىچە شۇنىڭ گېپىنى قىلىدۇ. ئۇ چاغدا بەش ياشلاردا بولسام كېرەك. «ئۇ قىزىقچىغا تېگىمەن» دەيدىكەنمەن. ئېسىمدە بار، ئۇنى شۇنداق ياخشى كۆرەتتىمكى. . . ئۇنى كۆرۈش ئۈچۈن ھەمىشە سىرك ئويۇنىغا باراتتىم. ئويۇنلىرى تېلېۋىزوردىمۇ كۆرسىتىلەتتى. گىرىم قىلىنغان چىرايى شۇ قەدەر ياخشى كۆرۈنەتتىكى. . . ناھايىتى چەبدەس بىر ئادەم ئىدى. سەكرەپ، يېقىلىپ، يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ، كىشىنى ئىنتايىن كۈلدۈرۈۋېتەتتى. ئۇنىڭ بىلەن بولسام كەچكىچە كۈلىمەن دەپ ئويلايتتىم. ئاخىرى بىر كۈنى. . .

— ھە، ئاخىرى بىر كۈنى قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى

— ئۇنى يۇزىدە گىرىملىرى، ئۇچىسىدا قىزىقچى كىيىملىرى يوق ھالدا ھەقىقىي چىرايى بىلەن كۆردۇم. ناھايىتى قېرىپ كېتىپتۇ. مېنىڭ قىزىقچىم ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىدىم. داۋام تونۇشتۇرغاندى، ئۇنىڭدىن راست شۇ قىزىقچىمۇ دەپ سورىدىم. راست شۇ ئىكەن. . .

— كېيىن كۆرگىنىڭىزدە ئۇنى ياقتۇرماپسىزدە؟ . . .

— ياق. . . ئەكسىچە. . . تېخىمۇ ياقتۇرۇپ قالدىم. چۈنكى گىرىم قىلىپ قىزىقچى بولۇۋالغىنىدا ياشىراق كۆرۈنەتتى. ھەممە ئادەم يا ياش، يا قېرى بولىدۇ، لېكىن قىزىقچىلار ھەم قېرى، ھەم ياش يەنى بىر ۋاقىتتا ئىككى خىل ئادەم بولالايدۇ. . . ھەمىشە كۆزىنىڭ ئاستىنقى جىيەكىگە خۇددى كۆزيېشى ئۇ يەردە توختاپ قالغاندەك، بىر تامچە كۆز يېشى سىزىۋالاتتى. ئۇنىڭغا قارىساملا ئىختىيارسىز كۈلۈپ كېتەتتىم. . . ئۇ يۈزىگە ئاق گىرىم قىلسا، كۆز يېشىنى قارا ياكى قىزىل قىلاتتى، ئەگەر يۈزىگە توق رەڭلىك گىرىم قىلسا، كۆز يېشىنى ئاق قىلاتتى.

ئۇ قىزغا چاندۇرماي قولياغلىقىنى قولىدا يۇشۇرۇپ كۆزلىرىنى سۈرتتى.

بىر پەس جىمجىتلىقتىن كېيىن، ئۇ يەنە كىتابىنى ئاچتى. زەيتۇن كۆزلۈك قىز نازۇك قوللىرى بىلەن بۇدرە چاچلىرىنى ئويناشقا باشلىدى ۋە سومكىسىدىن گىرىم قۇتىسىنى ئېلىپ لەۋلىرىنىڭ گىرىمىنى يېڭىلىدى. ئۇنىڭ ئۆزىگە ھەۋەسلىنىشىدىن گۈزەللىكىدىن پايدىلىنىشنى بىلمىگانلىقىمۇ مەلۇم ئىدى.

قىز ئۇنىڭ بىلىكىنى تۇتۇپ تۆۋەنكى تەرەپلەرنى كۆرسىتىپ :

— قاراڭ، قاراڭ! چىراغلار. . . كەلدۇق. . . شەھەرنىڭ چىراغلىرى كۆرۈندى. . . نېمىدېگەن گۈزەل - ھە؟ — دېدى.

— بەك گۈزەل ئىكەن. . .

— ئادرېسنى بەرسەم مېنى ئىزدەمسىز؟

— ئەلۋەتتە.

قىز قەلىمىنى ئېلىپ:

— قەغىزىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

قىز ئۇ ئۇزاتقان خاتىرە دەپتەرگە ئىسمى بىلەن ئادرېسىنى يازدى:

«لەئىلابىن سالىخا، پارادىسە ستراسسە 71»

— مېنى ئىزدەڭ، لېكىن... قىزىقچىلارنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن، — زەيتۇن كۆزلۈك قىز ئۇنىڭ قولىنى سىقىپ بىر ھازاغىچە قويۇپ بەرمىدى. قىزنىڭ قۇش بالىسىنىڭ پۇتلىرىدەك نازۇك بارماقلىرىدىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا يېقىملىق بىر تۇيغۇ تارالدى.

شۇ چاغدا ھۇر - پەرىلەردىن بىرى ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. ئۇلار ئولتۇرغان بۆلۈت پەسلەۋاتاتتى. بۇ بۆلۈت يول بويى پارچىلىنىپ - پارچىلىنىپ ناھايىتى كىچىكلەپ، بارغانسېرى شالاڭلاپ تۈگىگەندى. ئۇلار بوشلۇقتىن يەرگە چۈشتى.

بىخەتەرلىك ئۈچۈن، يەرگە قونىمىغۇچە ھېچكىم ئورنىدىن مىدىرلىماسلىقى كېرەك ئىدى.

يەرگە قوندى. زەيتۇن كۆزلۈك قىز قېنى؟ ئۇ ناھايىتى يىراقتا ئىدى. ئۇ كىشىلەر توپى ئىچىدە قىزنى ئاران كۆرەلىدى. قىز نېمە ئۈچۈن شۇنچە يىراقلاپ كەتكەندۇ؟

گۇناھ ئۆزىدە ئىدى. ئۇ ئۆزىگە شۇنچە يېقىنچىلىق قىلغان قىزدىن ئايرىلماسلىقى كېرەك ئىدى. ئىتتىك قىزنىڭ يېنىغا باردى. ئۇلار پەلەمپەيدىن چىقىپ ئۇزۇن بىر زالدىن ئۆتتى. زەيتۇن كۆزلۈك قىز ئىنچىكە بىلى ۋە ساغرىسىنى ئويىنىتىپ، كېيىكتەك ئويناقشىپ ماڭاتتى... ئۇ زەيتۇن كۆزلۈك قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ سۆركىشىپ كۈلۈمسىرىدى، لېكىن قىز زۇۋان سۈرمىدى، ئۇ يېتىرقاپ تۇراتتى. پاسپورت تەكشۈرۈش ئورنىغا كەلگەندە ئۇ ئورنىنى ئۆزگەرتىپ باشقا بىر ئۆچرەتكە كىردى.

ئۇ پاسپورت تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈپ بولۇپ، زەيتۇن كۆز-لۈك قىزنى ئىزدىدى، قىز يۈك ـ تاقىلىرىنى كۈتۈپ تۇراتتى. قىزنىڭ يېنىغا باردى. ئاۋۋال قىزنىڭ چامادىنى كەلگەنىدى. قىز چامادىنىنى ئېلىپ قول هارۋىسىغا قويۇپ ئىتتىرىپ كېتىۋاتقى-نىدا، ئۇ يېنىغا بېرىپ:

— مەن بىلەن خوشلاشمايلا كېتەمسىز؟ — دېدى.

زەيتۇن كۆزلۈك قىز ئۇنىڭغا هەيرانلىق ئىلكىدە قاراپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇزۇپ ـ ئۇزۇپ:

— سىز بىلەنما؟ نېمە ئۈچۈن؟ سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سورىدى.

قىز ئۇنى زادى كۆرمىگەن ۋە تونۇمايدىغاندەك زەيتۇن كۆز-لىرى تەئەججۈپ ئىلكىدە ئۇنىڭغا تىكىلگەنىدى.

— سىز بىلەن يول بويى پاراڭلىشىپ كەلدۇقغۇ...

— خاتالاشتىڭىز، بىرىگە ئوخشاتقان ئوخشايسىز، — دېدى قىز.

— ئۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ... مەن قىزىقچى، سىز ئىن-تايىن ياخشى كۆرىدىغان، گىرىم قىلغىنىمدا زادى قېرىمايدىغان، هەم قېرى، هەم ياش بولالايدىغان سىرك قىزىقچىلىرىدىن بولى-مەن... ماڭا ئادرېسىڭىزنىمۇ بەرگەنىدىڭىزغۇ...

— كەچۈرۈڭ، مەن سىزگە ئادرېسىمنى بەرگىنىم يوق...

ئۇ بىردىن ياردەم تەلەپ قىلغاندەك ئەتراپىغا قارىدى، ئاندىن قول هارۋىسىنى ئىتتىرىپ ماڭدى. ئۇ قىزنىڭ كەينىدىن قاراپلا قالدى. قىز ئەينەكلىك دەر پەردىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتتى. ئۇ يەردە ئۇنىڭ ئالدىغا چىققانلار بار ئىدى. زەيتۇن كۆزلۈك قىز ئاۋۋال ئۇلارغا هاياجان بىلەن قول پۇلاڭلاتتى، ئاندىن قۇچاقلى-شىپ سۆيۈشتى. بىر يىگىت قىزنىڭ قولىدىكى هارۋىنى قولىغا ئېلىپ ئىتتىرىپ ماڭدى. زەيتۇن كۆزلۈك قىز يىگىتنى قولتۇق-

لاپ ماڭدى.

ئۇمۇ يۇك ـ تاقىنى ئېلىپ، بىردەم جايىدا مىدىرلىماي تۇردى. بۇ قانداق بولغىنى؟ يول بويى زەيتۇن كۆزلۈك قىز بىلەن پاراڭلىشىپ كەلمىگەنمىدى؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە خاتىرە دەپتىد- رىگە ئۆز قولى بىلەن ئادرېسىنىمۇ يېزىپ بەرگەنىدىغۇ؟ ئۇ يانچۇقىدىن خاتىرە دەپتىرىنى ئېلىپ، ئادرېس يېزىلغان بەتنى ئىزدەپ ۋاراقلىدى، لېكىن ئۇ بەتنى تاپالمىدى.

«دېمەك، ئۇ مەن بىلەن زادى پاراڭلاشماپتۇ! دەپتىرىگە ئادرېسىنىمۇ يازماپتۇ! ماڭا قىزنىڭچىلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى- نىمۇ ئېيتماپتۇ! . . . »

زەيتۇن كۆزلۈك قىزنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭغا «خۇداغا ئامانەت» دەپ قويماقچى بولغانلىقىدىن ناھايىتى خىجىل بولدى. ئۇ كۆڭلىدىن كەچكەن، ئويلىغان، توقۇپ چىققانلىرىنى شۇ قەدەر راست بولغان ئىش دەپ قالغانىدىكى. . .

بىراق ئۇ نېمە ئۈچۈن زەيتۇن كۆزلۈك قىزغا قىزىقچىمەن دەپ يالغان ئېيتقان بولغىيدى؟ نېمە ئۈچۈن بۇنداق يالغان سۆز- لەشنى لايىق كۆرگەندۇ؟

ھە. . . ھەممە كىشىنىڭ ئىچىدە ئاز ـ تولا قىزىقچىلىق بولىدۇ ـ دە، شۇنىڭ ئۈچۈن. . . ھەممە كىشىنىڭ كۆزىنىڭ ئاستىنقى جىيىكىدە تـوڭلاپ قـالغان بىـرەر تـامچە كـۆز يېشى بولىدۇ ـ دە، شۇنىڭ ئۈچۈن. . .

ماڭا بۇ ھېكايىنى تەقدىم قىلغانلىقىڭىز ئۈچۈن سىزگە رەھ- مەت ئېيتىمەن، زەيتۇن كۆزلۈك لەئىلا. ئەسلىدە سىز ماڭا بىر ھېكايە ئەمەس، ئايروپىلان سەپىرى داۋامىدا بىر دۇنيانى تەقسىم قىلدىڭىز، جەننەت دەپ چىققان سەپىرىمنىڭ ئاخىرى جەھەننەمگە بارسىمۇ سىزگە يەنىلا رەھمەت ئېيتىمەن. . .

# ھەممە ئادەم بىر قارا باستى چۈش

## داگون ئەبەدىنىڭ خاتىرە دەپتىرىدىن بىر پارچە

خوتۇنۇمنىڭ ئىككى ئېرى بار ئىدى، بار ئىدى ئەمەس، بارمىش. مېنىڭمۇ ئىككى خوتۇنۇم . . . ئەر - خوتۇنچىلىقىمىز ئون يەتتە يىل مۇشۇنداق داۋاملىشىپتۇ. بۇنداق بولغانلىقىنى خوتۇنۇم بىلەن ئۆي تۇتۇپ ئوتتۇز يىلدىن، ئايرىلىپ ئون ئۈچ يىلدىن كېيىن بىلدىم. بۇ ئېچىنىشلىق ھەقىقەتنى شۇنچە كېيىن ئۇقۇش نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق! ئۇنىڭ ئۈستىگە يەر يۈزىدە بىر ۋاقىتتا ئىككى خوتۇنى بولغان ئەر ۋە ئىككى ئېرى بولغان ئايال يالغۇز بىزلا ئەمەس. بەلكىم ھەممە ئەر - خوتۇنلار شۇنداق بولۇپ، ئۇلارنىڭمۇ ماڭا ئوخشاش بىر - بىرىنىڭ ئەھۋاللىرىدىن خەۋىرى يوقتۇ. بۇنى تەبىئىي ئەھۋال دېسىمۇ بولغۇدەك. تەبىئىي بولمىغىنى، ئون يەتتە يىللىق ئەر - خوتۇنچىلىقىمىز جەريانىدا، بۇ ئەھۋالنى ھەر ئىككىلىمىزنىڭ سەزمىگەنلىكىمىز. نە خوتۇنۇمنىڭ ئىككى ئېرى بارلىقىدىن مېنىڭ خەۋىرىم بولماپتۇ، نە مېنىڭ ئىككى خوتۇنۇم بارلىقىدىن ئۇنىڭ. . . كۆپىنچە خوتۇنلاردەك خوتۇنۇممۇ بەلكىم بۇنى بىلمىسە كېرەك، بۇ ھالدا ئىككىلىمىز بىر - بىرىمىزنى تويدۇرماي ئالدىغان بولدۇق. ھەر ئىككىلىمىز بىر - بىرىمىزگە خىيانەت قىلغان ھەم خىيانەتكە ئۇچرىغانىدۇق.

نۇرغۇن ئەر - خوتۇنلارنىڭ ياكى ھەممە ئەر - خوتۇنلارنىڭ بىزدەك بولۇشىنىڭ، بىر - بىرىگە قىلىشقان خىيانەتلىرىنىڭمۇ بىزدەك بولۇشىنىڭ، تەبىئىي ئەھۋال ھېسابلىنىشى ماڭا تەسەللى

بېرەلمەيدۇ. ماڭا ئېغىر كەلگىنى بۇ ھەقىقەتنى نۇرغۇن يىللار-دىن بېرى ئۇقماي كەلگەنلىكىم. ئۇققان بولسام قانداق قىلاتتىم؟ يا ماڭا خىيانەت قىلغان ئايال بىلەن ئەر - خوتۇنچىلىقتىن شۇئان ئايرىلاتتىم، ياكى مەنمۇ ئۇنىڭغا خىيانەت قىلغانلىقىم ئۈچۈن، ئەر - خوتۇنچىلىقىمىزنى داۋاملاشتۇراتتىم. ئۇ چاغلاردا قانداق مۇئامىلىدە بولىدىغانلىقىمنى بىر قانچە يىللاردىن كېيىنكى بۇ-گۈن مۆلچەرلىيەلمەيمەن، ئالدانغانلىقىمنىمۇ نېمىشقىدۇ قوبۇل قىلالمايمەن.

ئون يەتتە يىللىق ئەر - خوتۇنچىلىقىمىز جەريانىدا خوتۇنۇم-نىڭ مېنى ئالدىغانلىقىنى ئايرىلغىنىمىزدىن ئون ئۈچ يىل كې-يىن مېلوسىنىنىڭ ياردىمى بىلەن بىلىۋالدىم. ياردىمى بىلەنمۇ ياكى ۋاستىچىلىكى بىلەنمۇ؟ قانداق بولسا بولسۇن... بۇنى مېلوسىندىن بىلىۋالغىنىم ئېنىق. مەن مېلوسىندىن ۋاز كېچەل-مەيمەن... ئۇ چاغ ئۆكتەبىر ئېيىنىڭ ھاۋا ئوچۇق بىر كۈنى ئىدى...

## مېلوسىن خانىم بىلەن داگون ئەپەندىنىڭ تونۇشۇشى

داگون ئەپەندى خوتۇنى بىلەن بولۇۋاتقان غوۋغالىرىنىڭ ئا-خىرى چىدىغۇسىز چەككە يەتكەن كۈنلەردە مېلۇسىن خانىم بىلەن تونۇشقانىدى. داگون بىر كۆرۈپلا مېلۇسىنگە ئاشىق بولۇپ قال-دى. داگون مېلۇسىنگە چاقماقتەك ئۇرۇلۇشىنىڭ سەۋەبىنى بىر قانچە يىللاردىن كېيىن كۆپ ئويلىدى. ھەممىدىن ئاۋۋال، ئۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ئەر - خوتۇنچىلىقى دەل بىر جەھەننەمگە ئايلانغا-نىدى ھەتتا خوتۇنى بەزىدە: «بىز نېمە ئۈچۈن بۇنداق بولۇپ قالدۇق؟ نېمە ئۈچۈن ماجىرالاشماي بەش مىنۇتمۇ سۆزلىشەلمەي-مىز؟» دەپ ۋار - ۋارقىرايتتى. ھەقىقەتەنمۇ ئۇلار غەزەپلەن-مەي، ماجىرالاشماي، ئۇرۇشماي بەش مىنۇتمۇ سۆزلىشەلمەيدى-

غان بولۇپ قالغانىدى. داگون ئەپەندى مانا شۇنداق بوھرانلىق كۈنلەردە مىلۇسىن بىلەن تونۇشقانىدى. مىلۇسىن بولسا، تىپ-تىنىچ ۋە سۆزسۆزۈك كۆل گۈزەللىكىدە كىشىگە ئارام بەخش ئېتىدىغان زىلۋا ۋە نازۇك، مۇلايىمغىنە بىر ياش چوكان ئىدى.

راستىنى ئېيتقاندا، مىلۇسىنمۇ داگوننىڭ ئاشىقلىقىنى بە-دەلسىز تاشلاپ قويمىدى. ئۇنداق بولمىسا، بۇ ئالاقە ئۇن ئۈچ يىل قانداق داۋاملىشاتتى؟ ھالبۇكى مىلۇسىننىڭ ئاشىقلىقى دا-گوننىڭكىدەك تەلۋىلەرچە ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ھاياتىدا تەلۋىلەر-چە مۇھەببەت زادى بولۇپ باقمىغانىدى. لېكىن، داگوننىڭ ئا-شىقلىقى تەلۋىلەرچە ئىدى. ئۇ بەش مىنۇتمۇ ئۇرۇشماي سۆزلى-شەلمەيدىغان ئون يەتتە يىللىق خوتۇنى بىلەنمۇ تەلۋىلەرچە ئاشىق-لىقتىن كېيىن توي قىلغانىدى.

داگون شېئىر يازمايتتى يەنى شائىر ئەمەس ئىدى، لېكىن قېنىدا، جېنىدا ھۆجەيلىرىدە شائىرلىق تالانتى بار ئىدى، شائىر-لارچە ھېسسىيات بىلەن ياشايتتى. داگوننىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى ئاشۇ ھېسسىياتلىرى، ھېسسىياتچانلىقى ۋە سەزگۈرلۈكى ئىدى. بىر قاراشتا ئۆزىنى دۇنيانىڭ دائىرىسى ھېسابلايتتى. يەنە بىر جەھەتتە، ئۆزىنى دۇنيا ئۇچۇن يارالغان دەپ ھېسابلايدىغان پىداكار ئىنسانلاردىن ئىدى.

مىلۇسىن بولسا بۇنىڭ دەل ئەكسىچە. . . ئۇنىڭ ھەرىكەتلەن-دۈرگۈچى كۈچى ئەقىل، ھېساب، كىتاب، پىلان ۋە پروگراممىا ئىدى. باشقىچە ئېيتقاندا، ئۆزىنى دۇنيانىڭ مەركىزى ھېسابلاي-دىغانلاردىن ئىدى، دۇنيانى ئۆزى ئۇچۇن يارالغان دەپ قارايتتى.

داگون مىلۇسىنغا قانداق قاراشتا بولغۇسى كەلسە شۇنداق قارايتتى. لېكىن مىلۇسىن داگونغا ئۆز خاھىشى بويىچە ئەمەس، ئەمەلىيەتتە قانداق بولسا شۇنداق قارايتتى. مىلۇسىن ئايىغىنى يەرگە چىڭ دەسسەيتتى، داگون بولسا بۇلۇتلاردا لەيلەپ يۈرەتتى.

مۇناسىۋەتلىرى قويۇقلاشقانسېرى مېلۇسىننىڭ داگوننىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى بىمەنە دەپ قارىشىمۇ شۇنىڭدىن ئىدى.

ئۇلار باشقا - باشقا يۇرتلارنىڭ كىشىلىرى ئىدى. داگون فەنىكەلىك، مېلۇسىن ئېگەيلىك ئىدى. يالغۇز يۇرتلىرىلا ئەمەس، ئىچكى دۇنيالىرىمۇ باشقا - باشقا ئىدى. بۇ ئايرىمىچىلىق ۋە قارىمۇ قارشىلىقلىرىغا قارىماي، بىر - بىرىگە بولغان ئاشىقلىقى قارىمۇ قارشى قۇتۇپلارنىڭ بىر - بىرىنى تارتىش كۈچىدىن بولسا كېرەك.

ئۇلارنىڭ دەسلەپكى ئۇچراشقان ۋاقتى قىسقا بولۇپ، ئۈچ - تۆت سائەتكە بارمايتتى. كېيىن مېلۇسىن ئۆز يۇرتىغا قايتقاندا بۇ ئۈچ - تۆت سائەتلىك دەسلەپكى ئۇچرىشىش داگوننىڭ پۈتكۈل ھاياتىغىمۇ تېگىشمىگۈدەك شېرىن خىياللارغا چۆكۈشكە كۇپايە ئىدى.

ئۇلار ئايرودورومدا سۆيۈشۈپ خوشلاشتى. داگون مېلۇسىننىڭ كەينىدىن قارىغىنىچە تۇرغان يېرىدىن كېتەلمەي قالدى. مېلۇسىن ساقچىلارنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈۋاتقىنىدا كەينىگە بۇرۇلۇپ داگونغا كۈلۈمسىرىدى، قول پۇلاڭلاتتى. داگون بەختىيارلىقىدا پەرۋاز قىلاتتى. مېلۇسىن چۈشكەن ئايروپىلان ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ كۆزدىن غايىب بولغۇچە ئايروپىلاندىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇردى ۋە بىر ھازاغىچە بۇلۇتلارغا نەزەر سالدى. ئۇنىڭ خۇشاللىقى ئىچ - ئىچىگە سىغمايتتى. تاكسىغا ياكى ئاپتوبۇسقا ئولتۇرغۇسى كەلمەي پىيادە ماڭدى، ئۆز - ئۆزى بىلەن ئۈنلۈك سۆزلەشتى، تېكىستىنىمۇ، ئاھاڭىنىمۇ ئۆزى توقۇپ ناخشىلارنى ئېيتىپ كەتتى... بىردەم ئىسقىرتاتتى، بىردەم ئىسقىرتىپ ناخشا ئېيتاتتى، گويا پۈتۈن دۇنيا ئۇنىڭ ئىدى.

ئۆمۈرلۈك خوتۇنىنى تاپقىنىغا ئىشەنگەن داگون كەلگۈسىدە مېلۇسىن بىلەن بىللە ياشاشنىڭ شېرىن خىياللىرىنى قىلىشقا باشلىدى. بىرىنچى مەكتۇپنى داگون يازدى. ئۇ چېكىتلىك

پەش، ئۇندەش، ئۈچ چېكىت قاتارلىق تىنىش بەلگىلىرى بىلەن
تولغان ئالتە بەتلىك مەكتۇپ ئىدى. كىچىككىنە بولسىمۇ مېلۇ-
سىندىن ئون بىر قۇرلۇق بىر مەكتۇپ بىلەن جاۋاب كەلدى.
داگوننىڭ ئىككىنچى مەكتۇپى بىرىنچىسىدىنمۇ ئۇزۇن ئىدى.
بۇنىڭغا جاۋاب ئالالمىغاچقا، ئۈچىنچى مەكتۇپنى يازدى. بۇ قې-
تىم مېلۇسىندىن جاۋاب يوق ئىدى. داگون ئەنسىرەپ تېلېفون
قىلدى. تېلېفوندا مېلۇسىننىڭ ھاياجانلىق ئاۋازىدىن سۆيگۈ ئىش-
تىياقى جاراڭلايتتى. ئۇ داگوننىڭ تېلېفون بەرگىنىگە ناھايىتى
خۇشال بولغانىدى. ئۇنىڭ مەكتۇپلىرىغا نېمە ئۈچۈن جاۋاب قاي-
تۇرمىغان؟ ئىشلىرى ئىنتايىن ئالدىراش بولغاچقا ۋاقىت چىقىرا-
رالماپتۇ. تېلېفوندىكى سۆزلىشىشلىرى «سۆيىمەن» دېگەن ئىبا-
رىلەر بىلەن ئاياغلاشتى.

تېلېفون ئارقىلىق سۆزلىشىشتىن كېيىن داگوننىڭ تەسەۋ-
ۋۇرلىرى باشقىچىلا تېز يۇقىرى پەللىگە چىقتى. ئۇ چىقىشالماس-
لىقلىرى ئاخىرقى دەرىجىگە يەتكەن خوتۇنىدىن ئايرىلماقچى ئى-
دى، ئايرىلماقچىلا ئەمەس، خوتۇنىدىن ئايرىلغانلىقى رېئاللىققا
ئايلانغاندەك، ئۆز تەسەۋۋۇرىدا يېڭى بىر ئائىلە قۇراتتى. لېكىن
قەيەردە؟ فەنىكەدىمۇ، ئېگەيدىمۇ؟ مېلۇسىن ئېگەيدىن ئايرىلماي-
دىغاندەك قىلاتتى. ئۇنداقتا ھەم فەنىكەدە ھەم ئېگەيدە ئۆيلىرى
بولاتتى، يىلنىڭ بىر قىسمىنى ئۇ يەردە ئۆتكۈزەتتى. بالىلىرىمۇ
بولاتتى. قىزمۇ، ئوغۇلمۇ؟ ئەڭ ياخشىسى بىرى قىز، بىرى
ئوغۇل. . .

ئۇ كەچقۇرۇنلىرى ئىككى قاسنىقى دەرەخزارلىق يولدا يال-
غۇز سەيلە قىلاتتى، يالغۇزلۇق ھېس قىلمايتتى. ئۆز تەسەۋۋۇرى-
دا مېلۇسىن بىلەن قول تۇتۇشۇپ مېڭىشاتتى، يول بويى پاراڭلى-
شاتتى ھەتتا قولتۇقىدىكى خىيالىي مېلۇسىننىڭ ھارارىتىنىمۇ
سېزەتتى. ئايغا قاراپ شالاڭ بىر بۇلۇتنىڭ كەينىدىكى مېلۇسىن-
نىڭ گۈزەل جامالىنى كۆرەتتى.

خىيالىدىكى مېلوسىن بىلەن قولتۇقلىشىپ، دەرەخزارلىق يولدا ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ كېتىۋاتقىنىدا، ئۇنىڭ ئايغا تېگىشمەيدىغان گۈزەل جامالىنى تاماشا قىلغىنىدا، ئىچىدە ئۇمۇ مېنى ئويلاۋاتامدىغاندۇ دەپ ئويلايتتى.

كۆرۈشكەن چاغلىرىدا مېلوسىندىن:

— بەزى چاغلاردا مېنى چۈشلىرىڭىزدىمۇ كۆرۈپ قالامسىز؟ — دەپ سورايتتى.

مېلوسىننىڭ جاۋابى ھەمىشە مۇنداق ئىدى:

— ئۆزىڭىز بىلىسىز...

بۇ جاۋابنى ھەم ئەجابىي ھەم سەلبىي ياقتىن چۈشىنىشكە بولاتتى.

## مېلوسىن خانىمنىڭ يېزىلمىغان خاتىرە دەپتىرىدىن بىر پارچە

مېلوسىن خانىم كۈندىلىك خاتىرە دەپتەر تۇتمايتتى، خاتىرىمۇ يازمايتتى، ئارىلاپ - ئارىلاپ مەشىق تەرىقىسىدە ماقالىغا ئوخشاش بىر نەرسىلەرنى يېزىپ قوياتتى. ئۇ ئۆزىنى ناھايىتى قابىلىيەتلىك ھېسابلىمىغانلىقتىن، ئەمەلىيەتتە يازغان ماقالىلىرىنى ئۆزىمۇ ياراتمايتتى. چۈنكى ئۆزىگە قاتتىق تەلەپچان، غورۇرلۇق بىر ئايال بولغاچقا، ئۆزىگە نىسبەتەن يەنە رەھىمسىز تەنقىدچى ئىدى.

بۇ دۇنيادا مېلوسىننى قىزىقتۇرغۇدەك نەرسىلەر شۇ قەدەر ئاز ئىدىكى، ئۇنىڭ تەلەپچان شەرتلىرىگە قارىتا داگون ئۇنىڭ كۆڭلى خالايدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە نېمە ئۈچۈن بۇ ئادەمدىن پۈتۈنلەي ئۈمىد ئۈزەلمەيدىغانلىقىنىمۇ چۈشەندۈرەلمەيتتى. داگونغا قىزىقاتتى - يۇ، لېكىن پۈتۈن ئۆمرىنى ئۇنىڭ بىلەن ئورتاقلىشىشقا بېغىشلىيالمايتتى. ئارىلاپ

ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇشتىن ھوزۇرمۇ ئالاتتى.
ئۇ داگوننى رەنجىتىپ قويماسلىق ئاساسىدا بۇ ئويلىرىنى ئۇنىڭغا ئوچۇق ئېيتىشتىنمۇ تەپتارتمايتتى. ئۇ ئادەتتە خاتىرە يازمايتتى، تاسادىپىي يېزىپ قالغان چاغلىرىدا داگون ھەققىدىكى ئويلىرىنى خاتىرە دەپتىرىگە شۇنداق خاتىرىلەيتتى:
«ھەممە نېمىسى بىمەنە. . . نېمىلا قىلسا بىمەنە. يەنە بىر چۈشەنگىلى بولمايدىغان يېرى بار: كىشىلەرنىڭ سۆزىنى تەكرار-لاۋېرىشى ئىچىمنى پۇشۇرىدۇ. قېلىپلىشىپ كەتكەن سۆزلەرنى ياقتۇرمايدىغانلىقىمنى ئۇنىڭغا ھەمىشە دەيمەن. تەقلىدىي نەرسە-لەر بىلەن خوشۇم يوق. ئۆزگىچە نەرسىلەرگە، مەيلى ئۇ ئادەم بولسۇن، نەرسە بولسۇن ياكى ئوي - پىكىر بولسۇن، ھەممىسىگە قىزىقىمەن دەپ قانچە قېتىملاپ ئېيتتىم. ئۇقماسقا سېلىۋېلىپ دىققەت بولىدۇ. بىر - بىرىمىزنى چۈشەنمەيدىغانلىقىمىزنى ئېيت-سام، ئۆزىنىڭ مېنى چۈشىنىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ، لېكىن چۈ-شەنمەيدۇ. ئورتاقلىق تەرىپىمىز يوق. لېكىن، يەنىلا ئۇنىڭدا مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان نامەلۇم بىر نەرسە يار. ئۇ مېنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغان - كۆرمەيدىغانلىقىمنى كوچىلاپ، كۆڭلۈمنى بىلمەكچى بولىدۇ. «ئۆزىڭىز بىلىسىز» دەپ قويىد-مەن. روشەنكى، بۇ سۆزۈم ھەم ياخشى كۆرىمەن ھەم ياخشى كۆرمەيمەن دېگەن مەنىنىمۇ بېرىدۇ. يىلدا ئىككى قېتىم، بەزى يىللىرى بىر قېتىم ئونبەش - يىگىرمە كۈنچە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىمىز. . .
دەسلەپكى چاغلاردا مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياشاشنى ئويلى-غانىدىم. ھازىر ئۇنداق ئەمەس، ھەممە ئىش ئۆز ئالدىمىزغا، باشقا - باشقا. ئۇ ھەمىشە مەكتۇپ يېزىشىمنى تەلەپ قىلىدۇ. يازىمەن دەيمەن، نېمە يېزىشنى بىلمەيمەن، ئىچىمدىن ھېچنېمە چىقمايدۇ. بەزىدە قارت ئېچىپ باقىمەن. ئۇنىڭ زادى نېمىسىنى ياخشى كۆرىمەن؟ مېنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىنىمۇ؟

قانداقلا بولسۇن ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرغىنىمىزغا ئون ئۈچ يىل بولدى. بۇ قاندا گەپ؟ مۇشۇنداق داۋاملىشىۋېرىدۇ دېگەنلىكمۇ؟ شۇنداق، مېنىڭچە شۇنداق. . . ئۇ ھەمىشە بىمەنىلىك قىلىدۇ، ھەمىشە بىمەنە گەپ قىلىدۇ. مۇبالىغىلاشتۇرۇپ يازىدۇ، مۇبالىغىلاشتۇرۇپ سۆزلەيدۇ. ئەڭ كۆپ دەيدىغان ئىبارىلىرى «ئىنتايىن» «زور» «تېخىمۇ». . . دېگەنلەر. بۇنى ئېيتقىنىمدا ئۆزىمۇ چۆچۈدى ۋە ئېتىراپ قىلدى.

قېرى بولمىسا ئۇنىڭ بىلەن توي قىلاتتىممىكىن؟ بۇنى ئۆزۈمدىن كۆپ سورىدىم ۋە بىر چاغلارغىچە ئويلاپ يۈردۈم. شۇنداق، ياش بولسىدى. . . ياق، ئۇ فەنىكەلىك. . . ئارىمىزدا قانداقتۇ يات بىر نەرسە بار. . . مەن بۇ ئاينىڭ بېشىدا ئۇ يەرگە بارىمەن. ئۇنىڭ بىلەن يىگىرمە كۈن بىللە بولىمەن. . . تۇرمۇشۇمدا بىرەر ئۆزگىرىش بارمۇ؟ يوق. بۇنىڭدىن باشقا مەن بىلمەيدىغان ۋە چۈشەندۈرەلمەيدىغان بىر نەرسە بار. ئۆتكەن قېتىم كېلىشىمدە ئاغرىپ قالسىڭىز ماڭا تېلېگرامما بېرىڭ، يېنىڭىزدا بولۇشنى خالايمەن.» دېگەنىدىم. ئۇ شۇنداق خۇشال بولۇپ كەتتىكى. . . ئۆمرۈمدە داگوندەك تېز خۇشال بولىدىغان، كىچىككىنە ئىشلاردىن خۇش بولۇپ كېتىدىغان ئادەمنى كۆرمىگەنىدىم. بۇ ياخشى ئادەت ئەمەس، چۈنكى بۇنداق ئادەم تېز خاپا بولىدۇ، كىچىككىنە ئىشلاردىنمۇ رەنجىيدۇ.

ئالاقىمىزنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئۇ مېنىڭ ئۆزىگىلا تەئەللۇق بولۇشۇمنى تىلەيتتى. بىلدۈرمەسلىككە تىرىشىمۇ، ماڭا كۆندەشلىك قىلىدىغانلىقىنى سېزەتتىم. پۈتۈن فەنىكەلىكلەردەك بۇ داگونمۇ قانداقچە باشقىچە بولسۇن. . . ئۇ بىزنىڭ داۋاملىق بىللە بولالمايدىغانلىقىمىزنى ئاخىرى چۈشەندى. مېنى مۇھەببىتىنىڭ قارمىقىغا ئىلىشتىن ۋاز كەچتى. شۇنداق، ئۇ بىر فەنىكەلىك ـ دە. شۇنداقتىمۇ باشقا فەنىكەلىكلەر بىلەن ئوخشاش قارىغىلى بولمايدۇ.

ھەر نۆۋەت بىرىشىمدا بىز دائىم تاماقىا بارىدىغان بەلگىلىك يەرلىرىمىز بار ئىدى. ئۆتكەنكى قېتىم يەنە شۇ يەرلەردىن بىرىگە باردۇق. كوچىلار ئىنتايىن قالايمىقان ئىدى. تاكسى تاپالماي پىيادە مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇق. ئۇ قەدىمىنى ماڭا ماسلاشتۇ- رۇش ئۈچۈن ئۆزىنى نەچچە قېتىم زورلىسىمۇ، قەدەملىرى يەنىلا ئاستا ئىدى. . . «ئىككىلىمىز قېرىپ قالدۇق.» دەپ ئۇنى قول- تۇقلىدىم ۋە قەدەملىرىمنى ئاستىلاتتىم.

مەن يېنىدا بولغىنىمدا ئۇنىڭ باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللى- نىشىغا، مەسىلەن، پوچتىدىن كەلگەن مەكتۇپلارنى ياكى گې- زىت، ژۇرناللارنى ئوقۇشىغا ئىنتايىن تېرىكىمەن. «مەن كىم ئۈچۈن كەلدىم؟» دەيمەن. ئۇ بۇ سۆزۈمدىنمۇ رەنجىيدۇ. ئۇنداق قىلىشقا ھېچ ھەققى يوق. چۈنكى بىللە ئۆتكۈزىدىغان ۋاقتىمىز ناھايىتى ئاز ــ دە.

قانداقلا بولسۇن يەنىلا ئۇنىڭ بىلەن فەنىكەدە يىگىرمە كۈن تۇرۇشنى ياقتۇرىمەن. بىز بارىدىغان ھېلىقى قەدىناس يەرلەردە «بىزنىڭ دەۋرىمىز» نى ئۆتكۈزۈشنى ياخشى كۆرىمەن.

بۇ قېتىممۇ ھەر قېتىمقىدەك، بارىدىغان كۈنۈمنى سائىتى بىلەن ئۇقتۇرۇپ تېلېگرامما يوللىدىم، چۈنكى ئۇ بۇنداق قىلى- شىمدىن خۇش بولىدۇ. توختىماي مەندىن يەنە نېمە ئۈچۈن مەك- تۇپ يازمىغانلىقىمنى، نېمە ئۈچۈن تېلېفون قىلمىغانلىقىمنى سورايدۇ، مەنمۇ بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا جاۋابلارنى بېرىمەن، مەك- تۇپتا كۈندىلىك ئىشلارنى يېزىشنى ياخشى كۆرمەيمەن دەيمەن ياكى ۋاقىت چىقىرالمىدىم دەيمەن.»

**مېلۇسىن خانىم بىلەن داگون ئەپەندىنىڭ بىر قىزىپ، بىر سوۋۇپ يۈرگەن كۈنلىرى**

راست، داگون مېلۇسىننى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى. بۇ-

روْن بىلله بولغان، ياخشى كۆرگەن ئاياللارنىڭ ھېچقايسىسىنى مېلۇسىننى ياخشى كۆرگىنىدەك ياخشى كۆرمىگەندى. شۇنداق، بىراق مېلۇسىننىڭ روھىي جەھەتتىكى بىر قىزىپ، بىر سوۋۇش-لىرىمۇ قالىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. مېلۇسىننىڭ قاچان، قەيەر-دە، قانداق ئۆزگىرىدىغانلىقىنى ھېچ بىلگىلى بولمايتتى. داگون بىر قارىسا، مېلۇسىن دۇنيادا ئەڭ يېقىملىق سۆيگۈنى. ئۇ بۇ-روْن ھېچقانداق سۆيگۈندە ئېرىشەلمىگەن گۈزەللىك، كۆڭۈل خۇشلۇقى، ھۇزۇرلىنىش، خۇشاللىقلارغا ئۇنىڭدا ئېرىشكەن-دى. ئۇنداق چاغلىرىدا پۈتۈن ھەۋەسلەر: سەيلە - ساياھەت قىلىش، مەي - شاراپ ئىچىش، سۆيۈشۈش، مۇڭدىشىش، مۇ-ھەببەتلىشىشلەر مېلۇسىندىن كېلەتتى. مانا شۇ چاغدا داگون ئۆزىنى ھەقىقەتەن دۇنيادا ئەڭ بەختلىك ئادەم دەپ ھېسابلايتتى. لېكىن، مېلۇسىن بىردىنلا شۇنداق ئۆزگىرەتتىكى، ئۇنى چۈشى-نىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. گويا يېڭى تونۇشقاندەك ھەتتا دا-گونغا زادىلا خۇشى يوقتەك مۇئامىلە قىلاتتى. بۇنداق بولغاندا ھەممىنى يېڭىۋاشتىن باشلاشقا توغرا كېلەتتى. مەسىلەن، ماشى-نىدا ئۆزىگە چېقىلىشى، قولىنى تۇتۇشى، يولدا قولتۇقلىۋېلى-شىغىمۇ يول قويمايتتى، بۇنداق چاغدا گويا يات بىر كىشى بولۇپ قالاتتى. ئۇنىڭدىكى بۇ بىر قىزىپ، بىر سوۋۇشنىڭ سەۋەبىنى داگون زادىلا چۈشىنەلمەيتتى. بۇ چىدىغۇسىز بىر ئىسكەنجە ئى-دى. ئۆز نەزىرىدە مەنسىتەلمىگەنلىكىنى ھېس قىلىپ كۆڭلى يېرىم بولاتتى. بۇنداق چاغلاردا مېلۇسىننى تاشلاپ كېتىشنى، ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزۈشنى خالايتتى. بىراق، ئۇ بۇنداق قوپاللىقنى قىلالمايدۇ - دە...

ئۇ مېلۇسىننى باشقا ھېچقانداق ئايالنى سۆيمىگەن دەرىجىدە سۆيەتتى، بىراق يەنە تاش يۈرەكلىك قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئالاقى-سىنىمۇ ئۈزەلەيتتى. ئالاقىنى ئۈزۈشۈم كېرەك دېگەن بۇ قارارغا كەلگىنىدە، مېلۇسىندىن شۇ قەدەر ئىللىق مۇناسىۋەت ۋە يېقىن-

چىلىقىقا مۆيەسسەر بولاتتىكى، ئۇنىڭدىن ۋاز كېچەلمەيدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مېلۇسىننى «تاشلاشمايدىغان ئاشىقىم» دەيتتى.

يالغۇزلۇق ھېس قىلغان كېچىلەردە «تاشلاشمايدىغان» ئاشىقىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشقا تەقەززا بولاتتى. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن بولسىمۇ مەدەت ئالغۇسى كېلەتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى داگوننى بۇ يېگانە يالغۇزلۇقىدىن قۇتقۇزالمايتتى. ئۆزىنىڭ يالغۇزلۇقىدا زېرىكمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاۋازى بىلەن ئىچ پۇشۇقىنى چىقارماقچى بولاتتى. بىراق... نېمە ئۈچۈندۇ... دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە ئەھۋاللارمۇ بولۇپ قالاتتى. بەزىدە مېلۇسىننىڭ تېلېفوندىكى ئاۋازى مۇزدەك سوغۇق ۋە قوپاللىشىپ قالاتتى. بۇنداق تولىمۇ سوغۇق ئاۋاز داگوننى بېشىدىن بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيۇۋەتكەندەك ئەندىكتۈرۈۋېتەتتى ـ دە، تېلېفون قىلغىنىغا مىڭ پۇشايمان قىلاتتى. ئۇنداق چاغلاردا تېلېفوننى دەرھال قويۇۋېتەي دېسىمۇ قولى بارمايتتى، مېلۇسىننىڭ ئاغزىدىن بولسا ھەر بىر سۆزى مۇز پارچىسىدەك تۆكۈلەتتى.

ئۇ تېلېفوننى ئېلىپ، قارشى تەرەپكە ھەر قېتىمقىدەك بوغۇق ئاۋازى بىلەن:

— مەن مېلۇسىن... — دېگىنىدە، داگونمۇ ھاياجانلىنىپ:

— مېنىڭ تاشلاشمايدىغان ئاشىقىم... — دەيتتى.

ئۇ مېلۇسىندىن ئىللىقىنە كۈلگەن بىر ئاۋاز چىقارمۇ ياكى مۇزدەك سوغۇق ئاۋازمىدۇ؟ دەپ كۈتەتتى. بەزىدە مېلۇسىن ئاشۇ مۇزدەك سوغۇق ئاۋازى بىلەن:

— ياخشىمۇسىز؟ — دەپ سورايتتى.

مانا شۇ چاغدا داگوننىڭ كۆڭلى تىنىپ:

— ياخشى تۇرىمەن، ئۆزىڭىزچۇ؟ — دەيتتى.

بۇنداق سوغۇق سۆزلىشىشلەردە مېلۇسىننىڭ دەيدىغان گې-

پى بولمىغانلىقىدىن، توختىماي: «قانداق ئەھۋالىڭىز؟» «ياخشىمۇسىز؟» «قانداق تۇردىڭىز؟» «ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟» دېگەندەك تەكرار سۆزلەرنى يەنە تەكرارلاۋېرەتتى.

بۇ سوئاللىرىنىڭ ئارىسىغا تېخىمۇ سوغۇق ۋە قوپال باشقا سۆزلەرمۇ ئارىلىشىپ كېتەتتى. داگون:

— خوش ئەمىسە... — دەيتتى، مېلۇسىنمۇ:

— خەيرلىك كېچە... — دەيتتى.

تېلېفوننى بۇنداقلا قويۇۋەتكىلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن داگون:

— سىزنى سۆيىمەن... — دەپ قوياتتى.

مېلۇسىندىن جاۋاب كەلمىسە، ئۇ يەنە:

— سىز مېنى سۆيۈپ قويىمامسىز؟ — دەپ سورايتتى.

مېلۇسىن يەنە ھېلىقى ئىككى بىسلىق جاۋابىنى بېرەتتى:

— ئۆزىڭىز بىلىسىز...

داگون تېلېفوننى قويۇۋەتكىنىدە قوللىرى ئىككى يانغا ساڭگىلاپ، ئولتۇرغان يېرىدە بىر ھازاغىچە ئېسىگە كېلەلمەيتتى.

داگون ئىنتايىن يالغۇزلۇق ھېس قىلغان بىر كېچىسى مېلۇسىننىڭ مۇزدەك سوغۇق تەلەپپۇزىنى بولسىمۇ ئاڭلاش نىيىتىدە ئۇنىڭغا تېلېفون قىلدى.

— مەن مېلۇسىن.

— تاشلاشمايدىغان ئاشىقىم.

— ئاھ داگون... ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. لېكىن نېمىدېگەن كۆپ...

داگوننىڭ بىردىن كۆڭلى ئىللىدى، مېلۇسىن كۈلۈمسىرەپ سۆزلىگەنىدى. داگون ئۇنىڭ ئاۋازىدىن كۆزلىرىنىڭ، لەۋلىرىنىڭ، چاچلىرىنىڭ، بارماقلىرىنىڭمۇ كۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. مېلۇسىن ناھايىتى خۇش بولغىنىنى تەكرارلايتتى. داگون ئۆزلىرىنىڭ قاچان كۆرۈشەلەيدىغانلىقىنى سورىدى.

مېلوْسىنىڭ ناھايىتى جىددىي ئىشلىرى بارمىش.

كەلمەيدىغان ئىش بولامدۇ، ھېچبولمىغاندا مېلوْسىن خالى-
غان چاغدا. . .

داگون تېلېفوننى قويۇۋەتكەندە خۇشاللىقى ئىچ - ئىچىگە
سىغمايتتى. ئۇ مېلوْسىنىڭ مانا شۇنداق گۈزەللىكى، ئىللىقلى-
قى ۋە يېقىملىقلىقى ۋەجىدىن يىلدا بىر ياكى ئىككى قېتىم قىسقا
ۋاقىتلىق كۆرۈشۈشنىمۇ ئۇنتۇغىدىن ئايرىلالمايتتى.

داگون ئېگەيگە مېلوْسىن تۇرىدىغان شەھەرگە باردى ۋە ئاي-
رودرومدىن تېلېفون قىلىپ، ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇر-
دى. بىراق، نېمە بولغىنى؟ مېلوْسىنىڭ ئاۋازى ھەيران قالغۇ-
دەك تولۇق، يېرىم ياتا، ئۇزۇك - ئۇزۇك چىقاتتى. بىر نەچچە
كۈننىڭ ئالدىدا تېلېفوندا سۆزلەشكەن ۋاقىتتىكى ھاياجىنى، خۇ-
شاللىقى، كۈلۈشلىرى يوق ئىدى.

چوڭقۇر خىيال ئىچىدە كۆڭلى غەش بولغان داگون تۇرۇپلا
قالدى. ئۇ بويىنىڭ بارغانسېرى قىسقىراپ يەرگە پېتىپ كېتىۋاتـ-
قانلىقىنى، بەللىرىنىڭ ئېگىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزەتتى.
ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسە كۆزىگە ھەجۋىي رەسىملەردەك سەت
كۆرۈنەتتى. . . بۇ يەدە ياخشى دېگۈدەك نېمە بولسۇن؟ ھېچنەر-
سە. . .

بۇ يەردىن شۇئان قايتىپ كەتسە قانداق بولار؟
بولمايدۇ. . .

داگون كۈندۈزنى كوچىلاردا، كېچىنى مېھمانخانا ھۇجرىسى-
دا ئۆتكۈزدى. خەتلەرنى ئوقۇيالمايتتى، ئوقۇغىنىنى چۈشەنمەيت-
تى. ئەتىسى كۆرۈشۈش ۋاقتى يېتىپ كەلگۈچە پەرىشانلىق ئىچى-
دە كۆزىگە ھېچنەرسە كۆرۈنمەي شەھەرنى ئايلاندى. كۆرۈشۈش
ۋاقتى كەلگەندە، بارايمۇ - بارمايمۇ، دەپ مىڭ تەسلىكتە مېلوْ-
سىن ئىشلەيدىغان يەرگە باردى. ئۇلار سۆيۈشۈپ كۆرۈشتى،
چۈنكى سۆيۈشۈش ئادەت ئىدى. مېلوْسىن ئۇنىڭ بىر ئاز كۈتۇ-

شىنى، بىر نەچچە ئۆششاق ـ چۈششەك ئىشلىرىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن بىللە سىرتقا چىقىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مېلۇسىن داگونـ ـنىڭ ئۆز يېنىدا گېزىتلەرنىڭ ماۋزۇلىرىنى ئوقۇغانلىقىنى، مەكتۇپلارنى كۆزدىن كەچۈرگەنلىكىنى كۆرسە ئاچچىقى كېلەتـ ـتى. داگون ئۆز ـ ئۆزىگە: «مەن بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىم؟» دەپ غۇدۇڭشۇيتتى.

داگون بىر ئورۇندۇقتا بېرىپ ئولتۇردى. مېلۇسىن ئىشخاـ ـنىدىن چىققان ـ كىرگەندە، قولىدىكى بىرەر كىتابنى، بىرەر ئارخىپنى جاۋەنگە قويغاندا، ئۇستىلنىڭ تارتمىسىنى ئاچقاندا، داگون ئۆزىنى بۇ ئىشخانىدا، بۇ شەھەردە، بۇ يۇرتتا ئەمەستەك، بۇ دۇنيادىمۇ ئوشۇقچە ئادەمدەك، باشقا بىر پېلانىتتىن دۇنيانىڭ بۇ يېرىگە ئوشۇقچە چۈشۈپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى.

## مېلۇسىن خانىم بىلەن داگون ئەپەندىنىڭ ئۇنتۇلماس بىر كۈنى

ئېگەيلىك مېلۇسىن فەنىكەلىك داگون تۇرىدىغان شەھەرگە كەلگەنىدى. داگون ئۇنى ئايرودرومدا كۈتۈۋالدى. داگون ئۆز كۆڭلىدە «يېڭىۋاشتىن باشلايمىز» دەپ ئويلىغۇدى، ئۇنداق بولـ ـمىدى. مېلۇسىن ئۇ كۈنى ئاجايىپ يېقىملىق ئىدى. داگون مېلۇسىننىڭ يېگانە ۋە بىردىنبىر خۇشاللىقى ئىكەنلىكىنى جەزىم قىلدى.

ئۇلار ئون بەش كۈن بىللە بولماقچى ئىدى. داگون بىرىنچى كۈنىدىن باشلاپلا ئايرىلىدىغان كۈنىنىڭ كۆڭۈلسىزلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار بىر قانچە كۈننى ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزدى، دېڭىز بويلىرىدا قول تۇتۇشۇپ سەيلە قىلىشتى، ئورمانلاردا، باغچىلاردا قولتۇقلىشىپ تاماشا قىلىشتى. پات ـ پات قېنىشماستىن سۆيۈشتى، بارغانسېرى كۆچەيگەن ئىشتىياق

بىلەن مۇھەببەتلەشتى. سېغىنىشلىرىنى قاندۇرغان خۇشاللىقلىرىغا ئورتاقلاشتى. بىر كەچقۇرۇنلۇقى فەنىكەنىڭ ئالاھىدە ھاردىقىنى ئىچكەچ، پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياشنى تاماشا قىلىۋېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ تونۇشقىلى قانچىلىك ۋاقىت بولغانلىقىنى ھېسابلاشتى. ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى ئون ئۈچ يىللىق مۇھەببەت ئىدى. قەدەھلىرىنى شۇنىڭ ئۈچۈن كۆتۈرۈشۈپ، سوقۇشتۇرۇپ ئىچىشتى ۋە سۆيۈشتى.

ئەپسۇسكى، بىللە بولغان كۈنلەر شۇ خىلدا داۋاملاشمىدى. ئارىلاپ ـ ئارىلاپ مېلۇسىنىڭ بىر قىزىپ، بىر سوۋۇشلىرى، داگوننىڭ يۈرىكىنى تىترىتىدىغان سوغۇقلۇق پەيدا قىلىپ تۇردى. مېلۇسىنىڭ فەنىكەدىن قايتىدىغان كۈنىدىن بىر كۈن ئاۋۋال ئۇلار بىر ـ بىرىگە خېلىلا ياتسىراشقانىدى. مېلۇسىن ناھايىتى كەم سۆزلۈك قىلىپ، ھەدېسىلا «بىمەنە!» «يەنە بىمەنە!» «ئۆزىڭىز بىلىسىز...» دېگەن ئىبارىلەرنى ئىشلىتەتتى. داگون مېلۇسىنىڭ قولىنى قولىغا ئالالمايدىغان، قولتۇقلىيالمايدىغان ھەتتا سۆيۈشەلمەيدىغان دەرىجىگە يەتتى... داگوننىڭ تاشلاشمايدىغان ئاشىقى غايىب بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا كۆز ئالدىدا بۇرۇنلا تاشلىنىپ كېتىشكە تېگىشلىك بولغان پۈتۈنلەي باشقىچە بىر ئايال پەيدا بولغانىدى. داگون بۇنداق قىزىپ تۇرۇپلا سوۋۇشلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئۇنىڭدىن زېرىككەنىدى.

ئۇلار ئاخىرقى كېچىنىڭ ئاخىرقى سائەتلىرىدە ئايرىلغىنىدا، ئىككىلىسى قاتتىق مەست ئىدى. بۇ نۆۋەت ئۇلار سۆيۈشمەيلا خوشلاشتى. ئەتىسى كۆرۈشمەكچى بولۇشتى. بۇ كېچە مېلۇسىنىڭ بۇ قېتىم كېلىشىدىكى ئاخىرقى كېچىسى ئىدى.

داگون بۇ كېچىنى ناھايىتى قىيىنىلىپ ئۆتكۈزدى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇ مېلۇسىن بىلەن ئادا ـ جۇدا بولۇش قارارىغا كەلگەنىدى. ئەمدى ئۇ ئۇنىڭغا تېلېفونمۇ قىلمايتتى، مەكتۇپمۇ يازمايتتى.

داگون ئار ـ نومۇسلۇق كىشى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوير-لايتتىكى، مېلۇسىننىڭ تۇتقان يولى ناھايىتى توغرا ئىدى، ئۇلار ھەقىقەتەن باشقا ـ باشقا دۇنيالارنىڭ كىشىلىرى ئىدى. مېلۇ-سىننىڭ باشتىلا دېگىنىدەك، داگون ئۇنى چۈشەنمەيتتى. ئون ئۈچ يىللىق ئېچىنىشلىق خاتىرىلەردىن باشقا ئورتاقلىشىدىغان ھېچقانداق ھېسسىياتلىرى، ساقلاپ قالغۇدەك ھېچنەرسىلىرى يوق ئىدى.

داگون قەتئىي ئايرىلىش قارارىغا كەلگىنىدە گويا تېنىنىڭ بىر يېنى ئۈزۈلگەندەك، ئىچىدە نېمىدۇ بىر نەرسىنىڭ ئۈزۈلۈپ چۈشكەنلىكى ۋە كېمەيگەنلىكىنى ھېس قىلدى... ھەر ھالدا ئۇ-لار بۇ ئالاقىنى ئەمدى بۇ شەكىلدە داۋاملاشتۇرالمايتتى، چۈنكى چىدىغۇسىز ھەسرەتلەر ئۇلغىيىۋاتاتتى. داگون بۇ قارارنى مېلۇ-سىنگە ئاچچىقلانماي، تېرىكمەي تۇرۇپ، سىلىق ـ سىپايىلىق بىلەن ئۇقتۇرماقچى ۋە ئۇنىڭ توغرا قىلغانلىقىنى ئېيتماقچى بولدى. توغرا، ئۇلار ئون ئۈچ يىلدىن بېرى بىر ـ بىرىنى چۈشىنىشەلمىگەنىدى. دېمەك، ئۇلار باشقا ـ باشقا دۇنياغا مەن-سۇپ كىشىلەر ئىدى.

داگون بۇ قەتئىي قارارغا كەلگىنىدە كۆڭلى ئارام تېپىپ قالدى.

ئۇ ئەتىگەن تۇرۇپ ساقىلىنى قىردى، يۇيۇندى ۋە كىيىنىپ چىقىپ مېلۇسىن چۈشكەن مېھمانخانىغا باردى ۋە ئۇنى مېھمانخانا زالىدا ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان يېرىدىن تاپتى. ئېھ، مېلۇسىن! مانا يەنە ئۇنىڭ كۆزلىرى، چاچلىرى، ئاۋازى، لەۋلىرى، بارماق-لىرى، ھالقىلىرى ھەتتا كۆڭلىكىنىڭ گۈللىرىمۇ كۆلۈپ تۇرات-تى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ داگوننى قۇچاقلىدى، سۆيدى، داگونمۇ ئۇنى ئەلۇەتتە...

ـــ ياخشىمۇ سىز؟

بۇ باشقىچىلا ئىللىق ۋە يېقىملىق بىر سالاملىشىش ئىدى.

ئۇلار مېھمانخانىدىن چىقىشتى.

— نەگە بارايلى؟ — دەپ سورىدى داگون.

— سىزچە بولسۇن... — دېدى مېلۇسىن.

ئۇلار قەدىناس يەرلىرىدىن بىرىگە بارماقچى بولۇشتى. مېلۇسىن داگوننىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويۇپ ئۇنىڭ قولتۇقىغا كىردى. ماشىنىدا مېلۇسىن داگونغا ئوبدانلا چاپلىشىپ قولىنى داگوننىڭ ئالىقىنىغا تاشلىغانىدى. ئۇلار مېلۇسىن ھەر قېتىم كەلگىنىدە بارىدىغان يەرلەردىن بىرىگە بېرىشتى ۋە رېستۇراننىڭ ئۇستۇنكى قەۋىتىگە چىقىشتى. رېستۇراننىڭ ئالدى تەرىپى فەننكە دېڭىزىغا قاراپ تۇراتتى... جىمجىت زەڭگەر ئاسمان ۋە زۇمرەتتەك جىمجىت دېڭىز، زەڭگەر ئاسماندا ئېغىر كارۋاندەك ئۈزۈپ يۈرگەن ئاق بۇلۇتلار، زۇمرەتتەك دېڭىزدا سالماقلىق ئۇچۇشۇپ يۈرگەن بېلىقچى قۇشلار...

تېخى چۈش بولمايلا ئۇلار فەننكەنىڭ ئالاھىدە ھارىقىدىن ئىچىشكە باشلىدى.

— كۆپ خۇشالمەن... — دەيتتى مېلۇسىن.

ئۇ بۇ سۆزنى بۇلۇتلارغا، ئاسمانغا، دېڭىزغا، بېلىقچى قۇشلارغا، ھاراق رومكىلىرىغا ۋە داگوننىڭ كۆزلىرىگە قاراپ پات - پات تەكرارلايتتى.

— كۆپ خۇشالمەن.

ئۇ ھەقىقەتەن خۇشال ئىدى.

دېڭىزدا بېلىقچىلارنىڭ قولۋاقلىرى، قېيىقلىرى، ماتورلۇق كېمىلىرى ئۈزۈپ يۈرەتتى.

**داگون ئەپەندىنىڭ خاتىرە دەپتىرىدىن يەنە بىر پارچە:**

ئۇ بۈگۈن شۇنداق خۇشال، شۇنداق بەختىيار ئىدىكى... كۆپ پاراڭلاشمىدۇق، لېكىن بىر - بىرىمىزگە ئىچەكىشىپ

ئولتۇراتتۇق، رومكىلىرىمىزنى سوقۇشتۇرۇپ تېز - تېز ئىچىد-
شەتتۇق.
— خوشە . . . — دەيتتىم هاراق رومكىسىنى كۆتۈرۈپ.
ئۇمۇ رومكىسىنى كۆتۈرۈپ:
— خوشە . . . — دەيتتى.
چۇشكە يېقىن بېلىقچىلارنىڭ ماتورلۇق قېيىقلىرى دېڭىزدا
ئايلىنىپ تور سېلىشقا باشلاشتى. توپ - توپ بېلىقچى قۇشلار
قېيىقلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ئۇچۇشاتتى. ئەتىمالىم ماتور-
لۇق كېمە بولسا كېرەك، ئۇچ چوڭ بېلىقچى كېمىسىدىكىلەر
تورلىرىنى ماشىنىلىرى بىلەن تارتىشقا باشلىغاندا، بېلىقچى
قۇشلار بىردىن چىرىلداشقا باشلىدى. دېڭىز كۆكۈش بىنەپشە
رەڭگە كىردى. قۇياش كەينىمىزدە پېتىپ كېتىۋاتاتتى. بىر
ئازدىن كېيىن دېڭىز پاتقان قۇياشنىڭ قىزغۇچ رەڭگىگە كىردى.
ئاستا - ئاستا كۆلەڭگىلەر ئۇزىراپ كۆزدىن غايىب بولاتتى. كەچ
كىرگەندى. تاشلاشمايدىغان ئاشىقىمنىڭ ئالدىدىكى تامدا بىر
ئىلىك تۇملۇقتىكى بوغۇم - بوغۇم نېئونلۇق چىراغلار بولۇپ،
بىر بوغۇمدىن يالتىرلىغان زەڭگەر نۇر يەنە بىر بوغۇمغا ئۆتكەندە
سۇ ئېقىۋاتقاندەك تەسىرات بېرەتتى. مېلۇسىن بۇ زەڭگەر نېئون
نۇرىغا شۇنداق قىزىقتىكى . . . بىر هازاغىچە ئۇنىڭدىن كۆزىنى
ئۈزەلمىدى. ئېقىۋاتقان سۇغا ئوخشاش نۇرنى ماڭىمۇ كۆرسەتتى.
مەنمۇ ئۇنىڭغا گۈزەل ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم. ئەمەلىيەتتە، ئۇ
ئانچىلا گۈزەلمۇ ئەمەس ئىدى. باشقا چاغلار بولسا مېلۇسىن بۇ
زەڭگەر نېئون نۇرىنى گۈزەل دەپ كەتمىگەن بولاتتى. ئۇ كۈنى
قاراۋاتقان نەرسىنىڭ گۈزەللىكىدىن كۆرە ئۇنىڭ قاراشلىرى گۈ-
زەل ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ گۈزەل قاراشلىرى بىلەن قارىغان نەرسى-
سىنىمۇ گۈزەللەشتۈرۈۋاتاتتى.
بىز ئارىمىزدىكى ئۇستەلنىڭ ئىككى يېقىدا بىر - بىرىمىز-
گە قارىشىپ ئولتۇراتتۇق. شۇنداق كەم سۆز ئىدۇق ۋە بىر -

بىرىمىزنى شۇنچىلىك چۈشىنىشەتتۇقكى. . .

مەن مانا شۇ يەردە ئالدىمدىكى خانىمنىڭ ئىككى ياقلىما ئايال ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. بىرى، مېنىڭ تاشلىيالمايدىغان ئاشىقىم، يەنە بىرى مېلوسىن ئىسىملىك. . . يالغۇز مېلوسىنلا ئاشۇنداق ئىككى ياقلىما بولۇپ قالماي، ھەممە ئادەم ۋە ھەممىمىز مانا شۇنداق ئىدۇق. بەلكىم مەن دەسلەپ بايقىدىم دەپ قارىغان بۇ ھەقىقەتنى مەندىن باشقا ھەممە كىشى بىلسە كېرەك. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ھەقىقەتنى مەن ھازىر ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزۈپ يېڭىۋاشتىن بايقىدىم.

مېلوسىن باشقا ـ باشقا ئىككى كىشى: بىرى ئۇنىڭ دەسلەپ تونۇشقىنىمىزدا مەندە قالدۇرغان ۋە مېنىڭ كاللامدا شەكىللەنگەن خىيالىي شەكلى، يەنە بىرى، مېنىڭ كاللامدا شەكىللەنگەن خىيالىي شەكلىدىن ئۆزگىچە بولغان ئۆز زاتى. . . بىرى مەن ئۆز تەساۋۋۇرۇمدا ياراتقان خىيالىي ئايال، يەنە بىرى بولسا، تەساۋۋۇرۇم سىرتىدىكى ھەقىقىي مېلوسىن. . .

بۇ ئەھۋال يالغۇز مېلوسىندىلا ئەمەس، ھەممىمىزدە شۇنداق. . . دەسلەپ تونۇشقىنىمىزدا مەنمۇ ئۆزۈمنى مېلوسىنگە ئۆز زاتىمدىن باشقىچە ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇشۇم كېرەك. بىر ئادەمنىڭ ئۆز زاتى باشقا بىرىنى ئۆزى قىلىپ كۆرسەتكەن خىيالىي شەكلىنىڭ نەق ئۆزى ئەمەس، باشقا بىرىگە تەقلىد قىلغان ئۆزىمىزنىڭ خىيالىي شەكلىمىز ئۆزىمىزدىن پەرقلىنىدىغان باشقا بىرىدۇر. شۇنداق ئىكەن، بىز ھەممىمىز ئىككى كىشىمىز: بىرى ئەسلى ئۆزىمىز، يەنە بىرى باشقا بىرىگە تەقلىد قىلغان ئۆزىمىزنىڭ خىيالىي شەكلىمىز. . .

بىز ـ بىر ـ بىرىمىزنى دەسلەپ تەقلىد قىلغان خىيالىي شەكىللىرىمىز بىلەن تونۇيمىز. ھالبۇكى بىز چۈشەنگەن بۇ خىيالىي شەكىل ئادەم ئەمەس. ئۇنداقتا بىز قارا باستى چۈش كۆرۈپتىمىز. دېمەك، ھەممە ئادەم باشقىلارغا نىسبەتەن بىر قارا

باستى چۈش!

كۆلەڭگىلەر غايىب بولۇشقا باشلىدى، كەچ كىرگەنىدى. ئۆزۈمۇ خۇشال بولغان، ماڭىمۇ خۇشاللىق بېغىشلىغان تاشلاشمايدىغان ئاشىقىم مېلۇسىنىگە قارىغىنىمدا ئەنە شۇلارنى ئويلايتتىم. مانا شۇ چاغدا، ئون ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا ئايرىلىپ كەتكەن خوتۇنۇمنى ئويلىدىم، ئۇمۇ ئىككى ياقلىما ئايال ئىدى.

بىرى، مېنىڭ كاللامدا ئەكس ئەتكەن ئۆزى يەنى مېنىڭ كاللامدا شەكىللەنگەن خىيالىي شەكلى، يەنە بىرى بولسا، ئۇنىڭ ئۆزى ئىدى... مەنچۇ؟ مېنىڭ قانداق ئىككى خوتۇنۇم بولغان بولسا، خوتۇنۇمنىڭمۇ شۇنداق ئىككى ئېرى بار ئىدى. خوتۇنۇمنىڭ ئىككى ئېرىدىن بىرى مەن ئىدىم، يەنە بىرىمۇ مەن. خوتۇنۇمنىڭ كاللىسىدا ئەكس ئەتكەن خىيالىي شەكلىم بىلەن خوتۇنۇمغا خىيانەت قىلغان ئىدىم ۋە خوتۇنۇممۇ مېنىڭ كاللامغا ئەكس ئەتتۈرگەن خىيالىي شەكلى ۋە بۇ خىيالىي شەكلىگە زادى ئوخشىمايدىغان ئۆزى بىلەن ماڭا خىيانەت قىلغانىدى. مەنمۇ ئۆز خوتۇنۇمنى ئۇنىڭ كاللىسىدا ئەكس ئەتكەن خىيالىي شەكلىم بىلەن ئالدىغانىدىم.

ئون يەتتە يىللىق ئەر - خوتۇنچىلىقتا ئۇنىڭ ماڭا ئۆزى بىلمەي قىلغان خىيانىتىنى ۋە مېنىڭمۇ خوتۇنۇمغا ئۆزۈم بىلمەي خىيانەت قىلغانلىقىمنى مانا بۈگۈنكى كۆڭۈللۈك ئۆكتەبىر كۈنى ئاخشىمى مېلۇسىنىنىڭ گۈزەللىكىنى تاماشا قىلىۋېتىپ چۈشەنگەنىدىم.

بۈگۈن ئەتىگەن مېلۇسىن بىلەن مۇناسىۋىتىمىزنى قەتئىي ئۈزۈش قارارىدا ئىدىم. لېكىن ئايرىلماقچى بولغان مېلۇسىن بۇ مېلۇسىن ئەمەس ھېلىقى بىر مېلۇسىن ئىدى. مەن بۇنداق شەپقەتلىك، بۇنداق مۇھەببەتكە تولغان، مېنى بۇنداق سۆيىدىغان مېلۇسىندىن ئايرىلالمايمەن. ئۇ مېنىڭ خۇددى دەسلەپ تونۇشقان كۈنكىدەك مېنىڭ كاللامدا ئەكس ئەتتۈرگەن خىيالىي شەكلىگە

ئوخشاش تاشلاشمايدىغان ئاشىقىم.

ئۈچ سائەتتىن كېيىن ئايروپىلان قوزغىلاتتى. ماشىنىغا ئولتۇردۇم. ھاياتىمنىڭ ئەڭ گۈزەل كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتاتتىم. ئۇنىڭ قولى ئالىقىنىمدا ئىدى، بىر قولۇم بىلەن ئۇنى قۇچاقلىۋالغانىدىم. ئايرودرومدا ھەر ئىككىلىمىز گويا ئون سەككىز ياشلىق ياشلاردىن ئىدۇق، زادى قانماي سۆيۈشەتتۇق. شۇ ئاندا ئايرىلىش نېمىدېگەن تەس... تەكشۈرۈش ئىشىكىدىن ئۆتۈش ئۇقتۇرۇلغۇچە بىر - بىرىمىزنى قۇچاقلىشىپ تۇردۇق... ئۇ ساقچى تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈپ، كەينىگە قارىغىنىچە توختىماي قول پۇلاڭلاتتى، مەنمۇ قول پۇلاڭلاتتىم.

مېلوسىنىڭ مېنىڭ كاللامدا شەكىللەنگەن خىيالىي شەكلى بىلەن مانا شۇنداق ئايرىلدۇق. چۈشەندىمكى، ئۇ مېنىڭ ھەم ھەقىقەتەن تاشلاشمايدىغان ئاشىقىم، ھەم قارا باستى چۈشۈم ئىدى...

# تاپقىنا، مەن كىم؟

ياشانغان دوختۇر بىمارنىڭ ياتىقىدىن چىققاندىن كېيىن، ياتاقتىكى مەخسۇس ھەمشىرە ئىشىكنى ياپتى. ئىشىك ئالدىدا ئەندىشە بىلەن كۈتۈشۈپ تۇرغان سەككىز - ئون ئەر - ئايال دوختۇرنى ئورىۋېلىشتى. مەشھۇر پروفېسسور بولغان ياشانغان دوختۇرنىڭ چىرايىدىن ئوڭايسىزلىنىۋاتقانلىقى مەلۇم ئىدى. پروفېسسور مۇرىلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئىككى قولىنى يېنىغا ئاچتى. بۇ ھەرىكىتى ۋە ئۈمىدسىز قارىشى بىلەن ئۇ بىمارنىڭ ئەھۋالىنى سورىغۇچىلارغا، ئەمدى قىلىدىغان ھېچقانداق ئامال قالمىغانلىقىنى ئۇقتۇرغانىدى. بىمارنىڭ تۇغقانلىرىمۇ ئەھۋالنىڭ ئەڭ خەتەرلىك نۇقتىغا كېلىپ قالغانلىقىنى چۈشەندى. بۇنداق ئەھۋالنى سۆز بىلەن چۈشەندۈرۈش تەس ئىدى.

بىمارنىڭ تۇغقانلىرى باشقا گەپ قىلماي سوراشتى:

— ھېچقانداق ئامال قىلغىلى بولماسمۇ؟

دوختۇرمۇ باشقا گەپ قىلماي جاۋاب بەردى:

— مېدىتسىنانىڭمۇ ئامالسىز قالىدىغان ۋە ئاجىزلىق قىلىدىغان چاغلىرى بولىدۇ، مانا ھازىر دەل شۇنداق بولدى. بۈگۈنكى مېدىتسىنا قىلالايدىغان باشقا چارە قالمىدى.

بىمارنىڭ تۇغقانلىرى قاراشلىرى بىلەن يەنە سوراشتى:

— ھېچقانداق ئۈمىد يوقمۇ؟

دوختۇرمۇ قارىشى بىلەن جاۋاب بەردى:

— بىر نېمە دېيەلمەيمەن. بۈگۈندىن كېيىنكى بىردىنبىر ئۈمىد بىمارنىڭ ئۆزىدە...

ئەمدى ئۈنلۈك دېدى دوختۇر:

— خەير - خوش!

بىمارنىڭ تۇغقانلىرى دوختۇرنى ھۆرمەت بىلەن ئۇزىتىپ قويدى.

بالىلىقىمدا يەنى ئون - ئون بىر ياشلىرىمدا، بەلكىم ئۇنىڭ-دىنمۇ كىچىك چاغلىرىم بولسا كېرەك... دېمەك، ئاتمىش يىل-دىن ئېشىپتۇ، دادام مېنى ئۆز ساتىرىشىغا ئېلىپ باراتتى. كېيىنچە ئۆزۈم بارىدىغان بولدۇم. بېشىمنى ئەينەكتە كۆرەلىشىم ئۈچۈن ساتىراش تېگىمگە كۆپچەك قويۇپ بېرەتتى، بۇنىڭدىن ئىنتايىن خىجالەت بولاتتىم. بۇ ساتىراشقا كۆپ بېرىشىمنىڭ سەۋەبى، ساتىراش ئەينىكىنىڭ يۇقىرىسى ۋە يانلىرىدىكى تاملارغا رامكىغا ئېلىپ ئېسىپ قويۇلغان رەڭلىك باسما رەسىملەرنىڭ بولغانلىقى ئىدى. ساتىراش چېچىمنى ياساۋاتقاندا، بۇ رەسىملەر-نى تاماشا قىلىشنى ياخشى كۆرەتتىم. بولۇپمۇ بۇ رەسىملەردىن بىرى ئىنتايىن گۈزەل ئىدى. ئەسلىدە چاچ ياسىتىشقا خوشۇم يوق بولسىمۇ، پەقەت شۇ رەسىمنى كۆرۈش ئۈچۈنلا بۇ ساتىراش-خانىغا باراتتىم.

ساتىراش چېچىمنى ياساۋاتقاندا، مەن ئۇ رەسىمدىن كۆزۈم-نى ئۈزمەي، ئۇنىڭدىن سۆز بىلەن ئىپادىلەش تەس بولغان بىر خىل زوق ئالاتتىم، رەسىمدىن كۆزۈمنى ئۈزەلمەيتتىم. ساتى-راش بېشىمنى ئۇياق - بۇياققا بۇرىغىنىدا، رەسىمنى كۆرەلمىگى-نىم ئۈچۈن بىئارام بولاتتىم، ھەدېسىلا بېشىمنى ساتىراشنىڭ قولىدىن چىقىرىپ رەسىمنى كۆرۈشكە تىرىشاتتىم. ئۇنىڭغا شۇن-داق بېرىلىپ كېتەتتىمكى، چېچىمنى ياساپ بولغانلىقىنىمۇ سەز-مەي، ساتىراش مۈرەمگە ئۇرۇپ، «بولدى» دېگەندە ئاندىن ئو-رۇندۇقتىن چۈشەتتىم.

كېيىنچۇ؟ كېيىن ۋاقىت ھەممىنى قېرىتتى، مەنمۇ قېرى-دىم. چېچىمنى ياسايدىغان ئۇ ساتىراش مەندىن بالدۇر قېرىپ دۇكىنىغا كەلمەيدىغان بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن دۇكاندىكى باشقا

ساتىراشلارمۇ شۇنداق بولدى. ساتىراشخانىمۇ كونىردى. هازىر ئۇ دۇكاننىڭ ئورنىغا ئاستى يول بولغان چوڭ بىر ئىش ئورنى ياسالدى.

ھېلىقى رەسىمچۇ؟ ئاللىقاچان كونىراپ يوقالدى بولغاي.

ئۆزۈمگە ھەيرانمەن، ئۇ ساتىراشخانىدا چاچ ياساتقان كۈنلەردىن كېيىن ئۇ يەردىكى رەسىمنىمۇ ئۇنۇتقانىدىم، شۇ ئاتمىش - يەتمىش يىل ئىچىدە بىرەر قېتىممۇ ئەسلىمىدىم. قانداقتۇ، شۇنچە يىللاردىن بېرى بىر قېتىممۇ ئېسىمگە كەلمىگەن ئۇ رەسىم ھازىر بىردىن كۆز ئالدىمغا كېلىپ قالدى. قانداقلارچە شۇنچە يىللار خاتىرەمدە يوشۇرۇنغان نەرسە بىردىن ئوتتۇرىغا چىقىپ ماڭا كۆرۈندى؟

ئۇ رەسىمنىڭ ئېگىزلىكى كەڭلىكىدىن ئىككى ھەسسە چوڭ بولۇپ، رەسىمدە پەقەت قۇملا كۆرۈنەتتى. ئېھتىمال، ئۇ چەكسىز چۆلنىڭ بىر قىسمى بولسا كېرەك. ساتىراشنىڭ ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ تاماشا قىلغىنىمدا، رەسىمدە كۆرۈنمىگەن قۇياشنى ھېس قىلاتتىم. ھېس قىلىش ئەمەس، بەلكى كۆرەتتىم. رەسسام قۇياشنى سىزمىغان، ئەمما مەن رەسسام سىزمىغان، رەسىمدە بولمىغان قۇياشنى كۆرەتتىم. ئۇ رەسىمنى بۇنچە ياخشى كۆرۈشۈمنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ ئىدى. ئۇ شۇنداق ئۇستا رەسسام ئىدىكى، رەسىمگە ئورۇنلاشتۇرمىغان قۇياشنى رەسىمنى كۆرگۈچىلەرگە كۆرسىتەلىگەننىدى. رامكىنى قاپلىغان قۇم رەسىمدە كۆرۈنمەيدىغان قۇياشنىڭ تەسىرىدە شۇنداق ئىسسىق ئىدىكى، بۇ ئىسسىقلىق رەسىمنى كۆرگۈچىنىڭ يۈزىگە ئەكس ئېتەتتى ھەتتا ئەڭ سوغۇق چاغلاردىمۇ كىشىلەر ئۇ رەسىمنى كۆرسە ئۇنىڭدىن بىر خىل ھارارەت ئالاتتى.

ساتىراشنىڭ ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ رەسىمنى تاماشا قىلغىنىمدا، رەسىمدە كۆرۈنمەيدىغان قۇياشنىڭ قەيەردە بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئېنىقلاشقا تىرىشاتتىم. قۇياش رەسىمنىڭ سىر-

تىدا، لېكىن سىرتىنىڭ زادى قەيىرىدە؟

رەسىمنىڭ ئوڭ تەرەپ ئاستى بۇرجىكىدە بىر قاتلىنىدىغان ئورۇندۇق بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر يالىڭاچ ئادەم رەسىمنى كۆرگۈچىگە ئارقىسىنى قىلىپ سوزۇلۇپ ياتاتتى، ئورۇندۇققا ئېسىلغان ئاپئاق لۇڭگىلەر قۇمغا ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئورۇندۇق بىلەن لۇڭگىلەر ۋە يالىڭاچ ئادەمنىڭ كۆلەڭگىلىرى رەسىمنىڭ ئوڭ تەرەپ ئاستىنقى بۇرجىكىگە قاراپ سوزۇلغانىدى. بۇ قارا كۆلەڭگىلەرنىڭ چەت - چۆرىسى ئېنىق ئىدى. مەن بۇ كۆلەڭگىلەرنىڭ يۆنىلىشىگە قاراپ، رەسىمدە كۆرۈنمىگەن قۇياشنىڭ رامكا سىرتىدىكى ئورنىنى تېپىشقا تىرىشاتتىم. چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئارقىلىق رەسىمدىكى تۆت تەرەپنى ۋە يالىڭاچ ئادەمنىڭ دۈمبىسى قايسى تەرەپكە قارايدىغانلىقىنى ھەتتا سائەتنىڭ قانچە بولغانلىقىنىمۇ بىلگىلى بولاتتى. كۆلەڭگىلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئورۇندۇق بىلەن يالىڭاچ ئادەمنىڭ ۋە لۇڭگىلەر ئېسىلغان ئۇزۇندۇقنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە توغرا كېلەتتى. دېمەك، رەسىمدە كەچقۇرۇن مەنزىرىسى كۆرسىتىلگەنىدى. ساتراشخانىغا قايسى ۋاقىتتا بارسام ھەتتا ئەتىگەن بولسىمۇ، رەسىمدە ھامان كەچقۇرۇن كۆرۈنەتتى. ھېلىقى كۆرۈنمەيدىغان قۇياش بىر ئازدىن (بەلكىم يىگىرمە مىنۇتتىن) كېيىن پېتىپ، چۆل قاراڭغۇلىشىپ، يالىڭاچ ئادەممۇ كۆلەڭگىسىز قالاتتى. بىراق بۇنداق ئەھۋال رەسىمدە كۆرۈلمەيتتى. قۇياش غەربكە پاتقانلىقى ئۈچۈن ئادەمنىڭ دۈمبىسى شەرقىي جەنۇبقا قارايتتى. دېمەك، يالىڭاچ ئادەم بىپايان چۆلدە بىر كەچقۇرۇنلۇقى ئارقىسىنى شەرقىي جەنۇبقا قىلىپ ئورۇندۇقتا سوزۇلۇپ ياتاتتى. قۇياش رەسىمدە كۆرۈنمىگىنىدەك، رەسىمنىڭ سىرتىدىكى بىر يەردە كۆرۈنمەيدىغان دېڭىز ياكى كۆل ياكى بىر بوستانلىق ۋە ياكى بىر كۆلچەك ھەتتا بىر سۇ ئۈزۈش كۆلى. . . بارمىدى؟ ئورۇندۇقتىن ساڭگىلاپ تۇرغان لۇڭگىلەر بۇنداق بىر ئېھتىماللىقنى چۈشەندۈرسىمۇ، شۇنچە ۋاقىت كۈزەت-

كەن رەسىمدىن سۇنىڭ ئاۋازى ۋە دولقۇنلارنىڭ ئۇرۇلۇشىنى ئاڭلىمىغانىدىم. رامكىنىڭ سىرتىدا بىر قۇياشنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلغىنىمدەك، رامكا سىرتىدىمۇ بىر سۇ مەنبەيى — دېڭىز، كۆل، كۆلچەك بارلىقىنى ھېس قىلمىغانىدىم. دېمەك، رەسسام رەسىمنىڭ سىرتىدىكى بىر يەردە قۇياشنى لايىھىلىگىنىدەك، دېڭىز، كۆل ياكى كۆلچەكنى لايىھىلىمىگەنىدى.

رەسسام رەسىمنى تاماشا قىلغۇچىلارغا رامكىنىڭ سىرتىدا لايىھىلىگەن نەرسىلەرنىمۇ ھېس قىلدۇرغان رەسىم ئەڭ ياخشى رەسىم ھېسابلىنىدۇ. بىراق، رەسسام بۇ چۆلنىڭ رەسىمدە كۆرۈنمەيدىغان بىر يېرىدە بىر دېڭىزنى لايىھىلىگەن بولسا ئىدى، مەن بۇ چۆل رەسىمگە قارىغىنىمدا دېڭىزنىڭ شاۋقۇنىنى جەزمەن ئاڭلىغان بولاتتىم.

چۆلدىكى قۇملارنى سېرىق، بوز ياكى سۇس قوڭۇر رەڭ بولىدۇ دەپ ئويلايتتىم، لېكىن بۇ رەسىمدىكى چۆل ياپيېشىل ئىدى. رەسىمنىڭ ئاستى تەرىپىدە يېشىللىق قويۇقلىشىپ، ئۈستىگە قاراپ سۇسلىشاتتى. ئورۇندۇقتىكى يالىڭاچ ئادەم بولمىسا، رەسىمنىڭ بۇلۇتسىز ئاسمان، دولقۇنسىز دېڭىز ياكى پايانسىز چۆل ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىش ھەقىقەتەن تەس ئىدى.

ساتىراشخانىدىكى ئۇ رەسىم پارقىرايدىغان قەغەزگە بېسىلغان بولۇپ، ئېھتىمال بىر ژۇرنالدىن كېسىۋېلىپ رامكىغا ئېلىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئەسلى نۇسخىسى ناھايىتى چوڭ بولسا كېرەك.

بۇ رەسىمنى سىزغان رەسسام كىمدۇ؟ ئاتاقلىق رەسساممىدۇ؟ ئۇنى قاچان سىزغاندۇ؟ بۇ رەسىمنىڭ ئەسلى نۇسخىسى كىمدىدۇ؟ بىرەر مۇزېيدىمىدۇ، كۆرگەزمە زالىدىمىدۇ؟ بىر ئۆيدە، بىرەر بايىنىڭ خۇسۇسىي كوللېكسىيە[1]سىدىمىدۇ؟ بىر كونا - يېڭىچىنىڭ دۇكىنىدىمىدۇ ياكى بىر يەرلەردە تاشلىنىپ

[1] ئىلمىي، بەدىئىي ۋە تارىخىي قىممىتى بولغان بىر تۈردىكى نەرسىلەر توپلىمى.

يانقانمىدۇ؟ . . . ئۇ رەسىمنى تاماشا قىلغۇچىلار ئۇنىڭدىن مەن ئالغان زوقنى ئالامدىغاندۇ؟ مەن كۆرگەن، رەسىمدە بولمىغان قۇياشنى كۆرەمدىغاندۇ؟ ئۆزىنى ئۇ رەسىمنىڭ ئىچىدە ھېس قىلامدىغاندۇ؟

قېرىۋاتىمىز، ئەپسۇسكى، قېرىشنىڭ ئالدىنى ئالالمايۋاتىمىز. بۇ، ئەسلىگە كەلمەيدىغان ۋە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان بىر قېرىش.

ھازىر ناھايىتى ئېغىر كېسەلمەن. دوختۇرلار قىزىتمامنى چۈشۈرەلمەيۋاتىدۇ. كەچۈرمىشلىرىمنىڭ چۈش ياكى رېئاللىق ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمەيمەن. چۈش بىلەن رېئاللىقنى بىر - بىرىگە ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ قويىمەن. ئېھتىمال قىزىتمامنىڭ ئۆرلىشى بىلەن، ئويغاق بولساممۇ چۈش كۆرگەندەك بولۇپ، رېئاللىق بىلەن رېئاللىقتىن سىرتقى ئىشلارنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ قويسام كېرەك. يەنىلا بىر تەسەللىيىم بار، ھەر ھالدا رېئاللىق بىلەن رېئاللىق سىرتىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ قويغانلىقىمنى ھازىرچە پەرق ئېتىۋاتىمەن. بۇمۇ ئېسىمنىڭ جايىدا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. سەرگۈزەشتىلىرىمنىڭ قايسىسىنىڭ چۈشۈمدە، قايسىسىنىڭ رېئال تۇرمۇشتا بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمىگەنلىكىمنى باشقىلارغا ئېيتمايمەن ۋە ئۇنى باشقىلارنىڭ ئاڭلىشىدىن قورقىمەن. چۈنكى ئۇلارنىڭ ماڭا ئىچ ئاغرىتىشىنى خالىمايمەن.

بارغانسېرى رېئاللىق بىلەن ئالاقەمنىڭ پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ، تەساۋۋۇرلار ئىچىگە چۆكۈپ كېتىۋاتقانلىقىمنى ئويلايمەن.

كىشى سەھەردە ئۆز ئۆيىدە ئۇيقۇدىن ئويغانغىنىدا، ئەينى ئۆينىڭ ئەينى تورۇسىنى، تاملىرىنى، تارىنىش ئۈستىلىنى، دېرىزە ۋە پەردىلىرىنى كۆرسە، مانا بۇ ئوخشاشلىق ھاياتلىقنىڭ بىر قېلىپتا تەكرارلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ھەر سەھەر ئويغانغىنىمىزدا، ئۆزىمىزنى ياتقان يېرىمىزدىن باشقا بىر يەردە كۆرسەك ئىدۇق، ئۇ چاغدا بۇ ھەقىقىي ھاياتلىق بولماي، تەساۋ-

ۋۇرلار ئالىمىدە ياشىغانلىق بولاتتى.

دەسلەپ، ھاياتىم رېئاللىق بىلەن تەساۋۋۇرلار ئارىسىدا ئۇ-زۇك - ئۈزۈك داۋاملىشاتتى. كېيىنچە ئۇ تەساۋۋۇرلارنى ياكى چۈشلەرنى داۋاملىق كۆرۈشكە باشلىدىم. باشقا - باشقا چۈشلەر ئەمەس، ھەمىشە بىر خىل چۈشنى كۆرىمەن.

ھەمىشە بالىلىق چاغلىرىمدا ساتىراشخانىدا تاماشا قىلىدىغان ھېلىقى رەسىم ئېچىدىمەن. رەسىمدىكى قاتلىنىدىغان ئورۇندۇقتا قىپيالىڭاچ سوزۇلۇپ ياتاتتىم. بىراق، شۇنچە يىللاردىن ھازىر-قى كېسەللىكىمگىچە ئۇ رەسىمنى خىيالىمغا زادى كەلتۈرمىگەنىدىم. تېگىمدىكى ۋە يېنىمدىكى ئاپئاق لۆڭگىلەر قۇمغا ساڭگىلاپ تۇراتتى. چەكسىز چۆلنىڭ خالىغان بىر يېرىدە مەندىن باشقا ھېچنەرسە كۆرۈنمەيتتى. يېشىل قۇملار بىلەن قاپلانغان يېشىل چۆلنىڭ پايانسىزلىقىنى بۇزغان يالغۇز مەن ئىدىم. شۇنداق بىر يېشىللىق ئىچىدە ئىدىمكى، چۆلنىڭ قەيەردە توختاپ، ئاسماننىڭ قەيەردە باشلانغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. يېشىللىق ئوڭ تەرد-پىمگە قاراپ قويۇقلىشاتتى. كۆرۈنمەيدىغان قۇياشنىڭ ھارارىتى ۋە قۇملاردىن چىققان ئىسسىقلىقنىڭ تەپتى تېرىلىرىمنى كۆيدۈ-رەتتى.

چۆلدىكى ھېلىقى ئورۇندۇقتا قىپيالىڭاچ چالا ئۇيقۇدىمەن. ئىمىنى چۈشۈمدە، ئىمىنى تەساۋۋۇردا، ئىمىنى رېئاللىقتا كۆرۈ-ۋاتقانلىقىمنى پەرق ئېتەلمەيمەن.

ئۇنىڭ ئاياغ تاۋۇشىنى تۇيمىغانىدىم. دېمەك، يالاڭئاياق بول-غاچقا قۇمدا ماڭغىنىدا ئاۋاز چىقارمىغان ياكى ئاياغ تاۋۇشىنى ئاڭلىماسلىقىم ئۇچۇن پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كەينىمدىن جىم-جىت كەلگەنىدى. تۇيۇقسىز ئىككى قول كۆزلىرىمنى ئېتىۋې-لىپ، كەينىدىن بىر ئايال سورىدى:

— تاپقىنا، مەن كىم؟

سەمىمىي مۇئامىلىسىگە قارىغاندا، بۇ ئاۋازىدىن تونۇشۇمغا

تېگىشلىك بىر ئايال ئىدى. ئۇ ئىنچىكە ۋە يۇمران بارماقلىرىنى كۆز قاپاقلىرىمغا باساتتى، مەڭزىلىرىم ۋە مۇرىلىرىمگە يالىڭاچ بىلەكلىرى تېگەتتى. دۇمبەمگە كۆكرەكلىرىنىڭ سۇركىلىۋاتقىنىنى سېزەتتىم ۋە كۆكرەك توپچىلىرى ئۇچامدا مىدىرلىغانچە غىدىقىم كېلەتتى. دېمەك، ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش قىپيالىڭاچ ئىدى. بۇ ئايال كىمدۇ؟ گۇگۇم چۈشكەن بۇ چاغدا يېشىل چۆلنىڭ يېشىل قۇملىرى ئۈستىدە سۆيۈشىدىغانلىقىمىزنى ئويلىدىم. لېكىن، كىملىكىنى، ئىسمىنى بىلىشىم كېرەك ئىدى.

كىملىكىنى ئاۋازىدىن تونۇۋېلىش ئۈچۈن يەنە بىر ئاز گەپ قىلدۇرۇشۇمغا توغرا كەلدى.

— تونۇماسلىقىم مۇمكىنمۇ، ئەلۋەتتە سەن! — دېدىم.

ئۇنىڭ ھاياتىمدىكى بىردىنبىر مۇھىم ئايال ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرماقچى ئىدىم. چاقچاق ئارىلاش كۈلكىسى يېشىل چۆلدە ئەكس سادا بىلەن ياڭراپ، قۇملاردا غايىب بولدى. ئۇنى مۇشۇ كۈلكىسىدىن تونۇدۇم. ئۇ مەن ھەمىشە «ئىسسىق مۇز» دەيدىغان ئايال ئىدى. ئالاقىمىزنىڭ دەسلەپىدىلا مەن ياخشى كۆرۈپ قالغان بۇ ياش ئايالنىڭ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، چۈشىنىش قىيىن بىر ئايال ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانلىقىم ئۈچۈن ئۇنى «مۇز» دېگەنىدىم. ئۇ چۈشىنىش قىيىن بولغان تەرەپلىرىنى يوشۇرۇپ مەلۇم قىلمايدىغان، خۇددى سوغۇق دېڭىزلاردىكى مۇز پارچىلىرىدەك بىر ئايال بولۇپ، مەلۇم قىلمىغان تەرەپلىرى مەلۇم تەرەپلىرىدىنمۇ كۆپ ۋە چۈشىنىكسىز ئىدى. بىراق مۇزنىڭ سوغۇقلىقىغا قارىغاندا ئۇ يەنىلا ئىسسىق ئىدى، ياش ئىدى ۋە گۈزەل ئىدى. ئىككىلىمىز كەيپ بولۇپ قالغان بىر كېچە ئۇنىڭغا: «سەن ئىسسىقىنە بىر پارچە مۇز!» دېگەنىدىم. ماڭا ئوخشاش ياشانغان بىر ئەرنىڭ بۇنداق ئىسسىق مۇزغا كۆيۈپ قېلىشىنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتىنى تېزلا چۈشەنگەنىدىم. بۇنداق بەختىيارلىقنىڭ بەدىلىنى كۆرۈپ يېتەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن «ئىس-

سىق مۇز»نى نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئىزدەپ سورىمىغانىدىم. ئۇنىڭدىن قورقىدىغانلىقىمنىمۇ ئۆزىگە ئوچۇق ئېيتقانىدىم. بىراق، ھازىر ئۇ بۇ تەنھالىقىمدا ھەمدە گۇگۇم چۈشكەن چاغدا كېلىپ مېنى تاپقانىدى.

«سەن ئەلۋەتتە، ئىسسىققىنە مۇز!» دەپ ۋارقىراپ، كۆزلىرىمنى ئېتىۋالغان قوللىرىنى تۇتۇپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ قۇچاقلىشىش، سۆيۈشۈش ۋە يېشىل چۆل قۇملىرىنىڭ ئىسسىقلىقىغا ئىختىيارى ھالدا سوزۇلۇپ يېتىپ يالىڭاچلىقىمىزغا گۇگۇمنى يوپۇق قىلىش نىيىتىگە كەلدىم. بىراق ئۇ بولماي قالسىچۇ؟ يەنە بىر ئاز گەپ قىلدۇرۇپ ئاۋازىدىن تونۇۋېلىش ئۈچۈن تەكرارلىدىم:

— ئەلۋەتتە سەن!

— ئەلۋەتتە مەن، بىراق مەن كىم؟

ئۇ ئاۋازىنى ئۆزگەرتكەنىدى. ھېلىمۇ ياخشى «سەن ئىسسىققىنە مۇز!» دېمەپتىمەن.

بۇ كىمنىڭ ئاۋازىدۇ؟ ناھايىتى ئۇزاقلاردىن تونۇيدىغان، قىرىق ـ ئەللىك يىللاردىن ئاۋۋالقى ياشلىق قەلبىمنى ئويغاتقان بىر ئاۋاز ئىدى. . . تونۇدۇم. مەن ئۇنى «گۈلۈم» دەيتتىم. شۇ قەدەر گۈزەل بىر گۈل ئىدىكى، بىراق پۇرىقى يوق ئىدى. ئۇ مېنىڭ «تەڭداشسىز گۈزەل ئەخمىقىم» ئىدى. ئۇ ئادەم ئايىغى باسمىغان، چىققىلى، يەتكىلى بولمايدىغان چوققىلاردىكى بۇلاقلاردىن ئېتىلىپ چىققان سۇلاردەك تازا ۋە پاك، شۇنداقلا ھاياتىمنىڭ ئەڭ ياش ۋە ئۈمىدلىك يىللىرىنى ئورتاقلاشقان. . . ھاياتىمنىڭ تۇنجى خىيانەت خەنجىرىنى سېلىپ، ماڭا يىگىتلىكتە يېتىلىشىمنىڭ تۇنجى قەدىمىنى باستۇرغان. . . ئۇزۇن يىللاردىن كېيىن كېلىپ، پۇشايمان قىلىپ يىغلىشى مەندە ھېچقانداق ئېچىنىش تۇيغۇسى قوزغىمىغان بىر قىز ئىدى. ئۇ ئەمدى مېنى بۇ گۇگۇم تەنھالىقىدا قانداق تاپالىغاندۇ!

يالڭاچ تېنى يالڭاچ تېنىمگە تەگكەن بۇ ئايال راستىنلا مېنىڭ ئاشۇ بىر چاغلىرىمدىكى «تەڭداشسىز گۈزەل ئەخمىقىم» مىدۇ؟

— گەپ قىلىڭ، بىر نېمە دەپ بېقىڭ — دە، سىزنى تونۇۋالاي.

— نېمە دەي؟ نېمە دېيىشىمنى خالايسىز؟

ئېھ... بۇ باشقىچىلا بىر ئاۋاز... ھە، تونۇدۇم، جەزمەن شۇ. يۈرەكنى جىغىلدىتىدىغان ئىللىق، مۇلايىم، يېقىملىق سىدلىغان، سۆيگەن ئاۋازى بار... شۇڭا ئۇنى «يېقىملىقىم» دېگەنىدىم. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر تۈن يېرىمىدىن كېيىن تونۇشقان ۋە چىرايىنى كۆرمەي ئاۋازىنى ئاڭلىغانىدىم. ئىشخانامدا ئۈستەل چىرىغىنىڭ يورۇقىدا ئىشلەۋاتاتتىم، ئىشىكنىڭ ئېچىلغانلىقىنىمۇ تۇيمىغانىدىم. كەينىمنىڭ سول تەرىپىدە، ئىشىك بار يەردىن ئاۋازنى ئاڭلىدىم. يۈرەكنى جىغىلدىتىدىغان ئىللىق، مۇلايىم بىر ئاۋاز... كەينىمگە بۇرۇلۇپ قارىدىم. ئۇ ئۈستەل چىرىغىنىڭ يورۇقى سىرتىدىكى قاراڭغۇدا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى كۆرەلمىدىم. بۇ ئاۋاز ئۆيۈمدىكىلەرنىڭ ھەتتا بۇ دۇنيادا ياشايدىغان باشقا بىرىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق بىر ئاۋازنىڭ ئىگىسى پەقەت نامەلۇم بىر پىلانېتتىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

ئورنۇمدىن تۇرۇپ چىراغ كۇنۇپكىسىنى باستىم. ئالدىمدا بۇدرە چاچلىق، ئاپئاق، ياشقىنا بىر گۈزەل ئايال تۇراتتى. ئۇ كېچە ئۇ يەردە بىرىنچى قېتىم كۆرگەن ئۇ ئايالنىڭ ئىككى قولىنى ئالقىنىمغا ئېلىپ: «سىزنىڭ ئىسمىڭىز ‹يېقىملىقىم!›» دېدىم. باشقا بىر كىشىنىڭ ئاۋازى بىلەن باشقا بىر كىشىنىڭ ھەرىكىتىنىڭ ئۇ گۈزەل بەدەندە مۇجەسسەملەشكەنلىكىنى خېلى كېيىن چۈشەندىم. دەرۋەقە، ئاۋازى بىلەن ھەرىكىتى بىر - بىرىگە شۇ قەدەر زىت باشقا ئادەمنى كۆرمىگەنىدىم.

ئاريدىن شۇنچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، گۇگۇم چۈشكەن ۋاقىت-تىكى تەنھالىقىمغا نېمىشقا كەلگەندۇ؟ بىر ئاسما چىراغ خىرۇس-تالدەك ئىشلىنىش، ئالماستەك كېسىلىش ياكى زىننەت بۇيۇمى-دەك نەقىشلىنىش ئۈچۈنمۇ؟ بىراق، ھازىر بەك كې-چىكتى. . .

— دېمەك، ئاخىرى كەپسىز دە. . . — دېدىم.

— ھەئە، كەلدىم. . . — دېدى ئۇ.

بىراق، بۇ ئاۋاز «يېقىملىقىم» نىڭ ئەمەس ئىدى. تونۇدۇم، بۇ «ئۇجمەم» نىڭ ئاۋازى. ئۇ دەل ئاتاقلىق كىشىلەرنىڭ دوستى بولۇش ئۈمىدىدە بولمىغانلىقىمنى ئېيتقان قىز. . . ئۇنىڭ «دوس-تى» دېگىنى «سۆيگۈنى» دېگەنلىك ئىدى. سېرىق چاچلىرى ئارد-سىدىكى داغلىق يۈزىنى ئەتىگەنلىك شەبنەمدە سېپىدا تۇرغان ئۇجمىگە ئوخشاتقانلىقىم ئۈچۈن ئۇنى «ئۇجمەم» دەيتتى. ئۇجمەم ئۈچۈن ئىسپانىيىدە تۇرالغۇ ساراي سالدۇرغانىدىم. مېنى خىيا-لىي سارايىمنىڭ قۇرۇلۇش مۇتەخەسسىسى بولۇشقا قىزىقتۇرغان ئۇ ئۆزى ئىدى. بىز دېڭىز بويىدا شېغىللارنىڭ ئۈستىدە دۈم ياتقان ھېلىقى كۈنى ئۇجمەم ئۈچۈن ئىسپانىيىدە سالغان ساراي بىردىنلا ئۆرۈلۈپ چۈشكەنىدى. ئۆرۈلۈپ چۈشكەن سارايىمنىڭ تېگىدە يەن-جىلىپ كەتمىدىم، چۈنكى مەن ئۇ خىيالىي سارايىمنىڭ ئىچىگە كىرمەي باغچىسىدا، چىمەنزارلىقىدا سەيلە قىلىپ يۈرگەنىدىم. كۆپ ئىش كۆرگەن بۇ ياش ئايالدىن يىراقلىشىشىمنىڭ مەن ئۈچۈن خۇشاللىق ئىش ئىكەنلىكىنى كېيىن بىلدىم.

— تاپقىنا، مەن كىم؟ — دەپ سوئالىنى تەكرارلىدى ئۇ.

ياق. . . بۇ ئۇجمەمنىڭ ئاۋازى ئەمەس. ئۇنداقتا كىمنىڭ ئاۋازىدۇ؟ تونۇيالمىغانلىقىمنى ئېيتسام، خاپا بولۇپ قېچىپ كې-تىشى مۇمكىن دەپ قورقاتتىم.

— يەنە بىر قېتىم سوراڭە. . .

— مەن كىم؟

ئېنىق تونۇدۇم.

«مۇردام» نىڭ ئاۋازىنى نېمىشقا شۇنچە ئۈزۈنغىچە باشقا بىرىنىڭ ئاۋازى دەپ ئويلىغاندىمەن... ئۇنى نېمىشقا «مۇردام» دەيدىغانلىقىمنى بىلمەيمەن، ھەر ھالدا شۇنداق دېگۈم كەلگەندى. ئۇ ماڭا: «كاشكى قىرىق ياش كىچىك بولسىڭىزچۇ...» دېگەن ئايال ئىدى. ئۇنىڭ ئۇچۇن قولۇمدىن كېلىدىغانلىكى ئىشنى قىلاتتىم، لېكىن قىرىق ياش كىچىكلەش قولۇمدىن كەلمەيتتى. بەلكىم ئۇن يىلدىن كېيىن ئۇمۇ بۇ ئارزۇسىدىن ۋاز كەچكەن بولاتتى، بىراق ئۇ چاغدا قۇياش پېتىپ كېتىدىغانلىقى ئۇچۇن قاپقاراڭغۇ چۆلدە يېشىل قۇملارنى كۆرەلمەيتتى.

— خوپ، لېكىن ئەمدىچۇ!... ئېيتىڭە، مەن كىم؟

بۇ ئاۋازنى شۇئان تونۇدۇم. ئۇ ھەممىشە كوماندا بەرگەندەك گەپ قىلىدىغان «زەھەرلىك كاكتۇس» ئىدى. كۆكسىنىڭ تىكەنلىرى ئۇچامغا سانجىلمىسۇن دەپ ئالدىمغا ئىگىشتىم. ئۇنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇش ئۇچۇن ئورنۇمدىن تۇرماقچى بولۇپ مىدىرلىغىنىمدا:

— كىملىكىمنى ئېيتمىسىڭىز قويۇۋەتمەيمەن! — دېگەن بۇ يالىڭاچ ئايال ئۇستۇمگە ئۆزىنى تاشلىدى.

بۇ، مەن ئۇنىڭ ئاۋازىدىنمۇ بىزار بولغان ھېلىقى بۇغداي ئۆڭلۈك گۈزەل «قارا بورىنىم» ئىدى. ئۇ شۇ قەدەر پائالىيەتچان ئىدىكى، مەن ئولتۇرغان يېرىمدە ئۇنىڭغا قاراپ چارچاپ كېتەتتىم. بىر سائەتتە قىلىدىغان سۆزنى ئونبەش مىنۇتقا، بىر كۈندە قىلىدىغان ئىشنى بىر سائەتكە قىسقارتىشقا تىرىشىدىغانلىقى ئۇچۇن بوراندەك ھەرىكەت قىلاتتى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان ئۈچ كۈننى ئۈچ ئاي دېسە بولاتتى.

قوللىرى بىلەن كۆزۈمنى ئېتىۋېلىپ، «تاپقىنا، مەن كىم...» دېگەن بۇ ئايالنىڭ ئاۋازى ھەر بىر گەپ قىلغىنىدا

ئۆزگىرىپ، باشقا بىر ئايالنىڭ ئاۋازىدەك چىقاتتى.

بۇ بولسا، ئاۋازى بىلەن شەھۋانىي ھەۋەسنى قوزغىتىدىغان «ئۇمىقىم»نىڭ بوغۇق ئاۋازى... بۇ بولسا، ئەڭ ئۇمىدسىز، ئەڭ تايانچىسىز قالغان چاغلىرىمدا تېلېفون بېرىپ ئاۋازىنى ئاڭلىغۇم كېلىدىغان، لېكىن ئاۋازىنى ھەربىر ئاڭلىغىنىمدا خەتەرلىك يارنىڭ تېگىگە چۈشكىم كېلىپ كېتىدىغان بىر چاغلىرىمنىڭ ئىلاھەسى... بۇ بولسا، ھەممىشە كۈلۈپ تۇرىدىغان سىردىشىمنىڭ ئاۋازى... غايىب بولغان خۇشاللىقىمنى قايتا تېپىپ بېرىدىغان خانىشىمنىڭ ھەسرەتلىرىنى ئۇرۇقچىدەك يوشۇرۇپ، كۈلۈمسىرىشى بىلەن ياپىدىغان ئاۋازى... ئېھ، ئاشۇ گۈل چىرايىمنىڭ ئاۋازى... ئۇنىڭ ئالاقىمىزنىڭ تەرەققىياتىدىن ھېس قىلغان قورقۇنچىسى ئاۋازىنىڭ تىترەشلىرىدىن مەلۇم ئىدى.

— تاپقىنا، مەن كىم؟

بۇ ئاۋازنى شۇئان تونۇدۇم... مەن قاچانلىكى ئۇنىڭغا تېلېفون قىلسام، ئاۋازىمنى شۇئان تونۇپ، ئاۋۋال بىر «ئاھ» دېگەندىن كېيىن ئىسمىمنى ئېيتاتتى. ئىسمىمدىن ئاۋۋال ئاشۇ «ئاھ» دېگىنىگە خۇشال بولاتتىم. مەن ھېلىقى ئۈچ گۈزەلنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن بۇ ئايالغا ئۆمۈر بويى ئاشىق ئىدىم. چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىشىمىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى ۋە بۇ ئىمكانسىزلىق تۈپەيلىدىن ئۇ مۇھەببىتىمىز ھەممىشە داۋاملاشسۇن دەپ خۇشال كۆرۈنەتتى. ئۇمىدۇ؟ ئىسمىمنى دېگۈزەلىسەم ۋە ئىسمىمنى دېيىشتىن ئاۋۋال «ئاھ» دېسە ئەلۋەتتە شۇ. ئۇنىڭ بىلەن بۇ يېشىل چۆلدە... شۇنداق، ئىسمىمنى ئېيتتى. بىراق ئاۋۋال «ئاھ» دېمىدى...

ئۇنداقتا كىمدۇ؟ ھە... ئەمدى تونۇدۇم. ئۇ «ماقۇل» دېگىنىدە «ق»نى يۇمشاق ئېيتاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ «ماقۇل» دېگىنىگە قىزىقاتتىم. قانداق قىلىپ «ماقۇل» دېگۈزۈپ ئۇنىڭ ئۇ ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىنى ئۇقارمەن؟

— كىم ئىكەنلىكىڭىزنى تاپسام كۆزلىرىمنى قويۇۋېتىسىز،
ماقۇلمۇ؟

— ماقۇل!

ئېھ، بۇ «ماقۇل» ئۇنىڭ ماقۇلى ئەمەس، لېكىن بۇ بىر سۆزدىنلا ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تونۇدۇم. يەنە بىر ئاز گەپ قىلدۇرغاندىن كېيىن ھېچ گۇمانىم قالمىدى. چەت ئەلدىكى بىر يەردە مەن ئۇنىڭ بىلەن ئىككى كۈن بىللە يېتىش پالاكىتىگە ئۇچرىغان ھېلىقى گۈزەل يۈزلۈك، لېكىن ئاۋازى ناھايىتى سەت ئايال. . . ئۇنىڭ ئاۋازى شۇ قەدەر سەت ئىدى ۋە شۇنداق كۆپ سۆزلەيتتىكى، ئۇ گەپ قىلغاندا قۇلاقلىرىمنى ئېتىۋالغۇدەك بولاتتىم. چىرايى شۇنداق گۈزەل ئىدىكى، ئاۋازى چىرايىنى، چىرايى ئاۋازىنى ئىنكار قىلاتتى. ئەڭ ياخشىسى، بۇ ئايالنى تونۇيدىغانلىقىمنى ئېيتماسلىقىم كېرەك ئىدى. بۇ گۈزەل ئايالنىڭ سەت ئاۋازى يېشىل چۆلنىڭ پۈتۈن گۈزەللىكىنى بۇزاتتى.

— ياق، سىزنى تونۇيالمىدىم. . .

— قانداق بولغىنى؟ . . . تونۇيسىز.

— ئاپلا. . . بۇ ھېلىقى قاۋاقخانا قىزى. نەق قىرىق يەتتە يىلنىڭ ئالدىدا. . . بۇ ئاۋاز خاتىرەمنىڭ قەيەرلىرىدە ساقلىنىپ قالغاندۇ! بەلكىم ئۇ ئاۋازنىڭ ئىگىسى بۇ چاغقىچە ئالەمدىن ئۆتكەندۇ دەپ ئويلايتتىم، لېكىن ئاۋازى ئەڭ يوشۇرۇن بىر يېرىمدە ساقلىنىپ قاپتۇ. بۇ ئاۋازنى شۇنچە يىللاردىن بېرى زادى خىيالىمغا كەلتۈرمىگەندىم. بۇ، توم، قوپال، تىكەندەك بىر ئاۋاز ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئاۋازى مەندە شەھۋانىي ھېسسىياتلار قوزغايتتى. ئۇ گەپ قىلغاندا ماڭا خۇددى يېشىنىپ قېپيالىڭاچ بولغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بۇ قاۋاقخانا قىزىنىڭ ئاۋازىنى قىرىق يەتتە يىلنىڭ ئالدىدا بىر - ئىككى قېتىم كۆرۈش-كىنىمدە ئاڭلىغانىدىم. قانداقتۇ ئۇ مېنى بۇ يېشىل چۆلدە مۇ-شۇنداق قېپيالىڭاچ ھالدا تاپقانىدى.

ئۇنى يەنە گەپكە سالدىم. گەپ قىلدى. ياق، ئۇ قاۋاقخانا قىزىمۇ ئەمەس ئىدى.

كۆزلىرىمنى ئېتىۋېلىپ «مەن كىم» دەپ سورىغان بۇ ئايال كىمدۇ؟ مېنى بۇ گۇگۇم چۈشكەن ۋاقىتتىكى تەنھالىقىمدا قانداق تاپقاندۇ؟ ئۇنىڭ ئاۋازىدا مەن بىر چاغلاردا سۆيگەن پۈتۈن ئايال-لارنىڭ ئاۋازلىرى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ قايسىسى ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم. ئەڭ ياخشىسى، كۆزلىرىمنى ئېتىۋالغان قوللىرىنى تۇتۇپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇنى تونۇشۇم كېرەك. قولۇمنى سو-زۇپ، ئىككى بىلىكىنى تۇتتۇم.

ئۈمىدسىز بىمارغا قاراۋاتقان مەخسۇس ھەمشىرە بىمارنىڭ يېنىدىن ھاياجان بىلەن چىقتى ۋە كاربىدوردىن يۈگۈرۈپ زالغا كىردى. بىمارنىڭ تۇغقانلىرى قاتتىق ماتەم جىمجىتلىقى ئىچىدە زالدا كۈتۈپ ئولتۇرۇشاتتى. نېمىنى كۈتۈشەتتى، ياشانغان بى-مارنىڭ ئۆلۈمىنى...

زالنىڭ ئىشىكىنى ئىتتىك ئېچىپ كىرگەن ياش ھەمشىرە ئۇ يەردىكىلەرنىڭ تاشتەك قېتىپ ئولتۇرغان ئېچىنىشلىق جىم-جىتلىقى بىلەن ئۇچراشقىنىدا ئاۋۋال نېمە دېيىشىنى بىلمەي، ئىشىك ئالدىدا ئىككى قولىنى سول كۆكسىنىڭ ئۈستىگە قوشتۇ-رۇپ تۇردى.

زالدىكىلەر ھەمشىرىنىڭ بۇ تۇرۇشىدىن، ئاللىقاچان ئۈمىد-لىرىنى ئۈزگەن بىمارنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى چۈشەندى.

ياشانغان بىر ئايال لەۋلىرىنى تىترىتىپ سورىدى:

— نەپەسى توختىدىمۇ؟

— ياق، ياق... — دەپ ۋارقىرىدى كۆزلىرى كۈلگەن ھەمشىرە، — مۇبارەك بولسۇن... قۇتقۇزۇلدى... داكا بىلەن پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتۈۋاتاتتىم، قوللىرىمنى ئىككى قولى بىلەن تۇتتى... ھەتتا...

ھەمشىرە جىم بولۇپ قالدى. ئەمما ئۇ ئەندىشىلىك قاراش-

لارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشكە مەجبۇر ئىدى:
— ھەتتا. . . مېنى ئۆزىگە تارتتى. . . ئاندىن. . .
ئۇ يەنە جىم بولۇپ، بېشىنى تۆۋەنگە قارىتىپ:
— سۆيدى. . . — دەپ پىچىرلىرى.
زالدىكىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ھەمشىرە ئالدىدا، ئۇ-لار كەينىدە مېڭىشىپ بىمارنىڭ ياتىقىغا كىرىشتى. ياشانغان بىمار ئۇخلاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ چىرايىدا بىلىنەر - بىلىنمەس بىر كۈلۈمسىرەش بار ئىدى. ئۇلار ئاۋاز چىقارماسلىق ئۈچۈن پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ سىرتقا چىقىشتى، ھەمشىرە بىمارنىڭ يېنىدا قالدى.
كۈن پاتقانىدى. ھەمشىرە پەردىلەرنى چۈشۈرۈپ چىراغلار-دىن بىرىنى ياندۇرۇپ، بىمارنىڭ كارىۋىتىنىڭ يېنىدىكى ئورۇن-دۇقتا ئولتۇردى ۋە ئۇنىڭ ئۆزى تەرەپتىكى بىلىكىنى سىلاشقا باشلىدى. ياشانغان بىمار كۆزلىرىنى ئېچىپ:
— ئاۋازىڭىزدىن تونۇۋالدىم. . . — دېدى.
ھەمشىرە ئانچە چۈشەنمىگەن بولسىمۇ يەنىلا سۆيۈندى.

# تۇلسۇنى سۆيىمەن

قەدىرلىك ۋ. د:

«سېنى سۆيىمەن تۇلسۇ» دەپ يېزىلغان تېلېگراممىنى ئالغىنىڭىزدا بۇ نېمە گەپتۇ دېيىشىڭىز مۇمكىن. تۇلسۇ دېگەن كىمدۇ دەپ ھەيران قالغانسىز.

راستىنى ئېيتقاندا، بۇ ئەقلى جايىدا كىشى قىلىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى. لېكىن ئۇ تېلېگراممىنى يوللىغىنىمدا ئەقلىم دەل جايىدا ئىدى دەپ ئېيتالمايمەن. ئۇ كۈنى جۆيلۈپ قوپۇپ كەتكەندەك ئىدىم. ئۇ تېلېگراممىنى سىزگە ئىختىيارىم سىرتىدا يوللىدىم.

ماڭا يات بولغان دۇنيانىڭ بۇ مەشھۇر ئاۋات شەھىرىدە بىر ھەپتىدىن بېرى تۈنجى قېتىم شۇ كېچە ئۆزۈم يالغۇز قالغانىدىم. يات بىر شەھەردە كىشىنىڭ يالغۇزلۇقى تېخىمۇ تەس بولىدىكەن. يالغۇزلۇقتىن ئەتراپىمدىكى ھاۋا گويا قويۇقلىشىپ كەتكەندەك مېنى قىينايتتى ۋە مەن بۇ قويۇقلۇق ئىچىدە ئاران مىدىرلايتتىم. بۇ روھىي ھالەت ئىچىدە ھوشۇمنى مەي بىلەن بىخودلاشتۇرۇپ ئۆزۈمنى ئۇنتۇشتىن باشقا ئامالىم يوق ئىدى. ئۆزۈم ياتقان مېھمانخانىنىڭ ئەتراپىدىكى قىممەت باھالىق رېستورانلارغا، مەيخانىلارغا بارغۇم كەلمىدى. چۈنكى يېپيېڭى ئادەملەر، يېپيېڭى داستىخانلار، يېپيېڭى پاراڭلار ئىچىدە ئەمەس، قۇرۇق باسقان ئادەملەر، پۇرلىشىپ كەتكەن داستىخانلار، قۇرۇق پاراڭلار ئارىسىدا يالغۇزلۇقتىن قۇتۇلماقچىدىم.

يان كوچىلارغا كىرىپ كەتتىم. شۇ ھالدا بىر مەزگىل ئۆتۈپ، ئۇ ئەڭ چوڭ شەھەرنىڭ قوينىدا ئۆزۈمنى يوقاتتىم. ماڭا

يات بولغان بۇ چوڭ شەھەردە ئۆزۈمنى ئاۋامنىڭ ئېقىمىغا تاشلاپ
غەرق بولاتتىم ـ دە، ھالىمدىن كەتكەندە بىر تاكسىغا ئولتۇرۇپ
مېھمانخانىغا قايتىپ كېلەتتىم.

كۆڭلۈم تارتىدىغان بىر قانچە مەيخانىلىرى بار بىر جاينى
تاپتىم. بەزىلىرىنىڭ ئىشىكىدىن كىرىپ، بەزىلىرىنىڭ ئىس
قاپلىغان دېرىزە ئەينەكلىرىدىن قاراپ يۈرۈپ، ئاخىرى ئۆزۈم
يالغۇز ئولتۇرىدىغان بوش ئۈستەللى بار بۇ ئورۇننى تاپتىم. ئۇ
يەردە يالغۇز بىرلا بوش ئۈستەل قالغانىكەن. ئۇ مەيخانىنىڭ
كىيىم ـ كېچەك ساقلايدىغان جايىغا ئۆتىدىغان يولى ئۈستىدە
بولغاچقا بوش قالغان بولسا كېرەك. مەن شۇ يەرنى ياقتۇردۇم.
مەيخانىنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭىغىمۇ ھاراق پۇرىقى سىڭىپ كەتكە-
نىدى. ياتلىقىمنى يۈزۈمگە سالىدىغان ھېچكىم يوق ئىدى. بۇ
يەردە ئۈچ خىزمەتچى ئايال ئىشلەيدىكەن. بۇلاردىن ئاق دېڭىز-
لىقلارغا خاس بۇغداي ئۆڭلۈك كەلگەن ئايال خىزمەتچى ئۈستى-
لىمگە كېلىپ نېمە كېرەكلىكىنى سورىدى. ئارىلاشما ئېرىمچىك
بىلەن خام سەي، ئاق ھاراق بۇيرۇدۇم. بۇيرۇغىنىمنى كەلتۈر-
گەن خىزمەتچى ئايال بىر تال قىزىل كارانفىل گۈلى سېلىنغان
كىچىك ئەينەك گۈلدان ئەكېلىپ قويۇشنىمۇ ئۇنۇتمىغانىدى.
رەھمەت ئېيتتىم. ئۇ كەلتۈرگەن گۈل چىرايلىق چوڭ كارانفىل-
دىن ئەمەس، خۇش پۇراقلىق كىچىك كارانفىل ئىدى. پۈتۈن
ھىدىنى سۈمۈرۈۋالغۇدەك قېنىپ پۇرىدىم. ئىچىملىكتىن
ئاستا ـ ئاستا ئېسىمنى يىغىۋالدىم. يۈزۈم ئىشىككە قاراپ تۇرات-
تى. ئىشىكنىڭ ئېچىلغانلىقىنى كۆرمىگەنىدىم، لېكىن ئىشىك-
نىڭ ئالدىدا تۇرغان بىر ئادەمگە كۆزۈم چۈشتى. ئۇ مەن دېمەت-
لىك بىر كىشى بولۇپ، ئۆرە تۇرغىنىچە ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ
بوش ئۈستەل ئىزدەيتتى. مەن بار جايىنى مۆلچەرلىسە كېرەك،
يېنىمغا كەلدى.

— رۇخسەت قىلسىڭىز، يېنىڭىزدا ئولتۇرسام قانداق؟ —

دېدى ئۇ.

مەن خۇشياقمىغاندەك:

— مەيلىڭىز، مەرھەممەت. . . — دېدىم.

يالغۇزلۇقۇمنى ئورتاقلاشقۇم يوق ئىدى. بايا مۇشۇنداق بە-رى ئىچىمنى پۇشۇرۇۋېتكەنىدى. يېڭى كەلگەن ئادەم رەھمەت ئېيتىپ ئۇدۇلۇمدىكى ئورۇنغا ئولتۇردى ۋە بوغداي ئۆڭلۈك ئايال خىزمەتچىگە خۇددى ماڭا ئوخشاش ئاربىلاشما ئېرىمچىك، خام سەي، ئاق ھاراق بۇيرۇدى.

ئۇمۇ كارانفىل گۈلىنى ماڭا ئوخشاش چوڭقۇر - چوڭقۇر پۇراپ:

— مەن بۇ پۇراقلىق كىچىك كارانفىلنى چىرايلىق ۋە چو-ڭىدىن ئەۋزەل كۆرىمەن، — دېدى، — ئاۋۇسى ئۆزىنى كۆرسەت-مەكچىدەك يوغان ۋە چىرايلىق بولسىمۇ، لېكىن ماۋۇ كىچىك-دەك خۇش پۇراقلىق ئەمەس. كىچىكلىرى كىچىك پېئىللىقلار-دەك تۇس بەرگەن بىلەن ھەر ھالدا ھۇپپىدە پۇرايدۇ. . .

ئۇ تولدۇرۇلغان ھاراق رومكىسىنى كۆتۈرۈپ:

— خوشە! — دېدى.

مەنمۇ رومكانى ئۇنىڭكى بىلەن ئۇرۇشتۇرۇپ:

— خوشە! — دېدىم.

ئەمدى ئۇنىڭ ئاغزى ئېچىلىدىغان بولدى. بۇ شەھەرلىك ئەمەسكەن، بۇ يەرگە كەلگىلى بىر ھەپتە بوپتۇ.

— مەنمۇ شۇنداق، — دېدىم.

بۇ قېتىم ئەدەپ يۈزىسىدىن مەن سۆز باشلىشىم كېرەكلىكى-نى ھېس قىلىپ، ئۇنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى سورىدىم.

— تۇلسۇنى سۆيىمەن، — دېدى ئۇ.

سوئالىمنى خاتا ئاڭلىغان بولسا كېرەك.

— ئىشىڭىزنى سورىغانىدىم، — دېدىم.

— ئېيتتىمغۇ، — دېدى ئۇ، — مېنىڭ ئىشىم تۇلسۇنى

سۆيۈش. . .
ھەيران بولغانلىقىمنى بايقاپ ئىزاھلاش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى بولغاي:
— دۇنيادا سۆيۈشتىن ئەلا ئىش بولسۇنمۇ؟ تا بۈگۈنگىچە پەقەت تۇلسۇغىلا ئاشىقمەن. ئۆلگۈچە ئۇنى سۆيىمەن. ئەڭ زور بەخت كىشىنىڭ ياقتۇرغان ئىشىنى قىلالىشىدۇر. ئەپسۇسكى كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئۆزى ياقتۇرمايدىغان ئىشنى قىلىدۇ.
نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى سورىغاندا، نېمە ئىش بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقىنى ئۇقماقچى ئىدىم.
— بىرەر ئىشنى ياقتۇرۇش دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟ — دەپ سوئال قويۇپ يەنە ئۆزى جاۋاب بەردى، — ھەر كۈنى يىگىرمە تۆت سائەت، ئۇيقۇدىمۇ ياقتۇرىدىغان ئىشنى ئويلاش. . .
ھاراقلىرىمىزنى ئىچىپ تۈگەتكەندۇق. يەنە بىر بوتۇلكىدىن ئەكەلدۇردۇق.
بۇ ياشتىكى ئادەمنىڭ سۆيگۈنى كىم بىلسۇن قانداق بىرىدۇ!
— يېشىڭىزنى سوراپ باقسام بولارمۇ؟ — دېدىم.
— يەتمىش ياشقا كىردىم. مېنىڭ يېشىمدىكى بىرىنىڭ ئاشىقلىقنى ھاياتىدىكى بىردىنبىر ئىش دەپ قارىشىنى سىزمۇ باشقىلاردەك غەلىتە ھېس قىلىسىز. . . — دېدى.
— ئىككىمىزنىڭ يېشى تەڭ ئىكەن.
— ئەلۋەتتە، تۇلسۇنىمۇ بىلگۈڭىز كېلىدىغۇ دەيمەن؟ ھەممە كىشىنىڭ بىلگىسى كېلىدۇ. چۈنكى يەتمىش ياشتىكى ئادەمنىڭ ئاشىقىنى. . .
— راستىنى ئېيتسام، ھاياتىڭىزنى بېغىشلىغان بۇ بەختلىك ئايالنى بىلگۈم بار.
رومكىلىرىمىزنى يەنە ئۇرۇشتۇرۇپ كۆتۈرۈۋەتتۇق.
— تۇلسۇنى دەسلەپ كۆرۈشۈم ئوتتۇز بىلەن چۈشۈمنىڭ ئارىسىدىكى بىر ۋەقە. چۈنكى تۇلسۇنى دەسلەپ كۆرگەن ھالدى

تىمنى دادامنىڭ ئېيتقانلىرىدىن ئەسلىيەلەيمەن. ئۇ چاغدا تۆت - بەش ياشتا بولسام كېرەك. بىر كەچقۇرۇنلۇقى دادام بىلەن ئۇنىڭ بىر دوستىنىڭ دۇكىنى ئالدىدا ئولتۇراتتۇق. دۇكان يوللىرى ئوڭغۇل - دوڭغۇل بىر تار كوچىدا ئىدى. ئالدىمىزدىن بىر قىز ئۆتتى، ياكى ئۆتۈپتۇ... ئۇزۇن چاچلىق ئون تۆت - ئون بەش ياشلاردىكى بىر قىز ياكى بىر قىز ئىكەن. مەن بىردىن، «مانا مۇشۇ قىزنى ئالىمەن!» دېدىم، ياكى دەپتىمەن. دادام بۇ ۋەقەنى شۇنداق كۆپ تەكرارلايتتىكى، ئۇنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىدىن بولغان ۋەقە كۆز ئالدىمدا كېيىنرەك روشەن ئەكس ئەتتى. ئۇ قىزمۇ ئوچۇق گەۋدىلەندى. دادام تەكرار - تەكرار سۆزلەپ بېرىۋەرگەچكە، ئېسىمدىن كۆتۈرۈلگەن ۋەقەنى قايتا ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزگەندەك بولدۇم. تۇلسۇ مەن شۇ يېشىمدا تۇنجى كۆرگەن قىز ئىدى.

— ئۇنداقتا هازىر سەكسەندىن ئاشقان بولسا كېرەك...

— قانداقچە؟

— سىز تۆت - بەش ياش ۋاقتىڭىزدا ئۇ ئون بەش ياش بولغىنىغا قارىغاندا...

— تۇلسۇ قېرىمايدۇ...

— ئەمىسە كېيىن كۆرۈپسىز - دە؟

— هەمىشە ئۇنى ئىزدەپ يۈرىمەن. مېنىڭ بۇ شەهەرگە نېمىگە كەلگىنىمنى بىلمەكچى بولارسىز؟ تۇلسۇ دۇنيانىڭ مەن بىلمەيدىغان بىر يېرىدە، مەن بىلمەيدىغان بىر ئادرېستا تۇرىدىغان ۋە مېنى كۈتىدىغان ماڭا نامەلۇم بىر ئايال. ئۇنى تاپىدىغانلىقىمغا ئىشىنىمەن. هەمىشە ئىزدەيمەن، شۇڭا پۈتۈن دۇنيانى كېزىپ يۈرىمەن...

— دەسلەپ كۆرگىنىڭىزدىن بېرى قايتا كۆرمىدىڭىزمۇ؟

— كۆردۈم. مەن ئۇ چاغدا ئوتتۇز ياشتا ئىدىم. ئۇنى ئىزدەپ چوڭ بىر شەهەرنىڭ پايتەختىدە كېزىپ يۈرەتتىم. يەر

ئاستى يولىنىڭ پەلەمپىيىدىن چۈشۈپ كېتىۋېتىپ، بىردىن تۇل-
سۇنى يېنىمدىن يۇقىرىغا چىقىپ كېتىۋاتقان پەلەمپەيدە كۆرۈپ
قالدىم. ئۇ شۇ چاغدا يىگىرمە ياشلاردا ئىدى. كاشتان رەڭ
چاچلىرىنى ناھايىتى قىسقا ياساتقانىدى. توك بىلەن ماڭىدىغان
پەلەمپەيدە يېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. «تۇلسۇ!» دەپ چاقىرىۋال-
غۇم كېلىپ كەتتى. لېكىن مەن تۇرغان پەلەمپەي ئىتتىكلا پەسكە
چۈشۈپ كەتكەنىدى.

— ئۇنىڭدىن كېيىن كۆرمىدىڭىزمۇ؟

— يەنە بىر نەچچە قېتىم كۆردۇم. تۇنا دەرياسى بويىدىكى
بىر شەھەرگە تۇنجى قېتىم بېرىشىم ئىدى. ئۇ چاغدا قىرىق ياشتا
ئىدىم. پويىزدىن يېڭى چۈشكەنىدىم. ۋوگزال ناھايىتى قالايمى-
قان بولۇپ، پويىزغا چىقىدىغان، پويىزدىن چۈشىدىغانلار ئالدى-
راپ يۈگۈرۈشۈپ يۈرەتتى. مانا شۇ قالايمىقانچىلىقتا بىرى بىلەن
سوقۇلۇپ كەتتىم. بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، ئاچ سېرىق
چاچ، يوغان زەڭگەر كۆزلۈك يىگىرمە بەش ياشلاردا بىر قىز يەنى
تۇلسۇ... بىر ھازا بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ قالدۇق. ئۇ
ماڭا سوقۇلغاندا قولىدىكى بوغچىلىرى چۈشۈپ كەتكەنىدى. چاما-
دانىمنى يەرگە قويۇپ، بوغچىلىرىنى ئېلىپ بەردىم ۋە «كەچۈ-
رۈڭ» دېدىم. ئۇمۇ ئەپۇ سورىدى. يېنىدىكى يىگىت ئۇنى قول-
تۇقلاپ پويىزغا چىقاردى.

بۇ ئۇچرىشىشىمىزدىن بەش - ئالتە يىل كېيىن، ئۇنى
زاكاسىيە شەھىرىدە يەنە بىر قېتىم ئاپتوبۇستا كۆردۇم. شۇ
ئاپتوبۇستا تۆت بېكەت بىللە ماڭدۇق.

— پاراڭلاشمىدىڭلارمۇ؟

— قانداق پاراڭلىشىمەن؟ ئۇنىڭ تىلىنى بىلمەيمەن -
دە... بىر قېتىم تۇلسۇنى شىمالدىكى بىر كىچىك دۆلەتنىڭ
پايتەختىدە ئېچىلغان بىر خەلقئارالىق يىغىندا كۆردۇم. بىر
ئۇستەلدە ناھايىتى قىسقا ۋاقىت بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ

ئولتۇردۇق، يېنىمدىكىسى نېگىر ئېرى بولسا كېرەك.
— ئېرى نېگىرمىكەن؟
— شۇنداق، تۇلسۇمۇ نېگىر ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە گۈزەل بىر نېگىر ئىدى.
— يەنە سۆزلەشمىدىڭلارمۇ؟
— ئۇ مەندىن سىزدە ئۇچىنچى سان ژۇرنالدىن ئارتۇقى بارمۇ؟ — دەپ سورىدى. ئارتۇقى يوق ئىدى، ئۆزۈمنىڭكىنى بەردىم، رەھمەت ئېيتتى. شۇنىڭدىن كېيىن يىللار بويى تۇلسۇنى ئىزدەپ يۈرۈۋاتىمەن.
— ئۇنى جەزمەن تاپالايسىز.
— ھەي ـ تاڭەي. . . تاپسامۇ چاقماق چاقنىغاندەك غىل ـ پاللا كۆرۈپ قالارمەن. تاپار ـ تاپماي يەنە غايىب بولىدۇ. بۇنى ۋەسلىگە يېتىش دېگىلى بولمايدۇ. . . ئۇنىڭ ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈن يەر شارىنى بىر نەچچە قېتىم ئايلىنىپ چىقتىم ۋە ئۇنى بىر بالقان دۆلىتىنىڭ پايتەختىدىكى بىر سارايدا ئۇچراتتىم. ئۇ چاغدا ئۇ تېخى ئۇنتۇزغىمۇ كەلمىگەنىدى، مەن بولسام ئاتمىشتىن ئاشقانىدىم. ئۇ ئىككى يىگىتنىڭ ئارىسىدا، مەرمەر سالاسۇنلۇق كەڭ سۇپىدا يانمۇ يان تۇرۇشاتتى. قولىدىكى كەڭ قورساقلىق قەدەھتە قىزغۇچ مەي بار ئىدى. ئۆرە تۇرغان ئىككى يىگىتنىڭ سۆزلىرىگە بېرىلىپ كۈلگىنىدە قەدەھتىكى مەي چايقىلىپ تۇراتتى. چاچلىرى قىزىل، كۆزلىرى قاپقارا ئىدى.
بەش يىلنىڭ ئالدىدا مەن ئۇنى زادى ئويلىمىغان، زادى كۈتۈلمىگەن يەردە ۋە كۈتۈلمىگەن چاغدا كۆرۈپ قالدىم. بىر ئامېرىكىدىكى بانكىغا كىرگەنىدىم. شۇنداق قارىسام، سەل نېرىدىكى بانكا خىزمەتچىسى بىلەن پاراڭلىشىۋېتىپتۇ. كۆزلىرى زەڭگەر ئىدى، چاچلىرىنى توگۈپ ئۆرىۋالغانىدى. بانكىدىن تېزلا چىقىپ ئىشىك ئالدىدىكى ماشىنىغا ئولتۇرۇپ كېتىپ قالدى.
ئاخىرقى قېتىم ئۆتكەن يىلى ئاق دېڭىز ساھىلىدىكى بىر

شەھەرنىڭ مېھمانخانىسىدا ئۇچراتتىم، ئۇ يىگىرمە بەشلەردە يا بار، يا يوق، زىلۋا، تال چىۋىقتەك بىر قىز ئىدى. مەن ياتىقىمنىڭ ئالدىدىكى سايىۋەننىڭ كۆلەڭگىسىدە كىتاب ئوقۇپ ئولتۇراتتىم. «كەچۈرىسىز، سائىتىڭىز قانچە بولدىكىن؟» دېگەن ئاۋازغا بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، ئالدىمدا تۇلسۇ... يېنىدا بىر يىگىت تۇرۇپتۇ. ئۇلار دېڭىزدىن يېڭى چىقىپتىكەن. بەدىنىدىن سۇ تامچىلىرى تاراملاپ تۇراتتى. سائەتنى دەپ بەرگەنىدىم، رەھمەت ئېيتىپ كېتىشتى. يۈرىكىم توختاپ قالىدىغاندەك سىرقىراپ كەتتى. كېيىن بۇ مېھمانخانىدا ئۇنى قايتا ئۇچرىتالمىدىم.

ھارىقىمىز يەنە تۈگىگەنىدى.

— يەنە بىر بوتۇلكا ئىچەمدۇق؟ — دەپ سورىدىم يېنىمدىكى كىشىدىن.

— ئىچەيلى... — دېدى ئۇ.

كوتكوچى ئايال يەنە بىر بوتۇلكا ئەكېلىپ بەردى.

— تۇلسۇغا شەيدا بولۇپ قالغىنىمنى كىمگىلا ئېيتسام مېنى شاڭخو قىلىدۇ. تۇلسۇ ئۇ يەردە، بۇ يەردە دەپ مېنى ئۇ يەر - بۇ يەرگە قاتراتماقچى بولۇشىدۇ ھەتتا مېنى ساراڭ بولۇپ قاپتۇ دەپ مەسخىرە قىلىدۇ. تۇلسۇغا ئەسىر بولۇپ قالغانلىقىمنى ئاڭلاپ شاڭخو قىلمىغان پەقەت سىز بولدىڭىز.

مەن چوڭقۇر بىر ئۆكۈنۈش ئىچىدە:

— تۇلسۇغا بۇنچىۋالا شەيدالىقىڭىزنىڭ سەۋەبى؟ — دەپ سورىدىم.

— بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى كۆپ، — دېدى ئۇ، — بىر قېتىم ئۇنى ئىزدەپ تاپالمىغىنىمدا ياكى ئۇچراتقاندا ۋىسالىغا يېتەلمىگىنىمدە، تۇلسۇغا بولغان شەيدالىقىم تېخىمۇ ئارتىدۇ. بۇ شۇنداق بىر شەيدالىقكى، بارغانسېرى ئۇلغىيىپ، يالقۇنلاپ مېنى كۆيدۈرمەكتە. ئىچىم پىژىلداپ كېتىدۇ... ئۇنىڭغا ھېچ ئېرىشەلمەي، ئىچىمدىكى ئوتتا كۆيۈپ كۆل بولۇپ تۈگىشىدىغان

ئوخشايمەن. تۇلسۇ شۇنداق جەزبىدار، شۇنداق ئېسىلكى. . .
نېمىسى ئېسىل دېسىڭىز، تۇلسۇ دەپ خاتا تونۇپ قالغان باشقا
ئايالل اردەك، ئۇ مەن بىلەن غوۋغا قىلمىدى، غوۋغا باھانىلىرىنى
ئىزدىمىدى. مەن بىلەن ئۇچراشقانلىرىدا، مەندىن مەنپەئەت كۈت-
مىدى. ئۇ ئۆزى تويسىمۇ كۆزى تويماسلاردىن ئەمەس ئىدى.
«سېنىلا ياخشى كۆرىمەن» دەپ، نە مېنى، نە ئۆزىنى ئالدى-
مىدى. ھەرگىزمۇ ئىككى يۈزلۈك قىلمىدى. مەندىن يوشۇرىدى-
غان ھېچقانداق مەخپىيىتى يوق ئىدى. چۈنكى مانا بۇ ئىشلار
يۈز بەرگۈدەك، بىزنىڭ بىللە بولغان ۋاقتىمىزمۇ بولمى-
دى ـ دە. . . تۇلسۇ مەن ئۇچۇن ھەمىشە شەكلىسىز ئۇچىنچى
شەخس بولۇپ قېلىۋەردى. ئۇنى ھەمىشە چاقماق تېزلىكىدىكى
ۋاقىت ئىچىدىلا كۆرۈپ قالىمەن ۋە ئۇنى شۇنىڭ ئۇچۇن سۆيىمەن
ھەمدە ھەمىشە سۆيىمەن. مېنىڭ تۇلسۇنى سۆيۈشتىن باشقا ئى-
شىم يوق ۋە بولمايدۇ دېسەممۇ بولىدۇ.
— كەچۈرىسىز، — دېدىم مەن، — تۇرمۇشىڭىزنى قانداق
تەمىنلەيسىز؟ تايىنىدىغان بىرەر كىرىمىڭىز بارمۇ؟
— ھېچنەرسەم يوق.
— ئۇنداقتا قانداق تۇرمۇش كۆچۈرۈۋاتىسىز؟
— تۇلسۇنى ئويلىشىمغا، سۆيۈشۇمگە، ئىزدىشىمگە قىلچە
توسالغۇ بولمايدىغان ئىشلارنى قىلىپ. . . ئۇ ئىشلار توسالغۇ
بولۇش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە تۇلسۇنى سۆيۈشۇمگە مەزمۇن
قوشىدۇ. ھالبۇكى بۇ تېخى يېتەرلىك ئەمەس. تۇلسۇنى سۆيىدى-
غانلىقىمنى پۈتۈن جاھانغا ئۇقتۇرۇشۇم كېرەك. مېنىڭ تۇلسۇنى
سۆيىدىغانلىقىمنى ھەممە كىشى بىلىشى كېرەك. بۇنى چۈشەندۈ-
رەلمىسەم ھاياتىمنىڭ مەنىسى بولمايدۇ. ھەر كىم ئۆزىگە بىر
يول تېپىپ بۇ دۇنيادا مەۋجۇتلۇقىنى باشقىلارغا ئىسپاتلاشقا مەج-
بۇر بولمىسا ئۇنداق ھايات مەنىسىز ھايات بولىدۇ.
چۈشىنەلمىگەنىدىم، ئوچۇقراق چۈشەندۈرۈشى ئۇچۇن:

— مەسىلەن قانداق؟ — دەپ سورىدىم.
— بىر كىشىنىڭ ياشاۋاتقانلىقىنى يالغۇز ئۆزىنىڭلا بىلىشى كۇپايە قىلمايدۇ. ئىنسان دۇنيادا يەككە - يېگانە ئەمەس - دە. . . بىر ئادەمنىڭ بۇ دۇنيادا مەۋجۇتلۇقىنى، ياشاۋاتقانلىقىنى باشقا كىشىلەرمۇ بىلىشى كېرەك ۋە بۇنى قانچىلىك كۆپ كىشىلەر بىلسە ئۇ كىشى شۇنچە كۆپ مەۋجۇت دېگەن سۆز. كىشىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇش سەۋەبى باشقا - باشقا. مەن تۇلسۇغا شەيدالىقىم بىلەن، تۇلسۇنى سۆيىدىغانلىقىمنى كىشىلەرگە ئۇقتۇرۇش بىلەن بۇ دۇنيادا مەۋجۇت بولالايمەن.
— بۇنىڭغا قانداق ئېرىشىسىز؟
— ھەممە كىشىگە ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق. مەسىلەن، بۈگۈن ئاخشام سىزگە ئۇقتۇردۇم. ھازىر سىز بىلىسىزكى، مەن تۇلسۇنى سۆيىمەن، شۇ ۋەجىدىن مەن سىزگە مەۋجۇت. سىز مېنىڭ ھايات ئىكەنلىكىمنى بىلىسىز. باشقىلارغىمۇ بۇنى ئۇقتۇرۇشقا تىرىشىمەن. بۇرۇن تاغلارغا، دالىلارغا چىقىپ، ئورمانلارغا بېرىپ ئاۋازىمنىڭ بارىچە «تۇلسۇ، سېنى سۆيىمەن!» دەپ ۋارقىرايتتىم. ئاۋازىمنىڭ ئەكس ساداسىنى ئاڭلايتتىم. ھەممىشە تەكرار ۋارقىراۋېرىشنىڭ ئۇنۇمى ياخشى بولمىغانلىقتىن، بارا - بارا سۆزلەرنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ، بىردە ئىنچىكە، بىردە توم ئاۋازدا ۋارقىراشقا باشلىدىم.
ئۇ ماڭا گويا ئورماندا، دالىدا ۋارقىرىغاندەك، ئەمما باشقا ئۇستەللەردىكىلەر ئاڭلىيالمايدىغان پەس ئاۋازدا:
«تۇلسۇ، سېنى سۆيىمەن!
سېنى سۆيىمەن تۇلسۇ!
سۆيىمەن سېنى تۇلسۇ!
تۇلسۇ سۆيىمەن سېنى!
سۆيىمەن تۇلسۇ سېنى!
سېنى تۇلسۇ سۆيىمەن!

دەپ توۋلاپ، ئاۋازىمنى پۈتۈن دۇنياغا ئاڭلىتىپ، تۇلسۇننى سۆيىدىغانلىقىمنى ھەممە كىشىنىڭ بىلىشىنى، بۇنىڭ بىلەن ھاياتلىقىم، مەۋجۇتلۇقىمدىن پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ خەۋەر تېپىشىنى ئىزدەيمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن كوچىلاردا، سورۇنلاردا، كۆپچىلىكنىڭ ئىچىدە «تۇلسۇننى سۆيىمەن!» دەپ ناخشا ئېيتقاندەك ئېيتىشقا باشلىدىم.

— ئاۋازىڭىز يېقىملىقمۇ؟

— ياق، ئىنتايىن سەت. ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇلىقىممۇ ھېچ سەزگۈر ئەمەس.

— سىزنىڭچۇ؟

— مېنىڭمۇ شۇنداق.

— قۇلىقىم سەزگۈر ئەمەسلىكى ۋە ئاۋازىممۇ سەت بولغانلىقى ئۈچۈن ھەر بىر گېپىم ئايرىم ئاۋازدا، ئۆزگىچە چىقىدۇ. شۇنداق قىلىپ دۇنيانى ئايلىنىپ يۈرىمەن. مەن بارغان ھەربىر يەرنىڭ پوچتىخانىسىدىن «سېنى سۆيىمەن تۇلسۇن» دەپ تۇلسۇنغا تېلېگرامما يوللايمەن. پۇلۇمغا قاراپ، بىر كۈندە بەش - ئالتە تېلېگرامما يوللىغان ۋاقىتلىرىممۇ بولدى.

— ئۇنداقتا تۇلسۇننىڭ ئادرېسىنى بىلىدىكەنسىز - دە؟

— ياق، نەدىن بىلەي، تەخمىنەن بىر ئادرېسنى يېزىپ يوللاۋېرىمەن.

— ئىگىسىنى تاپالماي تېلېگرامما ئۆزىڭىزگە قايتىپ كېلىدىغانغۇ؟

— بەلكىم، لېكىن ماڭا ئەمەس. چۈنكى مېنىڭ تۇراقلىق ئادرېسىممۇ يوق. ئۆزۈم ئۇزۇنراق تۇرغان بەزى شەھەر پوچتىخانىلىرىدىكىلەر مېنى تونۇپ مەسخىرە قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، تېلېگراممىلارنى باشقا - باشقا پوچتىخانىلاردىن يوللايمەن. مەسخىرە قىلسىمۇ قىلسۇن، لېكىن مېنىڭ تۇلسۇننى سۆيىدىغانلىقىمنى بىلىشى كېرەك، تۇلسۇننى سۆيىدىغانلىقىم قانچىلىك كۆپ

بىلىنسە، مەنمۇ شۇنچىلىك مەۋجۇتمەن...

مەيخانىدىكى ئۇستەللەر بوشىغىلى تۇردى. بىزمۇ تۈن يېرىمىدىن كېيىن ئورنىمىزدىن تۇردۇق. دەلدەڭشىپ ئاران ماڭاتتۇق. لېكىن نېمە پاراڭ قىلىشقانلىقىمىزنى ۋە بۇ گەپ - سۆزلەرنى چۈشەنمىگۈدەك دەرىجىدە مەستمۇ ئەمەس ئىدۇق.

— تۆت كۈندىن بېرى چۈشتىن كېيىنكى بىر - ئىككى سائەت مەدەنىيەت سارىيىدا بولىمەن، ئەتە ئۇ يەرگە كېلىڭ... — دېدى يېنىمدا ئولتۇرغان كىشى.

— ئۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسىز؟ — دەپ سورىدىم.

— ئۇ يەردە «تۇلسۇ، سېنى سۆيىمەن!...» دەپ ئۈنۈم پۈتكۈچە ۋارقىرايمەن. مېنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىمنى سورىغانتىڭىزغۇ، مانا مېنىڭ ئىشىم مۇشۇ. بۇ ئىشنى قانداق باشلىغانلىقىمنى ئېيتىپ بېرەي. ئۇ كۈنى تۇلسۇغا ئاخىرقى تېلېگراممىنى يوللىغانىدىم. پۇلۇم پەقەت قالمىغانىدى. ئۇياق - بۇياققا ئايلىنىپ يۈرۈپ مەدەنىيەت سارىيىغا كېلىپ قاپتىمەن. سىز كۆردىڭىزمىكىن، ئۇ ئويۇن - تاماشا ناھايىتى قىزىيدىغان بىر جاي. ئۇ يەردە ھەممە كىشى ئۆز ھۈنىرىنى، ماھارىتىنى كۆرسىتىدۇ. بەزىلىرى ئىت ئوينىتىدۇ. ئۈچ - تۆت كۈچۈك ھەيران قالارلىق سېھرىك ئويۇنلىرىنى ئوينايدۇ. بەزىلىرى ئۆز ئالدىغا ئۈچ - تۆت خىل ساز چېلىپ ئويۇن قويىدۇ. بىرى ساز چېلىپ، بىرى ناخشا ئېيتقۇچىلارمۇ بار. بەزىسى ئاغزىڭدىن چىقىشىڭغا ھەجۋى رەسىمىڭنى سىزىدۇ، بىر قىز بىلەن بىر يىگىت دورامچىلىق ئويۇنى ئوينايدۇ، بىر ئادەم قىلىچنى يۇتۇۋېتىپ يەنە چىقىرىدۇ. ئەينەك سۇنۇقلىرى ئۈستىدە يېتىپ، قورسىقىغا بەش كىشىنى چىقىرىدىغان بىرىمۇ بار. بىر ساقاللىق يەرگە رەڭلىك بور بىلەن رەسىم سىزىدۇ. بەش مايمۇننى ئويناتقان بىرى ئالقىشلىنىدۇ. بىرى كىچىك بىر سەھنىدە قورچاق ئويۇنى كۆرسىتىدۇ. يەنە نۇرغۇن ئويۇنلار، نۇرغۇن ئادەملەر

بار. بۇلارنىڭ ئەتراپىغا ئادەم ئولىشىۋېلىپ ئويۇن كۆرۈشىدۇ. ئەڭ قىزىق ئويۇنلارنى تېخىمۇ كۆپ ئادەم توپلىشىپ كۆرىدۇ. ئويۇنلار ئاياغلاشقاندا، تاماشىبىنلاردىن خالىغانلار ئويۇن كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ قۇتىسىغا ياكى ئالدىغا پارچە پۇللارنى تاشلايدۇ.

ئۇ يەر پەۋقۇلئاددە بىر جاي، بولۇپمۇ مەن ئۈچۈن تۇلسۇنى سۆيىدىغانلىقىمنى ئېلان قىلىشقا ئەڭ ئەپلىك ئورۇن. مەنمۇ بىر تەرەپتە يەنى چەترەك بىر جايدا تۇرۇۋېلىپ ۋارقىراشقا باشلايمەن... تۇلسۇنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ۋارقىراپ ـ جارقىراپ جاكارلايمەن... مېنىڭ ئەتراپىمغىمۇ ئادەم توپلىنىشىنى زادى كۈتمىگەنىدىم. لېكىن نۇرغۇن كىشى توپلاندى. بەزىلىرى مەسخىرە قىلاتتى، بەزىلىرى ۋارقىرىشاتتى، بەزىلىرى ئاڭلايتتى. ۋارقىراپ توختىغىنىمدا ماڭىمۇ پۇللارنى تاشلاشقا باشلىدى. شۇنداق كۆپ پۇل چۈشتىكى... دەرھال پوچتىخانىغا بېرىپ تۇلسۇغا تېلېگرامما يوللىدىم. شۇ كۈندىن بېرى ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن شۇ مەيدانغا بارىدىغان بولدۇم. خالىسىڭىز ئەتە سىزمۇ بېرىڭ.

بىر تاكسىغا بىللە ئولتۇرغىنىمىز، شوپۇرغا مېھمانخانىنىڭ ئىسمىنى ئېيتقىنىم ئېسىمدە، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى زادى ئېسىمدە يوق. دېمەك، ئويلىغىنىمدىنمۇ بەكرەك مەست ئوخشايمەن.

ئەتىسى ئەتىگەندە ۋاقچە ئويغانغىنىمدا، تۈنۈگۈن كېچىنى چۈشۈمدە كۆرگەندەك ئەسلىدىم. ئۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن مەدەنىيەت سارىيىغا باردىم. ھەقىقەتەن ھېلىقى كىشىنىڭ دېگىنىدەك پەۋقۇلئاددە كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى ئىكەن. ئاغزىدىن ئوت پۈركۈيدىغان، يىلان ئوينىتىدىغان، چوڭ قەپەس ئىچىدىكى كەپتەرلىرىنى موللاق ئاتتۇرىدىغان، بەش مىنۇتتا رەسىم سىزىپ بېرىدىغان... لار ھۈنەر كۆرسىتىۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىلىرىدىن ئۆتۈپ ھەممە يەرنى ئايلىنىپ چىقتىم. ئاخىرىدا ھېلىقى بۇرادەر-

نى تاپتىم. ئۇ مەيداننىڭ بىر چېتىدە ئىكەن. ئۇنىڭ «سۆيىمەن سېنى تۇلسۇ!» دەپ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلىمىسام ئۇنى تېپىشىم تەس ئىدى. ئەتراپىدا ئادەم ناھايىتى كۆپ بولغان بولسا ئۇنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋاپتۇ. مەنمۇ كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىغا قىستىلىپ كىردىم. مېنى كۆرىدۇ دەپ زادى ئويلىمىغانىدىم. چۈنكى مەن سورۇنغا كىرگىنىمدە ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىپ ۋارقىراۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى ھەقىقەتەن سەت ئىدى. لېكىن ئىچىدە ئوت كۆيۈۋاتقان، ھەسرەت چەككەن بىر ئادەمنىڭ نىداسى ياڭرايتتى. ئاردىلاپ يىغلايتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئەرلەر، ئاياللار، چوڭلار، ياشلاردىن بولۇپ ھەر خىل ئادەملەر بار ئىدى. بەزىلىرى ئۇنىڭالغۇ ئالغاچ كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ نىداسىنى لېنتىغا ئېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ دېگىنىدەك، كۆپچىلىكنىڭ ئىچىدە ئۇنى مەسخىرە قىلغانلار، ۋارقىراشقانلار ھەتتا تاش ئاتقانلارمۇ بار ئىدى. لېكىن، باشقىلار تاش ئاتقانلارنى توسۇشاتتى.

مەنمۇ بىر ئۇنئالغۇ ئەكېلىپ، ئۇنىڭ ۋارقىراشلىرىنى لېنتىغا ئېلىۋالمىغىنىمغا ئېچىندىم. ئەتىسى جەزمەن ئۇنئالغۇ ئالغاچ كەلمەكچى بولدۇم. بىر قانچە كىشى ئۇنىڭ ۋارقىراپ تۇرۇپ قىلغان سۆزلىرىنى يېزىشىۋاتاتتى. كېيىن ئەقلىمگە كېلىپ مەنمۇ يېزىشقا باشلىدىم. ئۇ يەر - بۇيەردىن يېزىۋالغانلىرىم مۇنۇلار ئىدى:

«ھە. . . ي خالايىق، ئاڭلاڭلار، قۇلاق سېلىڭلاركى، مەن تۇلسۇنى سۆيىمەن. بۇنى ئاڭلىمىغان بىرمۇ كىشى قالمىسۇن. گاسلارمۇ ئاڭلىسۇن، ئۇقسۇن، بىلسۇن، بالا ئېمىتىدىغان ئاياللارنىڭ سۈتكە تولغان كۆكسىلىرىمۇ ئاڭلىسۇن. . . مۇھەببەتلىشىۋاتقانلارنىڭ قايىنىغان قېنى، يېڭى تۇغۇلغانلارنىڭ تومۇرلىرىدا ئايلىنىۋاتقان ساپ قېنى ئاڭلىسۇن. سۆيۈشكەنلەرنىڭ بىر - بىرىگە تۇنجى تەگكەن قوللىرى ئاڭلىسۇن. . . تۇنجى سۆيۈشكەن لەۋلىرى ئۇقسۇن. تارىخ، دەۋر ۋە تەبىئەت ئاڭلاپ بىلىپ قويۇ-

سۇنكى، مەن تۇلسۇنى سۆيىمەن.»

ئۇ گويا غارلاردىكى تېخى زۇۋانغا كەلمىگەن ياۋا ئادەملەر-دەك جان جەھلى بىلەن ۋارقىرايتتى. ئۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ كۆپچىلىكى ئۇ ئادەمنىڭ تىلىنى بىلمەيتتى. شۇنداقتىمۇ دىققەت قىلىپ ئاڭلايتتى. لېكىن ئاڭلىغىنى بىرەر ئۇقۇم ئەمەس، قۇ-رۇق سادا ئىدى، لېكىن ئۇلار ھەسرەتنى، سېغىنىشنى، شەيدا-لىقنى ئاڭلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن دەم قۇلاقنى تىترىتىدىغان، دەم يۈرەكنى جىغىلدىتىدىغان نىدا ياڭرايتتى، گاھ گۈركىرى-گەن، گاھ يىغلاپ بوغۇلغان سادا جاراڭلايتتى. ئاۋازى چىقمىغاندا پىچىرلاپ، پىچىرلىيالمىغاندا لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ: «تۇل-سۇ، سېنى سۆيىمەن!» دەپ جاكارلايتتى.

بۇنچىۋالا كىشىنىڭ بۇ ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراشلارغا نېمانچە قىزىققانلىقىنى ئويلىدىم. ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، قېرى بولسۇن، ياش بولسۇن، ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشقانلارنىڭ ھەممى-سى «تۇلسۇ، سېنى سۆيىمەن!» دېگەن ساداغا قۇلاق سېلىشات-تى. يا ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاشۇنداق يۈرەكلىك بىلەن دادىل ۋارقى-راتقان بۇ ئادەمنىڭ ئورنىغا قويۇپ، دەڭسەپ كۆرۈۋاتامدىغاندۇ، يا بۇ ئادەم يىغلاپ تۇرۇپ ھەممەيلەننىڭ ئورنىدا تۇلسۇنى سۆيىدى-غانلىقىنى جاكارلاۋاتامدىغاندۇ؟

ئۇ يوكلىنىپ ئولتۇرۇپ قالغىنىدا ئالدىغا پۇللار تاشلاندى. كۆپچىلىك تارقىلىپ كەتسىمۇ، ئۇ بىر ھازاغىچە شۇنداق ئولتۇر-دى. ئۇنىڭ بۇ قىلغىنى يا بىر ئويۇنمىدۇ؟ بۇ مەيداندا ئويۇن كۆرسەتكۈچىلەرگە ئوخشاش ئۇمۇ بۇ ئويۇننى ئويناۋاتقاندىمۇ؟ بىر ھازادىن كېيىن ئۇ دۈگجەرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ يەردىكى پۇللارنى ئېلىۋاتقىنىدا مېنى كۆرۈپ دەرھال سالاملاشتى ۋە:

— يۈرۈڭ، پوچتىخانىغا بېرىپ تۇلسۇغا تېلېگرامما يول-لايلى، — دېدى.

بۇ ئويۇننى بۈگۈن تەكرارلايدىغان - تەكرارلىمايدىغانلىقىنى

سورىدىم. ياق، پەقەت بىر قېتىملا قىلىدىكەن.

ھەر كۈنى ئوخشاش سۆزلەرنى قىلامسىز؟ — دېدىم.

— ياق، — دېدى ئۇ، — مەن ئويۇنچى ئەمەس. . . ھاياتلىق ھەر ۋاقىت ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ئاۋاز ۋە سۆزمۇ ۋاقىتقا قاراپ ئۆزگىرىدۇ.

بىز پوچتىخانىغا باردۇق. ئۇ يېشىغا نىسبەتەن كۈتۈلمىگەن پۇختا قەدەملەر بىلەن پەلەمپەيلەرنى دەسسەپ يۇقىرىغا چىقتى ۋە چوڭ زالدا تېلېگراممىسىنى يېزىش ئۈچۈن ئۈستەللەردىن بوش يەر ئىزدىدى.

مەن يېنىدا ئىدىم، «سېنى سۆيىمەن تۇلسۇ» دەپ يازغىنىنى ئوقۇدۇم. ئۇ تەخمىنىي ئادرېس يېزىۋاتاتتى. تېلېگراممىنى بېرىش ئورنىدىكى بىر خىزمەتچى يېنىدىكى خىزمەتچىگە ئۇنى كۆرسىتىپ، مەسخىرە ئارىلاش بىر نېمىلەرنى دېگىنىنى كۆردۈم. دېمەك، ئۇنى بۇ يەردىكىلەر تونۇيدىكەن، لېكىن تېلېگراممىسىنى قوبۇل قىلىشتى.

پوچتىخانىدىن چىقتۇق.

— ئەمدى شەھەرنىڭ باشقا پوچتىخانىلىرىدىنمۇ تۇلسۇغا تېلېگرامما يوللاپ بۇ شەھەردىن كېتىمەن، — دېدى ئۇ.

— قەيەرگە كېتىسىز؟ — دېدىم.

— بىلمەيمەن، تۇلسۇنى تاپالايدىغانلىقىمغا كۆزۈم يەتكەن ھەرقانداق بىر يەرگە كېتىۋېرىمەن، — دېدى ئۇ.

قول سىقىشىپ خوشلاشتۇق. كەينىدىن بىر ھازا قاراپ تۇردۇم. خېلى يىراقلىشىپ كەتكەندىن كېيىن، كەينىدىن قاراۋاتقانلىقىمنى بىلگەندەك ئۇمۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ ماڭا قاراپ قول پۇلاڭلاتتى، مەنمۇ قول پۇلاڭلاتتىم.

كېيىن ھېلىقى پوچتىخانىغا كىردىم. تېلېگرامما بېرىش ئورنىدىن بىر تېلېگرامما قەغىزى ئېلىپ مەنمۇ «سېنى سۆيىمەن تۇلسۇ» دەپ يازدىم. بۇ تېلېگراممىنى كىمگە ئەۋەتىمەن؟

قەدىرلىك ۋ. د، بىردىن سىز ئېسىمگە كەلدىڭىز ـ دە، سىزنىڭ ئادرېسىڭىزنى يېزىپ، تېلېگراما بېرىش ئورنىدىكى خادىمغا تاپشۇردۇم.

«سېنى سۆيىمەن تۇلسۇ!»

تېلېگرامامدىن بىر نەرسە چۈشەنمىگەنسىز ھەم كىم بىلسۇن، قانچە ھەيران بولغانسىز.

# هەر كىمنىڭ ئۆز جۈپتى بار

هەر كىمنىڭ ئۆز جۈپتى بار، قەدىرلىك راتسۇن ئۇستام، گەپ كىشىلەرنىڭ ئۆز جۈپتىنى تاپالىشىدا. سەن ئۆزۈڭگە يېقىنلاشقان ھەربىر جاناننى ئۆز جۈپتۈم دەپ قاراپ سۆيۈنگەن ۋە ھاياجانلانغان بولغىيدىڭ؟ بىراق، ھەر قېتىم چۈشۈڭدىكىدەك يوققا چىققان بولغىيدى؟

سېنىڭ ئۆز جۈپتىڭنى تېپىش ئۈمىدىڭ زادى تۈگىمەيدۇ، بەلكى ئۈمىدىڭدىن بۇرۇن ئۆزۈڭ تۈگىشىسەن، يەنى قارا باستى چۈشنى كۆرۈۋېرىپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھېچ ئۈمىدىڭ قالمىغاندا، سەنمۇ تۈگىشىسەن. بۇ تۈگىشىش ئۆلۈمدۇر، راتسۇن ئۇستام، سەن ئۆز جۈپتىڭنى تاپىدىغانلىقىڭغا شۇ قەدەر ئىشىنىسەنكى، ئۈمىدىڭ پەقەت ئۆز ئۆلۈمىڭ بىلەن ئاياغلىشىدۇ.

قېرىلىقنى ياقتۇرمىساڭ ۋە ئۇنىڭدىن يىرگەنسەڭمۇ ھەتتا ياش قىياپەتكە كىرىۋالساڭمۇ بەرىبىر قېرىيدىڭ، راتسۇن ئۇستام. جۈپتىڭنى زادى تاپالمىغان بولساڭمۇ، بۇ ھەرگىز مەڭگۈ تاپالمايسەن دېگەن مەنىنى بەرمەيدۇ ھەتتا ئۇنى ئۆمۈر بويى تاپالمىساڭمۇ ئۇ يەنىلا مەۋجۇت. سەن شۇنداق ئويلايسەن، مەنمۇ سېنى ئىسپاتلايمەن. ئادەم دېڭىزى بولغان بۇ دۇنيادا بىرەر كىشى ئۆز جۈپتىنى تاپالىسا ۋە شۇنداق بىرى بولسا، ئۇ چاغدا ئۈمىد ئۈزۈلمەيدۇ، كىشىلەر ئۆز جۈپتىنى تاپالايدۇ دېگەن گەپ. بىراق، قەيەردە، قاچان؟ مانا بۇ مەلۇم ئەمەس. بەلكى ھازىر، بەلكىم ئون ياكى يىگىرمە يىلدىن كېيىن، بەلكى يۈز يىللار ئالدىدىكى بىر چاغلاردىدۇ. . . ۋە بەلكى ھاياتىڭ ئۇنىڭ بىلەن تېپىشىشقا يەتمەس. ئۇنى تاپالماي ئالەمدىن ئۆتۈشۈڭمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس.

لېكىن ئۇنىڭ بىلەن تېپىشماستىن ئالەمدىن ئۆتۈشۈڭ ئۇنىڭ تېپىلماسلىقى ياكى مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىمايدۇ... ئۆلمەي ياشاۋەرسەڭ ئىدىڭ، بەلكىم ئۆلەر ۋاقتىڭدىن سەل ئىل-گىرى ياكى خېلى كېيىن ئۇنىڭغا ئېرىشەتتىڭ، بۇنىسى ئېنىق، چۈنكى ئۇ يەر يۈزىدە مەۋجۇت...

خۇددى پىلە قۇرتىنىڭ غوزىسى ئىچىگە تەنها كىرىۋېلىپ، شۇ تەنهالىقتا يېتىلە - يېتىلە قانات چىقىرىپ كېپىنەككە ئايلان-غىنى ۋە ئۇچا - ئۇچا ئۆزىنىڭ بولىدىغان ۋە ئۆزىمۇ ئۇنىڭ بولىدىغان جىنسىي جۈپتىنى ئىزدەپ چىققىنىدەك، بۇ جاھاندا ھەممە كىشى ئۆزىگە تەئەللۇق بولىدىغان ۋە ئۆزىمۇ ئۇنىڭغا تەئەل-لۇق بولىدىغان نەرسىنى ئىزدەيدۇ. ئۆز جۈپتىڭ جەزمەن مەۋ-جۇت. بىراق، بۇ ئۇمىد داۋاملاشسۇن، ئىنسان نەسلىنىڭ بۇ ئۇمىدلىك نۇرى يەر يۈزىدىن يوقالمىسۇن، بۇ ئۇمىد كەمىرى بوشاشمىسۇن. بىرەر كىشى ئۆز جۈپتىنى تاپىدىكەن، ئۇنداقتا بۇ ئۇمىد مىليونلىغان كىشىلىرىمىزگە كۇپايە... جۈپتى بىلەن تېپىشالايدىغان بىر كىشىمۇ بولمىسا، ئۇلار چۆچەكلەردە ياكى چۈشلىرىدە تېپىشاتتىمۇ؟... رېئاللىقتا بولمىغان نەرسىنى چۈ-شىدە كۆرۈشى مۇمكىنمۇ؟ پەقەت رېئاللىقتا بولغان نەرسىلا چۈشتە كۆرۈنىدۇ - دە...

قەدىرلىك راتسۇن ئۇستام، سىنىڭ ھېلىقى لىچىنكا ئالدى-دىكى ھالىڭ - تاڭلىقىڭنى ھازىر بولغان ئىشتەك ئەسلىمەكتىمەن. ھەممە ئىش كۆز ئالدىمدا، ۋەقەنى پۈتۈن تەپسىلاتلىرى بىلەن تاماشا قىلغانىدىم. سەن ئۇ چاغدا 18 ياشتا بولغاچقا، ھازىر ئۇ ئىشقا ئەللىك يىلدىن ئېشىپتۇ...

سىلەر دېڭىز بويىدىكى بىر داچىدا ئىدىڭلار. دېڭىزدىن قۇملۇققا، قۇملۇقتىن گۈللۈككە، گۈللۈكتىن ئورمانغا ئۆتۈپ، ئاندىن مېۋىلىك دەرەخلەر ئارىسىدىن داچىغا كەلگىلى بولاتتى. سىلەر ئۇ داچىدا ئۈن بەش كۈن تۇردىڭلار.

ئۇ كۈنى ھەر ۋاقىتتىكىدەك سېنى كۆرۈپ تۇراتتىم. دې-
ڭىزدىن چىقتىڭ، دۇشتا ئۇچاڭدىكى تۇزلۇق سۇنى يۇيۇۋەتتىڭ.
ئۇچاڭدا زەڭگەررەڭ سۇ ئۈزۈش كىيىمىدىن باشقا نەرسە يوق
ئىدى. بەدىنىڭنى قۇرۇتمايلا، ئۇچاڭدىن سۇلار ئېقىپ تۇرغان
ھالدا گۈللۈكتىن ئۆتۈپ، سولدىكى دەرەخنىڭ ئالدىدا بىردىنلا
توختىدىڭ. مەلۇمكى، كۆزۈڭ بىر نەرسىگە چۈشكەنىدى. ئارد-
دىن ئەللىك يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇ دەرەخ-
نىڭ نېمە دەرەخلىكىنى ئەسلىيەلمەيمەن. يا قارىياغاچ، يا قارد-
غاي ئىدى. دەرەخنىڭ يوغان پاكار شاخلىرىدىن بىرىگە يۆلەن-
دىڭ. ئۇ يەردە كۆرۈنگەن بىر نەرسىگە سىنچىلاپ قاراۋاتاتتىڭ.
بۇغداي ئۆڭلۈك يۈزۈڭدە ئىشتىياق، ھەۋەس، ھەيرانلىق
ۋە ھاڭ - تاڭلىق بەلگىلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

سەن تۇرغان يەردىن كۆپ بولغاندا ئون قەدەم نېرىدا، چىنار
بىلەن ئارچىنىڭ ئارىسىدىكى كۆلەڭگىدە بەش ئەر بىلەن ئىككى
ئايال باغچە ئورۇندۇقلىرى ۋە قاتلىنىدىغان داچا ئورۇندۇقلىرىدا
ئولتۇرۇشاتتى. بەزىلىرى ئۇزۇن ئورۇندۇقتا سوزۇلۇپ ئولتۇ-
رۇپ قەھۋە ۋە سوغۇق ئىچىملىكلەرنى ئىچكەچ دەم ئېلىشىۋاتات-
تى. ھاۋا ئىنتايىن ئىسسىق ئىدى. دەرەخ يوپۇرماقلىرى قىمىر-
لىمايتتى. شۇڭا ئۇلار باراقسان دەرەخ كۆلەڭگىلىرىگە كىرىۋې-
لىشقانىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سۇ ئۈزۈش كىيىمى بىلەن،
بەزىلىرى سپورت تەنھەرىكەتچىلەر كىيىمى بىلەن، بەزىلىرى ئادەت-
تىكى يازلىق كىيىم بىلەن ئىدى.

سېنىڭ دەرەخ شاخلىرىنىڭ بىرىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ تاماشا
قىلىۋاتقىنىڭ بىر سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئىنتايىن گۈزەل بىر
نەرسە يەنى بىر لىچىنكا ئىدى. ئۇ ھەر دائىم ھەر يەردە ئۇچرايدى-
غان لىچىنكىلاردىن ئەمەس. سەن بۇنداق گۈزەل لىچىنكىنى
ھاياتىڭدا تۇنجى كۆرگەن بولۇشۇڭ كېرەك...

لىچىنكا يوغان بىر شاختىن سەل كىچىكرەك يەنە بىر شاخقا

ئۆتۈشكە تىرىشىۋاتاتتى. ئۇ باشمالتاقچىلىك تۇملۇقتا، ئۇتتۇرا قولدەك ئۆز ۋىلىۋقتا يوغان بىر لىچىنكا بولۇپ، كېيىنەككە ئايلان- غاندا قاناتلىرىنىڭ ئارىسى تېخىمۇ ئۆزىراپ قوش بالىسىدەك بىر نەرسە بولاتتى.

ئۇ چاغدا سەن لىچىنكا توغرۇلۇق نېمە بىلەتتىڭ؟ بەلكىم ھەربىر لىچىنكىنىڭ بىر خىل ئۆسۈملۈكنى يەيدىغانلىقىنى، باش- قا ھېچنەرسە يېمەيدىغانلىقىنى بىلەتتىڭ. مەسىلەن، پىلە قۇرتى لىچىنكىسى پەقەت ئۈجمە يوپۇرمىقى يەيتتى. ئۇنداقتا، بۇ لى- چىنكىمۇ پەقەت بۇ دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرىنى يەپ ياشايتتى ياكى ئۆلەتتى.

سەن لىچىنكىنىڭ كۆز قاماشتۇرغۇچى رەڭلىرىدىن كۆزۈڭ- نى ئۈزەلمەيتتىڭ. ئۇنىڭ باش ـ ئايىغى ئوخشاش يۇمىلاق بول- غاچقا، بېشىنىڭ قايسى ئىكەنلىكىنى ماڭغان تەرىپىگە قاراپ بىلگىلى بولاتتى. تېنى شۇنداق يۇمران ئىدىكى، قول بىلەن تۇتۇپ بېقىش ھاجەتسىز ئىدى. بەدىنى بوغۇم ـ بوغۇم بولۇپ، تېگىدە نۇرغۇن ئاياغلىرى بار ئىدى. ئۇ مانا مۇشۇ ئاياغلىرىنىڭ ئۈستىدە قىسقىراپ ـ ئۆزىراپ، تومىلىشىپ ـ ئىنچىكىلەپ، ئېگىزلەپ ـ پاكارلاپ مەددە قۇرتتەك لۆمۈلدەپ ماڭاتتى.

لىچىنكىنىڭ قۇياشتا يالتىرىغان كۆز قاماشتۇرغۇچى رەڭلى- رىنىڭ جەلپكارلىقىدىن ئېسىڭنى يىغىۋالالمايتتىڭ. دۇنيادا قان- چە خىل رەڭ بولسا، لىچىنكىنىڭ تۈكلىرىدە ھەممىسى بار ئىدى. تۈكلەر، قىللار كىچىك ـ كىچىك قاپارتمىلاردىن تەشكىل تاپقان رەڭدار مارجانلار ۋە پارقىراق قاسراقلار، يەنە كىچىك ـ كىچىك تىكەنسىمان دۈگچىلەر، دەرۋەقە رەڭگارەڭ، بىراق ئەس- لى رەڭگى قايسى ئىكەنلىكى نامەلۇم ئىدى. چۈنكى ئۇ قورساق ھالقىلىرىدىن چىققان ئاياغلىرى ئۈستىدە لۆمۈلدەپ ماڭغىنىدا قۇياش نۇرىدا رەڭلىرى ئۆزگىرىپ تۇراتتى.

ئەلۋەتتە، سەن نۇرغۇن لىچىنكىلارنى كۆرگەنسىدىڭ، رات-

سۇن ئۇستام. لېكىن بۇندىغىنى كۆرگەنمىدىڭ؟ ياق... بۇ بىر كىچىك مۆجىزە ئىدى. دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ گۈزەل ھېچنەرسە بولمايتتى.

ئۇ ھەر لۆمۈلدىشىدە، ھازىر سەدەپ رەڭ بولغان تۈكلىرى بىردەمدىلا تۆمۈر رەڭگە، يەنە بىردەمدىلا قارىغاي قۇرتى رەڭگىگە، كېيىن دېڭىز سۈيى رەڭگىگە ئايلىناتتى. ھېلىلا كۆك رەڭگە كىرسە، بىردەمدىن كېيىن قارا كۆككە، ئۇنىڭدىن كېيىن زەڭگەر رەڭگە ۋە پارقىراق قارا رەڭگە كىرەتتى. ھەر تەرىپىدىن باشقا رەڭ، ھەر لۆمۈلدىشىدىن يەنە باشقا رەڭ پەيدا بولاتتى. ئەۋرىشىم يۇمران تېرىسىدىكى كۆزسىمان، مەڭسىمان ۋە قاسراقسىمان داغلار يېشىل رەڭدە يالتىرايتتى.

لىچىنكىنىڭ داغلىرى، قاسراقلىرى، مارجانلىرىدىكى رەڭلەر تىنماي جۇلالىناتتى. ئىھ، بۇ نېمىدېگەن گۈزەل رەڭلەر — ھە...

سەن ئۇ چاغلاردا مۇنداق ئويلاتتىڭ، راتسۇن ئۇستام: گۈزەل نەرسە پەقەت ئۇنىڭ بىلەن ئورتاقلاشقاندىلا گۈزەللىكىنى نامايان قىلالايدۇ، تەنھا كىشىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن سەتلىكىنىڭ پەرقى بولمايدۇ.

كېيىنرەك بۇ چۈشەنچىلىرىڭ ئايدىڭلاشتى. دەرۋەقە ئورتاقلاشمىغان گۈزەللىك گۈزەللىك بولمايدۇ. مۇھەببەتمۇ شۇنداق، نەپرەتمۇ شۇنداق ھەتتا گۇناھمۇ شۇنداق. چۈنكى جىنايەت، خاتالىق، گۇناھلارمۇ پەقەت ئالاقىدارلارنىڭ ئورتاقلىشىشى بىلەنلا شەكىللىنىدۇ. قىسقىسى، چۈشەندىڭكى، ھايات پەقەت ئورتاقلاشقان چاغدىلا ھاياتتۇر.

سەن ھېلىقى دەرەخنىڭ شېخىدا كۆرۈپ ھەيران قالغان جانلىق رەڭلەرنىڭ گۈزەللىكىنى باشقىلار بىلەن ئورتاقلاشماقچى بولدۇڭ. چۈنكى ئورتاقلاشمىساڭ، ئۇ گۈزەللىكنىڭ لەززىتىنى ئالالمايتتىڭ.

يېنىڭدا ھېلىقى بەش ئەر بىلەن ئىككى ئايال بار ئىدى. ئەرلەردىن ئىككىسى بىر - بىرىنى زادى ياخشى كۆرمەيدىغان يازغۇچىلار ئىدى. ئۇلار دامكا ئويناۋاتاتتى. بىرى ئارىلاپ يېنىدىكى ئۈستەلدە تۇرغان ھاراق رومكىسىنى كۆتۈرەتتى. سېمىز بىر ئەر قاتلىنىدىغان ئورۇندۇقتا قىيسىيىپ، مۈگدىگەن ھالدا گېزىت ئوقۇۋاتاتتى. ئىككى ئايال بولسا تاماكىلىرىنى بىرىنىڭ كەينىگە بىرىنى ئۇلاپ چەككەچ پاراڭلىشىپ، كۇلۇبتا قارت ئويۇنىغىلى بېرىشقا ئۆچرەت كۈتۈۋاتاتتى. ئۇلارمۇ بۇ داچىدا دەم ئېلىشتا بولۇپ، سەن ئۇلارنى تونۇيتتىڭ.

ئەسلىدە سەن داۋراڭچى ئەمەس، ھېلىقى پەۋقۇلئاددە گۈزەل لىچېنكىنىڭ خۇشاللىقى ئىچىڭگە سىغمىسىغاندا، قەلبىڭدىكى گۈزەللىك ھېسسىياتىڭنى بىر ۋارقىراش بىلەن سىرتقا چىقاردىڭ:

— كېلىڭلار، كېلىڭلار! بولۇڭلار، بۇ يەردە ناھايىتى گۈزەل بىر نەرسە بار... چاپسان كېلىڭلار، بەك گۈزەل...

سەن «لىچېنكا بار» دېمەي، «بىر نەرسە بار» دېگەنىدىڭ. ئۇنىڭ لىچېنكا ئىكەنلىكىنى ئېيتسالىڭ، بەلكىم ئۇلار ئېتىبار قىلمىغان بولاتتى. سەن ئۇلارنى قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق دېگەنىدىڭ.

شۇ قەدەر ۋارقىراپ - جارقىرىدىڭكى، ئۇ بەش كىشى ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورۇنلىرىدىن ئاران تۇردى. كۇلۇبتىن ۋە دېڭىز قىرغىقىدىكى سۇغا چۆمۈلۈش ئورنىدىكىلەردىنمۇ ئاۋازىڭنى ئاڭلاپ كەلگەنلەر بولدى.

سەن ئۇ لىچېنكىلارنى چۈشەندۈرۈشكە سۆزلەرنى تەييارلىۋالمىغانلىقىڭ ئۈچۈن، گەپ - سۆز قىلمايلا ئوڭ قول كۆرسەتكۈچ بارمىقىڭ بىلەن لىچېنكىنى كۆرسەتتىڭ ۋە بىر ھازا بارمىقىڭنى لىچېنكىدىن ئالمىدىڭ. ئەتراپىڭغا ئولاشقانلاردىن ھاڭ - تاڭلىق، ھەيرانلىق ئىبارىلىرىنى ھەتتا چوقان سېلىشلارنى كۈتتۈڭ. سېنىڭچە ئۇلار بۇ كۆرۈلمىگەن گۈزەللىك ئالدىدا ھەيران

قېلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ھېچكىمدىن زۇۋان چىقمىدى. قانداقتۇ، كېيىن ھېلىقى ئىككى ئايالدىن بىرى:

— بۇنىڭ نېمە ھەيران قالغۇچىلىكى بار؟ — دەپ سورىدى.

سەن خىجالەتچىلىكتە تۇگەشكەنىدىڭ. چۇشەندىڭكى، «بۇنىڭ نېمە ھەيران قالغۇچىلىكى بار؟» دېگەن ئايالغا، «ھەيران قالارلىق گۇزەللىك بار، گۇزەللىك...» دەپ ۋارقىرىساڭمۇ چۇشەنمەيتتى.

يازغۇچىلاردىن بىرى:

— بىر لىچىنكا ئىكەنغۇ... — دېدى.

يەنە بىر يازغۇچى:

— ھە... نېمە بوپتۇ... — دېدى.

سەن شۇنچە ئادەمنى جىددىيلەشتۇرۇۋەتكەنىنىڭ خىجالەتچىلىكى ئىچىدە يەرگە كىرىپ كەتكۇدەك بولدۇڭ ۋە بىردىن:

— سىلەر بۇنداق لىچىنكىنى كۇرگەنمىدىڭلار؟ — دەپ سورىدىڭ.

بۇ سوئال ئۇزۇڭنى قوغدىغىنىڭ ئىدى.

ئۇ يەردە بولغانلاردىن بىر - ئىككىسى بۇنداق لىچىنكىنى كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتتى.

— گۇزەل ئەمەسمىكەن! — دەپ يەنە بىر قېتىم سورىدىڭ، لېكىن يەنە ئوخشاشلا كۆڭۈلشىمىگەن تەلەپپۇزدا ئېيتىلغان:

— گۇزەل ئىكەن... — دېگەن جاۋابنى ئالدىڭ.

ئۇلار تارقىلىشىپ، بەزىلىرى قارت بىلەن قىمار ئويناشقا، بەزىلىرى دېڭىز بويىغا قايتىشتى. ئىككى يازغۇچى دامكا ئوينىشنى داۋاملاشتۇردى. يەنە بەزىلىرى بولسا ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىشقا باشلىدى.

سەن ھەيران قالغان ئۇ لىچىنكىنى كۆرگەندىن كېيىن، شۇ كۇنى ئۇ يەردىلا ئەمەس، پۇتۇن ھاياتىڭدا مۇنداق ئويلىدىڭ: يا سەن، يا باشقىلار بۇرۇن كۆرمىگەن پەۋقۇلئاددە گۇزەل لىچىنكا

مەۋجۇت ئىكەن. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ئۆزىدىن بىر جۈپتىمۇ بار ۋە
بولۇشقا تېگىشلىك.

ئۇ گۈزەل لىچىنكا ئاغزىدىن يىپەك قۇسۇپ، ئۆزىگە توقۇ-
غان غوزىنىڭ ئىچىگە ئۆزىنى قامايدۇ. غوزىنىڭ ئىچىگە ئۆزىنى
قاماش يەنى ئۆز قاماقخانىسىغا مەھبۇس بولۇش، تەنهالىقنىڭ
چەكسىز ئەركىنلىكىگە ئېرىشىش دېگەنلىك ئىدى. پۈتۈن جانلىق-
لار ئاشۇ تەنهالىقنى بىر جانلىق گۈلگە ئايلاندۇراتتى يەنى لىچىن-
كىنىڭ گۈلى بولغان بىر كېپىنەك غوزىسىنى تېشىپ ھاۋاغا
ئۇچاتتى. لىچىنكا ئۆز - ئۆزىنى قامىماستىن باشقا بىر نەرسىگە
ئايلىنىپ، كېپىنەك ئىسمىلىك جانلىق گۈلنىڭ ئالاھىدىلىكىگە
ئېرىشەلمەيتتى.

قەدىرلىك راتسۇن، ئۇ لىچىنكا جىنسىيلىككە ئىگە بولۇش
بىلەن قارشى جىنسنى قانداق تاپىدۇ؟ شۇنچە زىچ ئۇچۇشقان
كېپىنەكلەرمۇ ئۆز جۈپلىرىنى ئاسانلا تاپالايدۇ. كاپۇسكا كېپىنە-
كى، پۇرچاق كېپىنىكى ياكى كۆيە كېپىنىكىمۇ شۇنداق. لېكىن
ھېلىقى گۈزەل لىچىنكا يەنى دۇنيا گۈزىلى بولغان ئۇ لىچىنكى-
چۇ! . . . ئۇنداقتا لىچىنكىنى يا سەن كۆرمىگەن، يا سەن چاقىر-
غان ھېلىقى كىشىلەر بۇرۇن كۆرمىگەنىدى. بۇنداق كەم ئۇچراي-
دىغان لىچىنكىنىڭ كېپىنىكى غەيرىي جىنسىتىكى جۈپتىنى بىپا-
يان جاھاندا قانداق، قەيەردە، قاچان تېپىپ ئۆز نەسلىنى كۆپەيتە-
لەيدىغاندۇ؟

راتسۇن ئۇستام، سەن بۇ كۆزىتىشتىن كېيىن يەر يۈزىدىكى
شۇنچە نۇرغۇن كىشىلەرمۇ خۇددى بۇ گۈزەل لىچىنكىدەك، ئۆ-
مۈر بويى ئەركەك ياكى چىشىلىرىنى ئىزدەيدىغانلىقىنى ۋە كۆپ
قېتىم ئۇنى تاپتىم دەپ ئالدانغانلىقىنى ئويلىدىڭ.

سەن يەنە بۇ بىپايان جاھاندا ئۆز جۈپتىڭنى ئىزدىدىڭ ۋە
ئۆز جۈپتىڭنىڭمۇ سېنى ئىزدەۋاتقانلىقىنى ئويلىدىڭ ۋە كۆڭلەر-
نىڭ بىرىدە بىر يەردە تېپىشىدىغانلىقىڭلارنى پەرەز قىلدىڭ.

خوپ، ئەمدى بۇ ئۈمىدسىزلىكنىڭ ۋە چەككەن بۇ ھەسرىتىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ئۆز جۈپتىڭ قولۇڭغا كەلگەن چاغدا ئۇنى تونۇيالمىغان ۋە ئۆز جۈپتىڭ ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەنلىكىڭدىنمۇ؟

ئۇ چاغلاردا يەنى ئوتتۇز نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا، سەن قىرىق ياش ۋاقتىڭدا، ھەرگىزمۇ جۈپتىڭ بولمىغان ئادەتتىكى بىرىنى ئۆز جۈپتۈم دەپ قارىغانىدىڭ. مانا شۇ كۈنلەردە ھەقىقەتەن ئۆز جۈپتىڭ بولغان جانان يېنىڭغا كەلگەنىدى. بىراق سەن ھەقىقىي جۈپتىڭنىڭ يېقىنلىشىشىنى، سېنىڭ بولۇش تىرىشچانلىقلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆز جۈپتىڭ ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىڭ.

ئۆز جۈپتىڭ دەپ ئويلىغان جانان غوزىسىدىن بىر كۆيە كېپىنىكى بولۇپ چىققىنىدا، بىر قارا باستى چۈش بىلەن نېمىدىن مەھرۇم بولغانلىقىڭنى چۈشەندىڭ، لېكىن ئاللىقاچان ئىش تامام بولدى، ئۇ كۆيە كېپىنىكىمۇ ئىچىڭنى غاجاپ سېنى ئۆتمەتۆشۈك قىلىۋەتتى.

قەدىرلىك راتسون ئۇستام، قانچىلىك قېرىساڭ قېرىغىنىڭكى، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاشۇ ئۆز جۈپتىڭنى تېپىش ئۈمىدىڭنى ئۈزمە.

سېنىڭ ئۆز جۈپتىڭنى تېپىش ئۈمىدىڭ زادى تۈگىمەيدۇ، بەلكى ئۈمىدىڭدىن بۇرۇن ئۆزۈڭ تۈگىشىسەن. قارا باستى چۈشنى كۆرۈۋېرىپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھېچ ئۈمىدىڭ قالمىغاندا سەنمۇ تۈگىشىسەن. بۇ تۈگىشىش ئۆلۈمدۇر، راتسون ئۇستام. بىراق، سەن ئۆز جۈپتىڭنى تاپىدىغانلىقىڭغا شۇ قەدەر ئىشىنىسەنكى، ئۈمىدىڭ پەقەت ئۆز ئۆلۈمىڭ بىلەن ئاياغلىشىدۇ.

# ئۆزىگە سەرگۈزەشتە توقۇغان ئايال

**بۇ ھېكايەمنى ھازىر ھايات بولمىغان ۋە دۇنيادا ئەسلەيدىغان ئادىمىمۇ يوق نىسۇئاز قىزلىرى ئالبان پەرىخان، سەكسەن سەككىز ساباھەت، نېدرەت، ئەركەك ساباھەت، مودا تۇركان، مارۇسىيا، ئەرزىنجانلىق سەمىخا، مۇئەللا، مۇژگان ۋە پەتھىيەلەرنىڭ خاتىرى- لىرىگە بېغىشلايمەن.**

ئۇنىڭ ئىسمى نېدرەت ئىدى. راستتىن نېدرەتمىدى؟ ئۇ ئابانۇر كوچىسىدىكى ئەڭ كاتتا پاھىشىخانا بولغان 1 - نومۇرنىڭ پاھىشىسى بولغاندا ئىسمىنى «بىرسېن» گە ئۆزگەرتكەنىدى. چۈنكى ئۇ چاغلاردا نېدرەت دېگەن ئىسىم مودىدىن قېلىپ، بىر- سېن دېگەن ئىسىم مودا بولغانىدى. مەن تونۇشقاندا ئۇ ئون سەككىز ياشتا ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدى. بىرقانچە ئايدىن كېيىن ئىسمىغا ئوخشاش يېشىنىڭمۇ يالغانلىقىنى بىلدىم. ئۇنىڭ نوپۇ- سى، سالاھىيەت كىنىشكىسى يوق ئىدى. بالىلىقتىن قۇتۇلۇش ۋە ئۆزىنى چوڭ كۆرسىتىش ئۈچۈن يېشىنى چوڭايتىۋالغانلىقى مەلۇم ئىدى. ئۇ كۆپ بولسا ئون بەش - ئون ئالتە ياشلاردا بولۇپ، بويى زىلۋا، جۇغى كىچىك ئىدى. ئۇستىخىنى ئانچە قاملاشمىغان بولسىمۇ، قىزلارغا خاس جەلپ قىلىش كۈچى بار ئىدى.

ئۇ چاغلاردا «ئىستىقلال» كوچىسىدا تاڭ ئاتقۇچە ئېچىلىدى- غان چايخانىلار بار ئىدى. ئۇلاردىن بىرىگە پات - پات باراتتىم. ئۇ چايخانىدا تەنلىرىنى دەسمايە قىلىپ جان باقىدىغان ئەركىن قىزلار بار ئىدى. ئۇلار ئۇ يەردە چۆپقەتلىرى بىلەن سودىلىشات- تى. كېلىشەلىسە چايخانىدىن بىللە چىقىشىپ كېتەتتى. بۇنى «ئۇچۇپ كېتىش» دېيىشەتتى. ئۇچۇپ كەتكەن قىزلار كۆپىنچە يېرىم سائەت، بىر سائەت، ئەڭ كۆپ بولغاندا ئىككى سائەت

ئەتراپىدا قايتىپ كېلىپ يېڭى تەلەيلىرىنى كۈتۈشەتتى، ئىشلار يېرىم كېچىدىن كېيىن باشلىناتتى. بىر كېچىدە تۆت ـ بەش قېتىم ئۇچىدىغانلار بولغىنىدەك، زادىلا ئۇچالمايدىغان تەلەيسىزلەرمۇ بولاتتى. مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تونۇيتتىم. ئۇلار بىللە ئۇچقان چۆپقەتلىرى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتمايتتى، ئالاقىلىرىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش ياكى باشقا ئىش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بىر ـ بىرىدىن يوشۇرۇشاتتى.

بىر كېچىسى ئۇ يەردە مەن بۇرۇن كۆرمىگەن بىر قىزچاقنى ئۇچراتتىم. ئۇ تېخى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يېشىدىكى بىر چىرايلىق قىز ئىدى. ئۇنىڭ قويۇق سېرىق چاچلىرى چۇۋۇلغان بولۇپ، تارالمىغان ھەتتا يۇيۇلمىغانلىقتىن پاخپىيىپ كەتكەنىدى. تولا كىيىپ ئۇپراپ كەتكەن پاشنىسىز توز توفلىيى ئۇنى تېخىمۇ كىچىك كۆرسىتەتتى. كېيىنكى كېچىلەردە ئۇنى ھەمىشە شۇ يەردە كۆرىدىغان بولۇپ قالدىم. ھەر دائىم بىر قىزنىڭ يېنىدا تۇراتتى. يېنىدىكى قىز ئۇچۇشقا چىقىپ كەتكەندە باشقا بىر قىزنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتەتتى. لېكىن، ئۇنىڭ ئۇچۇشقا چىققىنىنى زادى كۆرمىدىم.

ئەخلاق ئىشلىرى ساقچى ئەترىتى كۆپىنچە تۈن يېرىمىدىن كېيىن بۇ چايخانىلارغا تۇيۇقسىز بېسىپ كىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باراتتى. ھەر بىر چايخانىغا پۇقراچە كىيىنگەن ساقچىلاردىن ئۈچ ـ تۆتى كىرەتتى، بۇلارنى كۆرگەن قىزلار قورقۇشۇپ، پەرياد كۆتۈرۈشۈپ ئۇياق ـ بۇياققا قېچىشىمۇ، ساقچىلاردىن بىرى ئىشىكتە تۇرغاچقا، قۇتۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ساقچىلار قىزلارنى بىردىن ـ ئىككىدىن ئالدىغا سېلىپ، ئىتتىرىپ، دۈشكەلەپ، ئىشىك ئالدىدا كۈتۈپ تۇرغان ساقچى ماشىنىسىغا سالاتتى. بۇ «ئەركىن» قىزلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىپ تىرەجەپ تۇرۇۋېلىشلىرى پاھىشە ئاياللار تىزىملىكىگە چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن ئىدى، تىزىملىككە چۈشكەن قىزلار پاھىشىخا-

نىلارنىڭ شتاتلىق پاھىشىسى بولۇپ قالاتتى. ساقچىلارنىڭ چاڭ-
گىلىدىن قۇتۇلۇپ قېلىش ئۈچۈن قىزلارنىڭ بەزىلىرى ئەرلەر-
نىڭ ئۈستەللىرىدە ئولتۇرۇۋېلىپ ئۇلاردىن ئۆزلىرىنى قوغداپ
قېلىشنى تەلەپ قىلاتتى. ساقچىلار بۇرۇندىن تونۇيدىغانلار ياكى
پاھىشىلەرنىڭ تىزىملىكىگە چۈشكەنلەر ئەرلەرنىڭ ئۈستىلىگە بې-
رىۋالسىمۇ قۇتۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە، بۇنداق چاغلاردا ئەرلەرمۇ پاناھ بولۇشنى خالىمايتتى.

مەن مەست بولۇپ قالغان بىر كېچىسى تۈن يېرىمىدىن
كېيىنمۇ يەنە شۇ چايخانىدا ئىدىم. چاچلىرى چۇۋۇلغان، ئۈستى-
ۋېشى جۇل - جۇل ھېلىقى قىزچاقمۇ شۇ يەردە ھەمىشە بىللە
بولىدىغان ھېلىقى ئايالنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. چايخانىنىڭ ئەي-
نەكلىك ئىشىكىنىڭ ئىككى قانىتى بىردىن جالاقشىپ ئەنسىز
ئېچىلدى. دېمەك، ساقچى ئەترىتى بېسىپ كىرگەنىدى. ئىشىك-
نىڭ ئىككى قانىتى ئېچىلغاندا سوغۇق شامال بىلەن قار ئۇچقۇن-
لىرى چايخانا ئىچىگە گۈركىرەپ كىردى. ئىچىدە جىق قۇش
بولغان قەپەسنىڭ ئىشىكىدىن قولنى تىقسا، قۇشلار تىپىرلىشىپ
ئۆزلىرىنى قەپەسكە ئۇرغاندەك، قىزلارمۇ پەرياد كۆتۈرۈشۈپ
ئۆزلىرىنى ئۇياق - بۇياققا ئېتىشقا باشلىدى.

ھېلىقى قىزچاق بىلەن ئولتۇرغان ئايال دەرھال قىزنى يې-
نىدىكى مەن ئولتۇرغان ئۈستەلگە ئىتتىرىپ، بىر ئورۇندۇققا
ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن ساقچى ئەترىتىنىڭ باشلىقى تەرەپكە
قاراپ ماڭدى، بۇ ئۇنىڭ ھېلىقى قىزچاقنى مېنىڭ مۇھاپىزىتىم-
گە تاپشۇرغانلىقى ئىدى. ساقچىلارنى قىزچاقنىڭ بۇ يەرگە مەن
بىلەن بىللە كەلگەنلىكىگە ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن كۈتكۈچىنى چا-
قىرىپ پىرەنىك بىلەن چاي بۇيرۇدۇم.

— ئىچمەيمەن! — دېدى قىزچاق. مەن ئۇنىڭدىن ئاڭلىغان
بىرىنچى سۆز مۇشۇ ئىدى.

— ئىچكىڭىز بولمىسا ئىچمەڭ، لېكىن ئالدىڭىزدا تۇر

سۈن، — دېدىم.

مۇلازىمەت قىلىۋاتقان ئاق يۈزلۈك رۇس ئايال قىزنىڭ ئال-دىغا بىر تەخسە پىرەنىك بىلەن بىر ئىستاكان چاي قويدى. ساقچىلار قىزلارنى يىغىپ ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن چايخانىدا بىر پەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى، دائىم مۇشۇنداق بولاتتى.

قىز پىرەنىكمۇ يېمىدى، چايمۇ ئىچمىدى، خەۋپنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىگە ئىشىنىپ:

— مەن ئەمدى قايتاي، — دېدى.

مەن ئۇنى كەتمەسلىككە قىستىسام قورقۇپ قالمىسۇن دەپ:

— ئىختىيارىڭىز، لېكىن يەنە بىردەم ئولتۇرسىڭىز ياخشى بولاتتى، بەلكىم سىرتتا باشقا ساقچىلار بولۇشى مۇمكىن، — دېدىم.

قىز جىم بولۇپ قالدى، مەنمۇ كارىم بولمىغاندەك گەپ قىلمىدىم. بىر پەستىن كېيىن:

— خالىسىڭىز سىزنى ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قوياي، — دې-دىم.

ئۇنى «ئۇزۇم كېتىمەن» دەيدۇ ھەقىچان، دەپ ئويلاۋاتقى-نىمدا ئۇ:

— ئۆيۈم يوق، — دەپ جاۋاب بەردى. قەيەردە تۇرىدىغانلى-قىنى سورۇدۇم، ئۇنى مېنىڭ يېنىمغا ئەكېلىپ قويغان ئايالنىڭ-كىدە تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ئەمدى قانداق قىلىسىز؟ — دەپ سورىدىم. ئۇ «بىلمەي-مەن» دېگەندەك قىلىپ كالپۇكلىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ، مۈرىلىرى-نى كۆتۈردى.

«چايخانىدىن چىقايلى» دېۋىدىم، ئۇ «ماقۇل» دېگەندەك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتتى.

كوچىغا چىققاندىن كېيىن ئۇ بىلىكىمگە بىلىكىنى ئۆتكۈزۈ-ۋالدى. ئۇنىڭ بۇ مۇئامىلىسىنى ماڭا مەيلى بارلىقىدىن دەپ

چۈشىنىپ ئۆيۈمگە تەكلىپ قىلدىم. يامغۇر ئاربلاش قار يېغىۋا-
تاتتى، ئۇنىڭ كىيىملىرى يېلىك ئىدى.
— بولىدۇ، بىراق سىز بىلەن ياتمايمەن... — دېدى ئۇ.
ئۇنىڭ بۇنچىۋالا ئوچۇق ۋە كەسكىن گەپ قىلىشى مېنى
ئىنتايىن ھەيران قالدۇردى. ئۇنىڭدىن سەۋەبىنى سورىدىم، جا-
ۋاب بەرمىدى. تېخى بۇنداق ئىشنى قىلىپ باقمىغانمۇ، دېۋىدىم،
ئۇ پىسەنت قىلمىغان ھالدا:
— ياق... ئۇنىڭدىن ئەمەس، — دېدى.
يان كوچىلارنىڭ بىرىدە، كونا بىر بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋە-
تىدىكى ئۆيىنىڭ كىچىك بىر ھۇجرىسىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇ-
راتتىم، چۈنكى ئايلىقىم ئاز ئىدى.
ھۇجرامغا كىردۇق، قىزچاقتا يات ئۆيگە كىرگەندىكى ئو-
ڭايسىزلىق يوق ئىدى. مەلۇمكى، ئۇ ھەر خىل يەرلەردە
ئۇنىڭ - بۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئادەتلىنىپ كەتكەنىدى. چاي
دەملىدىم، بىللە ئىچتۇق. ئۇنى كۆلدۈرۈش ئۈچۈن چاقچاق ئارد-
لاش ئۇياقتىن - بۇياقتىن گەپ قىلدىم، لېكىن ئۇنىڭ چىرايى
زادى ئېچىلمىدى. شۇ كېچە ئۇ قىز ھەققىدە ئۇنىڭ ئۆز ئاغزىدىن
ئۇققانلىرىم مۇنۇلار بولدى: قىزچاقنىڭ ئىسمى نېدرەت ئىكەن،
يېشى ئون سەككىزگە توشۇپتۇ، دەم ئېلىشقا چىققان بىر پولكوۋ-
نىكنىڭ قىزى ئىكەن. ئانىسىنىڭ ئاۋازى ناھايىتى ياخشى بولۇپ
رويال چالىدىكەن، بىراق دادىسى ئۇنىڭ رويال چېلىشىغا رۇخ-
سەت قىلمايدىكەن، بىر ئاكىسى ۋە بىر سىڭلىسى بار ئىكەن،
ئۆزى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ مەكتەپتىن ئايرىلىپتۇ...
ئىگىلىگەن بۇ ئەھۋاللار ئالدىدا ھەرقانداق كىشىنىڭ كاللد-
سىغا كېلىدىغان سوئال ئەلۋەتتە مېنىڭ كاللامغىمۇ كەلگەنىدى:
شۇنداق بىر ئىجتىمائىي ئورۇندىكى قىز قانداقلارچە بۇنداق ئەھ-
ۋالغا چۈشۈپ قالغاندۇ؟ بەلكىم كىنو چولپىنى بولۇش شېرىن
خىيالى بىلەن بەزى شەھەر ئەتراپى مەھەللىلىرى ياكى سەھرا

قىزلىرىدەك ئۆيدىن قېچىپ چىققان بولسا كېرەك...

ئۇ تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ مەكتەپتىن ئايرىلغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن گەپ - سۆزلىرىدىن تولۇقسىز ئوتتۇرا سەۋىيىسىدىمۇ ساۋادى يوقلۇقى چىقىپ تۇراتتى، ئون سەككىزگە تولدۇم دېسىمۇ، لېكىن كۆپ بولسا ئون بەش ياشلاردا كۆرۈنەتتى.

مەن ئايلاندۇرۇپ سوراش ئارقىلىق ئۇنىڭ سالاھىيەت كېنىشكىسىنىڭمۇ يوقلۇقىنى، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇچىسىدىكىدىن باشقا كىيىم - كېچىكىنىڭمۇ يوقلۇقىنى ئۇقتۇم.

يېقىنلاشماقچى بولغانىدىم، ئۇ سوغۇق ئاۋاز بىلەن:

— مەن سىزگە ئېيتقانغۇ... — دېدى.

نېمىشقا مەن بىلەن يېتىشنى خالىمايدىغانلىقىنى ئوچۇق سورىۋىدىم، ئۇ مېنى ھەيران قالدۇرۇپ غەلىتە بىر مۇئامىلە كۆرسەتتى يەنى تارتىنمايلا يېنىمغا كېلىپ يەرگە تىزلاندى ۋە ئىككى جەينىكىنى تىزلىرىمغا قويۇپ، بېشىنى جەينەكلىرىمگە تىرەپ بىر ھازا چىرايىمغا قاراپ، «ئۇنداق قىلماڭە» دەپ يالۋۇردى. مەن ئۇنىڭ بۇ مۇئامىلىسىنى پەقەت بۇگۈنكى كېچىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۈچۈن، دەپ چۈشەندىم.

ھۇجرامدا بىرلا تۆشەك بار ئىدى. تۆشەكنى ئۇنىڭغا بېرىپ، ئۆزۈم سافادا ياتتىم. ئۇ بۇنى خوپ كۆرمەي، ئۆزىنىڭ سافادا يېتىپ ئادەتلەنگەنلىكىنى ئېيتتى، زورلاپ تۆشەكتە ياتقۇزدۇم. بەك چارچاپ كەتكەن بولسا كېرەك، دەرھال ئۇيقۇغا كەتتى. مېنىڭ ئۇيقۇم قاچقانىدى، تاڭ ئېتىشقا يېقىن ئۇخلاپ قاپتىمەن.

ئىشقا بېرىشىم كېرەك ئىدى، ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇردۇم. يۈز - كۆزۈمنى يۇيۇۋاتقاندا ئۇ ئويغاندى. بىللە ناشتا قىلىشىۋېتىپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئادرېسىنى بىلىۋالماقچى بولدۇم، ئۇ نېمە قىلىدىغانلىقىمنى سورىدى. دېمىسىمۇ نېمە قىلاتتىم؟ بۇ ھەقتە كاللامدا ئېنىق بىر سان يوق ئىدى. لېكىن نېدرەتنىڭ

ئاتا ـ ئانىسى بىلەن تونۇشقۇم بار ئىدى. قەلبىمدە بۇ قىزغا نىسبەتەن ھېسداشلىق، ئېچىنىش، قوغداش ئارىلاش بىر تۇيغۇ ئويغانغانىدى. قايتا ـ قايتا سورىغىنىمدىن كېيىن ئۇ ئۆيىنىڭ ئادرېسىنى ئېيتىپ بەردى. يېزىۋاتقىنىمدا ئۇ يەنە كۆلۈپ تۇ-رۇپ، ئادرېسنى نېمە قىلىدىغانلىقىمنى سورىدى.

مەن ئىشقا بارىدىغانلىقىمنى، ئۇنىڭ خالىسا مەن بىلەن، خالىسا مەندىن كېيىن، قاچان خالىسا شۇ چاغدا ئۆيدىن چىقىپ كەتسە بولىدىغانلىقىنى ئېيتتىم. ئويلايمەنكى، ئۇنىڭ بارىدىغان يېرى يوق ئىدى.

كەچ ئىشتىن قايتىپ كەلسەم ئۇ ئۆيدە يوق ئىكەن. ئۈستەل-گە قويۇپ قويغان باغاقچىغا سەت ئىملا بىلەن «ھەممە ئىشلار ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىمەن، نېدرەت» دەپ يېزىلغانىدى. ئۇ ياتد-قىمنى بىر قۇر رەتلەپ، تۇزەشتۇرۇپ، چىنە ـ قاچىلارنى يۇ-يۇپ، ئۆينى سۈپۈرۈپ قويۇپ كېتىپتۇ.

ھېلىقى چايخانىغا ئۇدا بىر نەچچە قېتىم بېرىپ يېرىم كېچە-گىچە ئولتۇردۇم، لېكىن نېدرەتنى ئۇچراتمىدىم. ھەمىشە نېد-رەتنىڭ يېنىدا ئولتۇرىدىغان ئايالدىن سوراشتىن خىجالەت بول-دۇم. شۇ ئارىلىقتا ئۇ ماڭا بەرگەن ئادرېسى بويىچە ئۆينى ئىزدەپ خېلى ئاۋارىمۇ بولدۇم. ئۇنداق كوچا ۋە ئۇنداق نومۇر-لۇق بىرەر بىنامۇ يوق ئىكەن. قاراۋۇلخانا، پوچتىخانىلاردىنمۇ سۈرۈشتۈردۈم. فاتىخى رايونىدا ئۇنداق ئادرېسنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتىشتى، ئۇنىڭ بەرگىنى يالغان ئادرېس بولۇپ چىقتى، ئالداد-غانلىقىم ئۈچۈن ئىنتايىن خاپا بولدۇم.

بىر كۈنى كەچتە ئۇنى يەنە شۇ چايخانىدا ئۇچراتتىم، ئۇ يەنە ھېلىقى ئايالنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. ئۇچىسىدا يەنە شۇ كونىراپ كەتكەن كىيىملەر بولۇپ، بىر سۆسۈن رەڭ پوفايكا قوشۇلغانىدى، ماڭا يالغان ئادرېسنى بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ-دىن رەنجىپ قالغاچقا، ئۇنىڭغا ئارقامنى قىلىۋېلىپ كۆرمەسكە

سالدىم. لېكىن ئىچىمدە، يەنە بىر پۇرسەت بولسا، سۆزلىشىپ
باقسام دەپ ئويلايتتىم. بۇ پۇرسەتنى ئۇ ئۆزى ياراتتى. يېنىمغا
كېلىپ ئولتۇرۇپ كۆڭلۈمنى ئېلىشقا تىرىشتى. بىز ئەركىن
پاراڭلاشتۇق. مەن ئۇنىڭغا پىسەنت قىلمىغاندەك مۇئامىلە قى-
لىشقا تىرىشتىم، يالغان ئادرېس بەرگەنلىكىنىمۇ يۈزىگە سالمى-
دىم، قايتىدىغان چاغدا ئۆيۈمگە تەكلىپمۇ قىلمىدىم، لېكىن
قاچان خالىسا ئۆيۈمدە قونۇپ كېتىشكە بولىدىغانلىقىنى ئېيتتىم.
ئۇ مېيىقىدا كۈلۈمسىرەپ، بۈگۈن كېچە بارسا بولىدىغان -
بولمايدىغانلىقىنى سورىدى. ئەلۋەتتە بولىدىغانلىقىنى ئېيتتىم.
چايخانىدىن چىقىدىغان چاغدا ئۇ ئۈچىسىدىكى سۆسۈن رەڭ پوفاي-
كىسىنىڭ ئۈستىگە بىر نېپىز پىلاشنى يېپىنىپ مېنى چىڭ
قولتۇقلىۋالدى. ۋاقىت تېخى بەك كەچ بولۇپ كەتمىگەنىدى.
كەچلىك تاماق يېگەن - يېمىگەنلىكىنى سورىدىم، يېمەپتۇ، لې-
كىن قورسىقى ئاچمۇ ئەمەس ئىكەن. بىراق، مېنىڭ قورسىقىم
ئاچ ئىدى. يان كوچىلاردىكى كىچىك مەيخانىلارنىڭ بىرىدە تاماق
يەپ، ھاراق ئىچتۇق. ئۇ يەردىن چىققىنىمىزدا ھەر ئىككىلىمىز-
نىڭ كەيپى ئوبدانلا كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى، كېچە چىراغلىرى
يورۇتۇپ تۇرغان پىيادىلەر يولىدا يەڭگىل تەۋرىنىپ كېتىپ بارات-
تۇق. ئۇ يەنە قولتۇقۇمغا كىرىپ ماڭا چىڭ چاپلىشىۋالغان
ئىدى. ھۇجرامغا كەلدۇق. كەيپچىلىكتە قوزغالغان يىگىتلىك
ھەۋىسىم بىلەن ئۇنى سۆيمەكچى بولدۇم. ئۇنىڭمۇ ھەۋىسى قوز-
غالغاندۇ دەپ ئويلىغانىدىم. ئۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋالدى. ئۇ-
نىڭ ئېيتىشىچە ئۇ تونۇشقان ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن شۇ
نەرسىنى تەلەپ قىلغانمىش. راستىنى ئېيتقاندا، شۇ تاپتىكى
كەيپچىلىكنىڭ تەسىرىدە ئەرلەر بۇنداق بىر قىزدىن يەنە نېمە
تەلەپ قىلماقچى، دەپ ئويلىدىم. مېنىڭ باشقا ئەرلەردىن قانداق
پەرقىم بارلىقىنى سورىغىنىمدا، ئۇ يىغلاشقا باشلىدى. مەن
چۈشىنىكسىز بىر ھېسداشلىق تۇيغۇسىغا ئەسىر بولدۇم ۋە ئۇنىڭ

قولىدىن تۇتۇپ سافاغا ئولتۇرغۇزدۇم، ئۆزۈممۇ يېنىدا ئولتۇردۇم. چاچلىرىنى، دۈمبىسىنى سىلىغىنىمدا شەھۋانىي ھەۋەسكە بېرىلمىگەنىدىم.

ئۇ گويا ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك گۇدۇڭشۇپ، ئۆز كەچۈرمىشلىرىدىن ئاز - تولا سۆزلەپ بەردى: دادىسى ناھايىتى ئاچچىقى يامان بىر پولكوۋنىك بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئىنتايىن قورقىدىكەن. ئۇ كوچىغا چىقىپ كەتكەن قىز بولغاچقا دادىسى ئۇنى زادى كەچۈرمەيدىكەن ھەتتا ئۆيىگىمۇ كىرگۈزمەيدىكەن، ئۇ ئۆزىمۇ ئۆيىگە قايتىپ كېتىشنى خالىمايدىكەن، شۇنداقتىمۇ ئۆيىنى، بولۇپمۇ سىڭلىسىنى سېغىنىپتۇ... ئۆيىدىن ئايرىلغىلى بىر يىل بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن بېرى ھېلىقى چايخانىدا بىللە ئولتۇرىدىغان ئايالنىڭ يېنىدا تۇرۇۋېتىپتۇ. ئۇ ئايال نېدرەتنى مۇھاپىزەت قىلىپ، ئۇنىڭغا يولىيورۇق كۆرسىتىدىكەن، ئۆزىنى ئەرزان تۇتقۇزماسلىقنى ئۆگىتىدىكەن. تۇرمۇشنىڭ كاپالىتى ئۈچۈن گۈزەللىكىدىن زېرەكلىك بىلەن پايدىلىنىشى لازىم ئىكەن. بۇنىڭ ئۈچۈن بىرىگە كۆڭۈل بەرمەسلىكى، ئەرلەرنىڭ شېرىن گەپلىرىگە ئىشەنمەسلىكى كېرەك ئىكەن. ئاكىسى بولسا قوپال، بۇيرۇقۋاز بىر بالا ئىكەن...

ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئىشەنچىسىز دېگىلى بولمايتتى، بىراق ئۇنىڭ ماڭا يالغان ئادرېس بەرگىنى ئىشەنچىمنى بوشاشتۇرۇپ قويغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلىكىدىن، ئون سەككىز ياشقا كىرگەنلىكىدىن گۇمان قىلاتتىم.

ئۇنىڭ ئاچچىقى يامان دادىسى ئايالىنىڭ روياڵ چېلىشىنى چەكلىگەنلىكى ئۈچۈن ئاپىسى ئېرى ئۆيدە بولمىغان چاغلاردا روياڵ چېلىپ يىغلايدىكەن. بىر كۈنى كېچىسى ئۇ شۇنداق يىغلاپ ئولتۇرۇپ روياڵ چېلىۋاتقاندا ئېرى تۇيۇقسىز كېلىپ قېلىپ، ئايالىنى ئۇرۇپتۇ ۋە روياڵنى چېقىۋېتىپتۇ.

نېدرەت بۇ ۋەقەنىڭ شاھىدى ئەمەس ئىكەن، بۇ ئىشلار

نېدرەت تۇغۇلماستا بولغانىكەن. بۇ ۋەقەنى ئۇ بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپ پات - پات جېدەللىشىپ قالىدىغان ئاپىسى بىلەن دادىسىنىڭ تاكاللىشىشلىرىدىن ۋە ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئېيتقانلىرىدىن ئاڭلىغانىكەن.

ئاپىسى توي قىلىشتىن ئىلگىرى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا رويال چېلىشنى ئاز - تولا ئۆگىنىپتىكەن. توي قىلغاندىن كېيىن ئېرىدىن رويال ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئېرى ئۇنى ئېلىپ بېرىپتۇ. ئاپىسى رويالدىن دەرس ئېلىشنى ئويلىسىمۇ، دادىسىنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆندەشلىكىدىن قورقۇپ، ياشىنىپ قالغان بىر ئەر رويال ئوقۇتقۇچىسىنى تەكلىپ قىلىپتۇ. ئۇلارنىڭ تۇرغان يېرى شەھەر سىرتى بولغاچقا ئۇ يەردە ئايال رويال ئوقۇتقۇچىسى يوق ئىكەن.

دادىسى ياشانغان رويال ئوقۇتقۇچىسى بىلەن ئايالىنىڭ بىر - بىرىنى ياقتۇرۇپ قېلىشىدىن گۇمانلىنىدىكەن ھەتتا گۇماندىن ئۆتۈپ، راست مۇھەببەتلىشىۋاتىدۇ، دەپ قارايدىكەن. ئايالدا بولسا بۇنداق ئەھۋال قەتئىي يوق ئىكەن. دادىسى ئۇلارنى جىنايەت ئۈستىدە تۇتىۋالغانلىقىنى پەش قىلىدىكەن. ئۇنىڭ جىنايەت ئۈستىدە دېگىنى، بىر كۈنى ئاپىسى رويال چېلىۋېتىپ، ياشانغان ئوقۇتقۇچىنىڭ ئالدىدىكى نوتىغا ئېگىلگىنىدە، ئۇزۇن چاچلىرىنىڭ ئوقۇتقۇچىنىڭ پايەك بېشىغا تېگىپ كەتكەنلىكى ئىكەن. ھالبۇكى، بۇ ئىشتىن ئاپىسىنىڭ خەۋىرىمۇ يوق ئىكەن. دادىسىنىڭ بۇ كۆرۈنۈش ئالدىدا ساراڭلىقى تۇتۇپ، ياشانغان ئوقۇتقۇچىنى ئۇرۇپ ئاغزى - بۇرنىنى قان قىلىۋېتىپتۇ. بۇ ماجىرانى ئاڭلىغان قولۇم - قوشنىلار يۈگۈرۈشۈپ كىرىپ ئوقۇتقۇچىنى ئاران قۇتقۇزۇۋاپتۇ. ئارىدا خوتۇنىنىمۇ قاتتىق ئۇرۇپتۇ. خوتۇنى ئۇ چاغدا نېدرەتكە ھامىلىدار بولۇپ، ئۇنىڭدىن خۇن تەۋرەپ كېتىپتۇ. بالىنىڭ چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇ دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلىپ ئاران دېگەندە قۇتۇلۇپ

قالغانىكەن...

— ئاھ، بەختسىزلىكىم تۇغۇلۇشۇمدىن بۇرۇنلا مەلۇم ئىكەن، — دېدى نېدرەت، — ئاپام مېنى چۈشۈرۈۋەتسىمۇ بوپتىكەن، دادام مەن تۇغۇلماستىلا قاتىلىم بولسا بوپتىكەن...

مەن ئۇنىڭدىن ھېچنەرسە سورىمىدىم، ئۆزلۈكىدىن سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى. شۇ چاغدا دادىسىنىڭ روياللىنى چېقىۋەتمەسلىكى ياكى سېتىۋەتمەسلىكىنىڭ سەۋەبى ئايالىنى ئازابلاش ئۈچۈن ئىكەن. رويال ئۆيدە تۇرۇۋېرىپتۇ، لېكىن ئاپىسى ئۇنى زادى چالمايدىكەن. دادىسى ئۇي چېلىشنى مەنئى قىلغانمىش.

نېدرەت ئىككى - ئۈچ ياش ۋاقىتلىرىدا، ئاپىسى بىر كېچىسى ئېرىنى ئۆيگە كەلمەيدۇ دەپ ئويلاپ، روياللىنى خۇماردىن چىققۇچە چاپتۇ. بەلكىم دادىسى ئاپىسىنى يەنە جىنايەت ئۈستىدە تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن ئۆيگە كەلمەيمەن، دەپ يالغان ئېيتىپ قويغان بولسا كېرەك، تۇيۇقسىز ئۇ ئايالىنىڭ رويال چېلىۋاتقىنىنىڭ ئۈستىگە كېلىپ قېلىپ، ئۇنى راسا ئۇرۇپ، ئاچچىقىدا روياللىڭ تىللىرىنى سۇندۇرۇۋېتىپتۇ. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، روياللىڭ قېپىنى قۇلۇپلاپ، زەنجىرلىك قۇلۇپ بىلەن قوزغالماس قىلىۋېتىپتۇ. بۇ نەپرەتنىڭ سەۋەبى نېمە؟ دادىسى نېدرەتنى ھېلىقى ياشانغان رويال ئوقۇتقۇچىسىدىن بولغان بالا، دېگەن گۇماندىن ۋاز كېچەلمەپتۇ...

ئۇ كېچە بىز يەنە ئايرىم ياتتۇق. ئەتىگەندە ئىشقا بېرىش ئۈچۈن ئۆيدىن چىققىنىمدا ئۇ تېخى ئويغانمىغانىدى. بىر قانچە كۈن ھېلىقى چايخانىغا بارالمىدىم. بارغان كېچىلەردىمۇ ئۇنى ئۇچراتمىدىم. لەپىلدەپ قار يېغىۋاتقان بىر كېچىسى ئۇ ئۆيۈمگە كېلىپ، قورۇنغاندەك:

— خالىغان ۋاقتىڭىزدا كېلىڭ، دېگەنىدىڭىز... — دېدى.

ئۇنىڭ ئۈستۈېشى چىلىق - چىلىق ھۆل ئىدى. بۇدرە چاچلىرىدىكى قارلار ئۆيىنىڭ ئىسسىقىدا ئېرىۋاتاتتى، بەدى-

نى دىر ـ دىر تىترەپ تۇراتتى.

ئۇنىڭغا ئۇخلاش كېيىمىمنى بەردىم. مۇنچىغا كىرىپ ھۆل كىيىملىرىنى يېشىۋېتىپ، يالىڭاچ بەدىنىگە مېنىڭ ئۇخلاش كىيىمىمنى كىيدى.

ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغىنىمدا شەھۋانىي ھەۋىسىمنىڭ قوزغىلىشى تەبىئىي ئىدى. بىراق، ئۇ مېنىڭ چوقۇم باشقا ئەرلەردىن پەرقلىق بولۇشۇمنى تەلەپ قىلاتتى، چۈنكى مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى دەسلەپكى كېچە ئىزاھلاپ ئۆتكەنىدى. مەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان بولسام، باشقىلاردەك مۇئامىلە قىلماسلىقىم، سۆزۈمدىن يېنىۋېلىپ ئۇنىڭغا «باشقىچە» تەلەپ قويماسلىقىم كېرەك ئىدى.

ئىچكىم بارمىدى؟ ئەلۋەتتە بار ئىدى. قۇرۇق يەل ـ يېمىشلارنى زاكوسكا قىلىپ ھاراق ئىچتۇق. ئۇ كېچە ئۇ يەنە ئۆتمۈش كۈنلىرىنى سۆزلەپ بەردى. قېرىنداشلىرىنى، ئاتا ـ ئانىسىنى سېغىنغانلىقىنى، ھەتتا سېغىنىشقا چىدىماي ئۆيىگە تېلېفون قىلغانلىقىنى، تېلېفونغا ئاپىسىنى چاقىرغانلىقىنى، ئاپىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ يىغلاپ كەتكەنلىكىنى ۋە ئاپىسىنىڭ ئۇنىڭ ئاۋازى بىلەن يىغىسىنى ئۇقۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن گەپ ـ سۆز قىلمايلا تېلېفوننى قويۇۋەتكەنلىكىنى سۆزلەۋاتقاندا كۆزلىرى ياشقا تولۇپ، توختىماي بۇرنىنى تارتتى.

ئۇ يەنە ئۆيىدە ئۆتكۈزگەن ھېيت ـ بايرام كۈنلىرىنى، بالىلىق چاغلىرىدىكى يەكشەنبىلىك سەيلە ـ ساياھەتلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ شۇنداق تەپسىلىي سۆزلەيتتىكى، ئۆيىنىڭ بالكونىدىكى گۈللەرمۇ قالمىدى. كەڭ مېھمانخانا دېرىزىسىنىڭ ئىچى تەرەپتىكى تەشتەككە ئۆز قولى بىلەن كۆچۈرگەن شام گۈلىنىڭ شۇنداق ئايىنىپ ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەنلىكىنى، ئۆز ھۇجرىسى، بوۋاق ۋاقتىدىن بېرى ساقلاپ كەلگەن ئويۇنچۇقلىرى، تۇغۇلغان كۈنلىرىدە بېرىلگەن سوۋغاتلارنى بىر ـ بىرلەپ

سۆزلىدى. ئۇ بالىلىق چاغلىرىنى بەكمۇ زۇلمەتلىك ۋە سېغىنىش بىلەن ئەسلەيتتى.

تاڭ ئېتىشقا يېقىن يەنە ئايرىم - ئايرىم ياتتۇق... ئۇ ياتا - ياتمايلا ئۇيقۇغا كەتتى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇستەل چىرىغىنى ياندۇرۇپ، ئۇنىڭ يېشىۋەتكەن كىيىملىرىنى ۋە كونىراپ كەتكەن خۇرۇم سومكىسىنى ئاختۇردۇم. سومكىسىدا ناھايىتى ئاز پۇل بولۇپ، بىر قېتىملىق تاماققىمۇ يەتمەيتتى. يەنە كىرلىشىپ كەتكەن بىر كىچىك خاتىرە دەپتەرنىڭ ئىچىدە تۆت قاتلانغان بىر قەغەز تۇراتتى. ئۇنىڭغا ئۇنىڭ پولكوۋنىك دادىسىنىڭ ئىسمى ۋە ئادرېسى يېزىلغانىكەن. بۇ يېقىن ئەتراپتىكى بىر مەنزىرىلىك كەنتنىڭ ئادرېسى ئىدى. ئادرېسىنى دەپتىرىمگە كۆچۈرۈۋالغاندىن كېيىن ھەممىنى جاي - جايىغا قويۇپ قويدۇم.

ئەتىگەندە ئۆيدىن چىقىدىغان چاغدا، ئۇنىڭغا خالىسا پۇل بېرىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. كېرەك ئەمەس، دەپ ئالغىلى ئۇنىمىدى، كېيىن بېرىۋەتسىڭىزمۇ بولىدۇ، دېسەممۇ ئالمىدى.

ئۇلارنىڭ مەھەللىسىدە بىر يېقىن دوستۇم بار ئىدى. ئۇنىڭغا مەكتۇپ يېزىپ، دەم ئېلىشقا چىققان پولكوۋنىكقا دائىر بىلىدىغان پۈتۈن ئەھۋاللارنى يېزىپ ئەۋەتىشنى ئۆتۈندۈم.

ئارىلاپ ھېلىقى چايخانىغا بېرىپ تۇردۇم. نېدرەتتىنمۇ ئۇ يەردە ئۇچرىتىپ تۇراتتىم. ئۇ ئاستا - ئاستا ئۆزگىرىۋاتاتتى. ئەمدى چىرايلىق كىيىدىغان بولدى، ئۇچىسىدا ھەر خىل كىيىملەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى، چاچلىرىنى تاراپ تۈزەشتۈرىدىغان ۋە گىرىم قىلىدىغان بولدى... يېشى گويا بىردىنلا ئۈچ - تۆت ياش چوڭىيىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭمۇ چايخانىدىكى باشقا قىزلاردەك ئۇچۇشقا باشلىغانلىقىنى چۈشەندىم ۋە ئىپادىلەپ بەرگۈسىز ئېچىنىش ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ بۇ ئىشنى ئامالسىز قىلغىنىغا ئىشىنەتتىم. ئۇ مېنى كۆرمەسكە سېلىشقا تىرىشاتتى. مەن چايخانىدا بولسام بىئارام بولىدىغانلىقىنى ۋە ئۇچۇشقا چىد-

قىشتىن تارتىنىۋاتقانلىقىنى سەزدىم ـ دە، بىر مەزگىل ئۇ چايخانىغا بارماس بولدۇم، لېكىن نېدرەت كۆز ئالدىمدىن كەت-مەيتتى.

دوستۇمدىن يازغان خېتىمگە جاۋاب كەلدى. مەن دېگەن ئادرېستا بىر دەم ئىلىشقا چىققان پولكوۋنىكنىڭ ئولتۇرىدىغانلى-قىنى ئېنىقلاپتۇ. پولكوۋنىكنىڭ بىر لۈكچەك ئوغلى بىلەن بۇ يىل تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن نېدرەت ئىسىملىك سەت ۋە قابىلىيەتسىز بىر قىزى بارمىش.

بۇ جاۋاب كىشىنى ئىنتايىن ھەيران قالدۇراتتى. پولكوۋ-نىكنىڭ ئائىلىسىدە بىللە ياشايدىغان نېدرەت ئىسىملىك بىر قىزى بولغىنىغا قارىغاندا، مەن تونۇيدىغان نېدرەت ئۇ پولكوۋنىكنىڭ قىزى ئەمەس ئىدى.

مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋالغان كۈنى كېچىسى چايخانىغا باردىم نېدرەت تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ. بەلكىم كېيىنىشىدىنـ مىكىن تولۇپ، يوغانلا قىز بولۇپ قاپتۇ. نېمىشقا ئۆيۈمگە كەل-مەيدىغانلىقىنى سورىدىم. ئۇ سەل خىجالەت بولغان ھالدا يېقىندا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ كېلەي، دەپ قويۇپ باشقا قىزلارنىڭ يېنىغا كەتتى.

ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئېچىندىم، مانا ئەمدى ئۇ ئاشۇنداق يۈز-لەرچە، مىڭلارچە قىزلارنىڭ بىرى بوپتۇ ـ دە! بۇندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن زادى ئالاقە قىلماسلىق قارارىغا كېلىپ چايخانىدىن چىقىپ كەتتىم.

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ، بىر كېچىسى ئۇ يەنە ئۆيۈمگە كەلدى. يۈز ـ خاتىرە قىلغۇم يوق ئىدى، لېكىن ئۇ شۇنچىلىك قاتتىق مەست ئىدىكى، ياردەم قىلماي بولمىدى. ئالدى بىلەن يۈز ـ كۆزىنى يۇيۇۋېتىشكە ئالدىراۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ماڭا پەر-دازلىرىنى كۆرسىتىشنى خالىمىسا كېرەك، دەپ چۈشەندىم.

— ھارىقىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

كۆپ ئىچىپ قويغانلىقىنى ئېيتساممۇ سوراۋەردى، شۇنداق يالۋۇردىكى، بوپتۇ دەپ ئىچىشكە باشلىدۇق. باشتا زادى گەپ قىلمىغانىدى، مەنمۇ ئاچچىقىم بولغاچقا گەپ قىلمىدىم. كېيىن بىردىنلا يېنىمغا كېلىپ، خۇددى بىر ئاسلاندەك قۇچىقىمغا تاشلىنىپ يىغلاشقا باشلىدى. باش - كۆزىنى سىلاشتۇرۇپ تىنچلاندۇرۇشقا تىرىشتىم. ئۇ ھازىرغىچە ھېچكىمگە ئېيتمىغان بىر سىرىنى ماڭا ئېيتىدىغانلىقىنى، لېكىن ئۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى زادى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ بۇ سىرنى ماڭا ئېيتىشقا جۈرئەت قىلىش ئۈچۈن بۇ قېتىم كۆپ ئىچكەنمىش. بۇدا يەنە قانداق بىر يالغانچىلىقنى توقۇپ چىقىدىكىن دېگەن گۇمان بىلەن ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالدىم. مەست بولغانلىقىدىن ئاستىن - ئۈستۈن سۆزلەپ بايان قىلىشقا باشلىدى.

دۇنيادا ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشنى ياقتۇرمايدىغان كىشىلەر ناھايىتى كۆپمىش. ئۇلار ياقتۇرمايدىغان ئىشنى قىلىشقا مەجبۇر بولغانلىقى ئۈچۈن ھەسرەت چېكىدىكەن. بۇنداق كىشىلەر ئىچىدە ئۇنىڭدەك كۆپ ھەسرەت چەككەنلەر يوقمىش.

سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئۇ يەنە يىغلاشقا باشلىدى. لېكىن ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. ئۇ ئۆزىنى ئەرلەرگە ئىجارىگە بېرىۋاتقانلىقىغا سەۋەب كۆرسەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ، دەپ ئويلىدىم.

— ئۇ سىنىڭ ئىشىڭ، قىلىۋاتقان ئىشىڭ مەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز... — دېدىم.

راستىنى ئېيتسام، قىلىۋاتقان ئىشى مەن بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى. ھەر قىسما ئەرلەر بىلەن بىللە يېتىشتىن، جىنسىي مۇناسىۋەتتىن يىرگىنىدىكەن، سەسكىنىدىكەن، تا بۈگۈنگىچە ھېچكىمگە نىسبەتەن جىنسىي ھەۋەس ھېس قىلمىغىنىدەك، جان بېقىش ئۈچۈن ئەرلەر بىلەن بىللە

يېتىشقا مەجبۇر بولغىنىدا ھەتتا ئۆزىدىنمۇ نەپرەتلىنىدىكەن. بىللە ياتقان ئەرلەرگىلا ئەمەس، ئۆزىگىمۇ دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قارايدىكەن. ئۇ دۇنيادا ئۆزى قىلمىغان ئىشنى ئۇنىڭدەك ياقتۇرمايدىغان ۋە بۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭدەك ھەسرەت چەككەن بىرمۇ ئادەم بولمىسا كېرەك، دەپ ئويلايدىكەن. ئۇ ئىنسانىي مېھىر - مۇھەببەتكە موھتاج ئىكەن، ساپ مۇھەببەتكە تەشنا ئىكەن، لېكىن جىنسىي مۇناسىۋەت بولمىغان مۇھەببەت بولسا دەيدىكەن... بۇلارنى سۆزلەۋېتىپ ئۇ بوينۇمغا چىڭ ئېسىلىپ، يۈزۈمگە سۆيۈشكە باشلىدى، مەنمۇ سۆيدۈم. بۇ بىزنىڭ دەسلەپكى سۆيۈشۈشىمىز ئىدى. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى يۈزۈمنى ھۆل قىلىۋەتتى.

ئۇ گويا ئۆيدە باشقا بىرى بولۇپ، ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قالمىسۇن دېگەندەك قۇلىقىمغا پىچىرلىدى:

— نېمە ئۈچۈن سىز بىلەن بىللە يېتىشنى خالىمايدىغانلىقىمنى چۈشەندىڭىزمۇ؟ چۈنكى سىزنى سۆيىمەن.

ئېيتقان گەپلىرىنىڭ يالغانلىقىنى، بۇنىڭ بىر خىل روھىي كېسەللىك ئىكەنلىكىنى، بۇ كېسەللىكنى مەخسۇس مۇتەخەسسىسلەرلا داۋالىيالايدىغانلىقىنى چۈشەنگەنىدىم. كىشىنىڭ شەھۋانىي ھەۋىسىنى قوزغايدىغان مۇشۇنداق بىر يېقىملىق قىزنىڭ جىنسىي يېقىنچىلىقتىن بۇنچىۋالا يىرگىنىشىنى زادى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتىم.

ئېچىشنى داۋاملاشتۇردۇق. ئۇ كۆكۈل سىرىنى ماڭا ئاشكارىلىغانلىقى ئۈچۈن ئىچى بوشاپ راھەتلىنىپ قالغانىدى. يەنە ئائىلىسىنى، بالىلىقىنى، ئۆيىدىكى كىچىك، ئەمما ياخشى پەرۋىش قىلىنغان باغچىسىنى، باغچىسىدىكى مەرمەر سۇپىلىق قۇدۇقنى، قۇدۇقتىن چېلەك بىلەن تارتىدىغان مۇزدەك سۇنى، خەتنە كۆچىتىنى... ئەڭ كىچىك تەپسىلاتلىرىغىچە سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ شۇنداق مەست بولغانىدىكى، كىيىملىرىنى يەشمەس-

تىنىلا ھۇجرامدىكى بىر كىشىلىك تۆشەككە ئۆزىنى تاشلاپ، بىر پەس جۆيلىگەندەك غىڭشىپ ئاندىن ئۇيقۇغا كەتتى. قايرىلىپ قالغان يوپكىسىدىن يامپاشلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۆزۈمنى تۇتالماي قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن كىيىمىنى سالدۇرۇشتىن ۋاز كېچىپ، ئۈستىنى يېپىپ قويدۇم ـ دە، يەنە سومكىسىنى ئاختۇردۇم. بۇ ئۇنىڭ توپلىيىنىڭ رەڭگىدىكى قىممەت باھالىق سومكا بولۇپ، ئۇنىڭدا گىرىم بۇيۇملىرى ۋە ئىچىدە لىق پۇل سېلىنغان پورتمال بار ئىدى. پورتمالدا يەنە ئۇنىڭ يېڭى چۈشكەن توققۇز پارچە رەسىمى تۇراتتى. ئۇلارنى بىرىنى ئېلىۋالدىم. ئەتىگەندە ئىشىمغا ماڭغىنىمدا ئۇ تېخى ئۇخلاۋاتتى، ئويغاتمىدىم.

مەن ئىشلەيدىغان ئورنۇمدىن يىلدا ئىككى قېتىم ئون بەش كۈنلۈك دەم ئېلىش رۇخسىتى ئالاتتىم. بۇ قېتىمقى دەم ئېلىشتا ئاپتوبۇس بىلەن پولكوۋنىكنىڭ كەنتىگە باردىم. ئۇ يەردىكى دوستۇمنىڭ ياردىمى بىلەن پولكوۋنىك ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى توغرى- سىدا تېخىمۇ كەڭ مەلۇماتلارنى ئالدىم. بىر يىلنىڭ ئالدىدا پولكوۋنىكنىڭ بېقىۋالغان قىزىنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى، ھا- زىر ئۇنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنىڭ مەلۇم ئەمەسلىكىنى ئۇقتۇم. قېچىپ كەتكەن قىزنىڭ ئىسمى گۈلپىدان ئىكەن. پولكوۋنىكنىڭ خوتۇنى بۇ ئىسىمنى سەھراچە ئىسىم دەپ ياراتماي، مۇئەللاغا ئۆزگەرتىۋەتكەنىكەن. گۈلپىداننى ئون بىر يېشىدا، دادىسى قول- غا ئېلىنىپ تۈرمىگە سولانغان ئاشۇ كۈنى دەم ئېلىشقا چىققان پولكوۋنىكنىڭ خوتۇنى بېقىۋالغانىكەن. مۇئەللانىڭ ئۆز دادىسى پات ـ پات تۈرمىگە كىرىپ تۇرىدىغان ھاراقكەش، لۈكچەك، ئانىسىمۇ ئۇ يەر ـ بۇ يەردە يۈرىدىغان كوچا خوتۇنى ئىكەن. ئۇ ھەپتىلەپ ھەتتا ئايلاپ يوقاپ كېتىپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىجارى- گە ئولتۇرىدىغان ئاددىي تام ئۆيىگە قايتىپ كېلىدىكەن. دادىسى تۈرمىگە ئاخىرقى قېتىم كىرىپ كەتكەن چاغدا ئانىسىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كەتكىنىگە خېلى كۈنلەر بولغانىكەن. بىر ئاكىسى بو-

لۇپ، ئۇمۇ يوقاپ كېتىپتىكەن.

دەم ئېلىشقا چىققان پولكوۋنىكنىڭ ساخاۋەتلىك خوتۇنى ئۇ-
نى ئۆيىگە ئەكېلىپلا ئۆز قولى بىلەن چاچلىرىنى تۇۋىدىن
قايچىلاپ كېسىۋېتىپ، يۇيۇپ تازىلاپ، ئۇچىسىغا قىزىنىڭ كونا
كىيىملىرىنى كىيدۈرۈپ، چاچسىز بېشىغا ماتا ياغلىق تېڭىپ
قويۇپتۇ. مۇئەللا نېمىنى ئۆگەنگەن بولسا، ئۆزى بەش يىل ياشى-
غان پولكوۋنىكنىڭ ئائىلىسىدە ئۆگىنىپتۇ. ئۇنىڭ ئۆسۈپ چىق-
قان سېرىق چاچلىرى بۇدرە بولۇپ، قارىغان كىشى كۆزىنى
ئۈزەلمىگۈدەك بىر گۈزەل قىز بوپتۇ. ئۇ ئۆز ئۆيىدىكى ۋاقتىدا
تۆتىنچى سىنىپقىچە ئوقۇغانلىقتىن، پولكوۋنىكنىڭ خوتۇنى ئۇنى
مەكتەپكە بەرگەنىكەن. مۇئەللا مەكتەپتە ئەلا ئوقۇپتۇ. پولكوۋ-
نىكنىڭ مۇئەللادىن ئۈچ ياش چوڭ نېدرەت ئىسىملىك قىزى دۆت
بولغاچقا ھەر يىلى دېگۈدەك سىنىپتا قالىدىكەن. ئۇ مۇئەللا بىلەن
بىر سىنىپتا ئوقۇيدىكەن. مۇئەللا قانچىلىك گۈزەل بولسا ئەك-
سىچە نېدرەت شۇنچىلىك سەت ئىكەن. پولكوۋنىكنىڭ خوتۇنى
قىزى نېدرەتنىڭ مۇئەللاغا بولغان ھەسەتخورلۇقى تۈپەيلىدىن،
تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان مۇئەللانى
زىنقا كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقىنى باھانە قىلىپ مەكتەپتىن
چىقىرىۋاپتۇ.

مۇئەللا ئون بەش ياشقا كىرىپ ئىنتايىن گۈزەل قىز بولغان
كۈنلەرنىڭ بىرىدە، پولكوۋنىكنىڭ ئوغلى ئۆيدە ھېچكىم يوق
ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ئۇنى قورقۇتۇپ، مەجبۇرلاپ ئىپپىتىگە
تېگىپتۇ. بۇ ۋەقەنى پولكوۋنىكنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۇققان بول-
سىمۇ، ئەمما ئوغلىنىڭ پاھىشىخانىدىكى ئاياللارغا ئۆگىنىپ قې-
لىپ بىرەر كېسەل يۇقتۇرۇۋېلىشىدىن ياخشىراق دېگەن ئوي
بىلەن بىلمىگەنگە سالىپتۇ. ئاتا - ئانىسىنىڭ بۇ خىل پوزىتسىيە-
سىنى كۆرگەن يىگىتكە مۇئەللانىڭ قويىنىغا كىرىش ئادەت بولۇپ
قاپتۇ.

بۇلارنى دوستۇمنىڭ ياردىمى بىلەن پولكوۋنىكنىڭ قوشنىلىرىدىن، تونۇش ـ بىلىشلىرىدىن ئۇققانىدىم. كېيىنكى ۋەقەلەرنى ھەر كىم باشقىچە ئۇقتۇرغانىدى. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، پولكوۋنىك ئوغلىنىڭ مۇئەللا بىلەن ياتقانلىقىنى ئۇققان كۈنى ئوغلىغا ناھايىتى ئاچچىقلانغانمىش. ئوغلى مۇئەللانىڭ قىز ئەمەسلىكىنى ئېيتقانمىش. «قىزلىقى بولمىغانلىقى ئۈچۈن» ئوغلى گۇناھكار دەپ قارالمىغانمىش. لېكىن پولكوۋنىك ئوغلىنى ۋە ئائىلىسىنى جىنايەتتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن مۇئەللاغا: «ئېيت، سېنى ئازدۇرغان كىم؟ قايسى نومۇسسىز ئېيپىتىڭگە تەگكەن؟ ئۆزۈڭنى كىمگە تۇتتۇردۇڭ؟» دەپ بېسىم ئىشلەتكەنمىش.

مۇئەللا دېيىشنى خالىمىسىمۇ، لېكىن پولكوۋنىكنىڭ تاياقى، ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ تىل ـ ئاھانەتلىرى ئالدىدا ھەممىنى يەنى ئېيپىتىگە تەگكەن ئۆز دادىسى بىلەن ئاكىسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغانىكەن. بۇ ئىشنى دەسلەپ قايسىسىنىڭ قىلغانلىقىنىمۇ ئەسلىيەلمەيدىكەن. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ يېشى شۇنداق كىچىك ئىكەنكى، مۇئەللانى يەنى شۇ چاغدىكى گۈلپىدانىنى قايسىسى ئۇدۇل كەلسە شۇ قوينىغا ئېلىپ ياتىدىكەن. . .

مۇئەللانىڭ كۆز ياشلىرى ۋە ئېسەدەپ تۇرۇپ قىلغان ئىقرارلىرىدىن كېيىن پولكوۋنىك بىلەن خوتۇنى ئارام تاپقانىكەن.

مۇئەللا ھەر ھالدا قىز بولمىغانلىقى ئۈچۈن پولكوۋنىكنىڭمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىر تۆشەكتە يېتىشتا ئانچە قېيىنچىلىق تارتمىغانلىقىنى ھەتتا ئوپېراتسىيە قىلىپ بالىسىنى ئالدۇرۇۋەتكەن خوتۇنىنىڭ كېسەللىكى ۋەجىدىن، مۇئەللانى ھەقلىق دەپ قاراپ، قوينىغا ئالغانلىقىنى ئېيتقانلارمۇ بار ئىدى. پولكوۋنىكنىڭ ئوغلىغا تېگىشنى ئۈمىد قىلغان (چۈنكى ئوغلى ئۇنىڭغا شۇنداق دېگەنىدى) مۇئەللانىڭ پولكوۋنىك بىلەن بىر تۆشەكتە يېتىشنى خالىمىغانلىقىنى، لېكىن پولكوۋنىكنىڭ مەجبۇرلاپ، ئۇرۇپ دېگۈ-

دەك قىز بىلەن ياتقانلىقىنى، قىزنىڭ پەريادىنىڭ قوشنىلىرىغا ئاڭلانغانلىقىنى ئېيتقانلارمۇ بار ئىدى.

دەم ئېلىشقا چىققان پولكوۋنىك بىلەن ئوغلى ئورتاق ئىشلەتكەن ھەرقانداق نەرسىدەك، مۇئەللادىنمۇ بىرلىكتە پايدىلىنىشقانىكەن، پولكوۋنىكنىڭ خوتۇنىمۇ بىلىپ تۇرۇپ سۈكۈت قىلغانىكەن. چۈنكى ئۇ ئوپېراتسىيىدىن كېيىن ئېرى بىلەن تۆشەكنى ئايرىغاچقا، ئېرىنىڭ باشقا ئاياللار بىلەن يېتىپ ـ قوپۇپ پۇل خەجلىگىنىدىن كۆرە، ئەرلىك ئېھتىياجىنى ئائىلىنىڭ ئىچىدىلا قامدىشىنى ياخشى كۆرگەنىكەن. بۇ ئىشتا ئۆي ئىچىدە قاندۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆرگەنمىش.

بەزىلەر مۇئەللانىڭ بۇ ئىشلارغا چىدىماي، پولكوۋنىكنىڭ ئوغلىغا دادىسىنىڭ شىكايىتىنى قىلغانلىقىنى، بۇ سەۋەبتىن ئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسىدا جېدەل چىققاچقا پولكوۋنىكنىڭ ئايالىنىڭ مۇئەللانى ئۆيدىن قوغلىۋەتكەنلىكىنى ئېيتقانىدى. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، پولكوۋنىك بىلەن خوتۇنىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆندەشلىك ماجىراسىدىن كېيىن، مۇئەللا ئۆيدىن قوغلانغانىكەن. مۇئەللانىڭ ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىقى، بالىنىڭ پولكوۋنىكنىڭمۇ ياكى ئۇنىڭ ئوغلىنىڭمۇ، زادى كىمدىن بولغانلىقى مەلۇم ئەمەسلىكى، پولكوۋنىكنىڭ خوتۇنى ئائىلىسىنىڭ بۇزۇلماسلىقى ئۈچۈن مۇئەللانىڭ بالىسىنى ئالدۇرۇۋېتىپ، ئۇنى ئۆيدىن چىقىرىۋەتكەنلىكى، ئەرز قىلىپ قويۇشىدىن ساقلىنىش ۋە ئۆزىنىڭ ياخشى نىيەتلىك ئاياللىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۆيدىن چىقىرىش ئالدىدا ئاز ـ تولا پۇل بەرگەنلىكىنى ئېيتقۇچىلارمۇ بار ئىدى.

بۇ گەپلەرنىڭ قايسىسىنىڭ قانچىلىك توغرا ئىكەنلىكىگە بىر نېمە دېيىش تەس ئىدى. بەلكىم ھەممىسىنىڭ ئاز ـ تولا چاك باسىدىغان يېرى بولسا كېرەك.

مېنى ھەممىدىن ئىشەندۈرگىنى مۇنۇ سۆزلەر ئىدى: ھەم

دادىسى، ھەم ئوغلى، گويا بىرى بىرىنىڭ ئىشىنى بىلمەيدىغاندەك قىلىپ ياكى بىلىشىمۇ بىلمەسكە سېلىپ، مۇئەللا بىلەن بىر تۆشەكتە ياتقان. پولكوۋنىكنىڭ ئوغلى قورامىغا يەتكەن ياش ئىدى. ئۇنىڭ مەھەللىدىكى دوستلىرى ئەر - خوتۇنچىلىقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تېخى ئاڭقىرمىغان ئەھۋالدا، ئۇ ئاللىقاچان بىر ياش قىز بىلەن بىر تۆشەكتە ياتقان. شۇنىڭ ئۈچۈن يىگىتلىك ھاۋايى ھەۋەسلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتسىز تەگتۇشلىرى ئىچىدە ئېيتىشقا ئالدىراپ كەتكەن. بۇنىڭ بىلەن مەھەللىنىڭ قورامىغا يەتكەن ئەخلاقسىز لۈكچەكلىرىمۇ مۇئەللانى قەيەردە كۆرسە: «ئوھ، مۇئەللا قىز، مۇئەللا، سىز نېمىدېگەن ئەلا!» دېيىشىپ ۋارقىرىشاتتى.

مۇئەللا خىجالەتچىلىكتە ئۆيدىن سىرتقا چىقالمايدىغان بولغاندا، ئۇلار دېرىزە ۋە ئىشىك ئالدىغا كېلىپ:

باشقىلارغا شاپۇر - شۇپۇر،
بىزگە كەلگەندە خۇداغا شۈكۈر!
ئوھ، مۇئەللا قىز، مۇئەللا،
سىز نېمە دېگەن ئەلا!

دەپ چۇقان سېلىشىدىغان بولغان.

مۇئەللا بۇنداق ھاقارەتلەرگە چىدىماي ئۆيدىن قېچىپ چىقىپ، ناتونۇش جايلارغا كەتمەك بولۇپ، ئىستانبۇلغا يول ئالغان...

ئاڭلىغانلىرىم ئىچىدە مەن ئەڭ توغرا دەلىللىگەن بىر ئىش ئۇنىڭ سالاھىيىتىنى ئېنىقلاش بولدى. مۇنداق قىلىشىم نېدرەتنىڭ خاراكتېرىگە مۇۋاپىق دەپ قارايتتىم.

ماڭا بۇ سۆزلەرنى دەپ بەرگەنلەرگە، نېدرەتنىڭ سومكىسىدىن ھېلىقى كېچە ئېلىنىۋالغان رەسىمنى كۆرسەتتىم. ئۇلاردىن بەزىلىرى «ھە... گۈلپىدان!» دېسە، بەزىلەر «مۇئەللا... دەل ئۆزى!» دېيىشتى.

نېدرەتنىڭ ھاياتى يىرتىلىپ پارچە بولۇپ كەتكەن، بەزى پارچىلىرى شامالدا ئۇچۇپ كېتىپ، ئارىسىغا باشقا قەغەز پارچىلىرى قىستۇرۇلۇپ قالغان كونا كىتابقا ئوخشايتتى. بۇ ئۇششاق پارچىلارنى بىر - بىرىگە جۇپلەپ، ئارىلىشىپ قالغان پارچىلارنى شاللاپ چىقىرىۋېتىپ، كەم پارچىلارنى ئۆزۈم تولۇقلاپ جاي - جايىغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ھەقىقىي ھاياتىنى ئۆگىنىش ئۈمىدىدە ئىدىم. ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ تەپسىلاتلىرىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن جىنسىي مۇناسىۋەتتىن يىرگىنىدىغانلىقىنى، جان بېقىش ئۈچۈن ئۆزى جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولغان ئەرلەرگە نېمە ئۈچۈن دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قارايدىغانلىقىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم. ئۇنىڭ ھېلىقى كېچىسى: «نېمە ئۈچۈن سىز بىلەن بىللە يېتىشنى خالىمايدىغانلىقىمنى ئەمدى چۈشەندىڭىزمۇ؟» دەپ پىچىرلىغىنىنى قۇلىقىمدىن كەتمەيتتى. «قېرى - ياش ھەممە ئەرلەر مەندىن ئوخشاشلا شۇ نەرسىنى تەلەپ قىلىدۇ.» دېگىنىمۇ ئېسىمگە كەلدى.

ئېتىراپ قىلىشىم كېرەككى، مەن ئۇنى ياقتۇرۇپ قالغانىدىم. لېكىن، ئۇنى ھەممىگە ئايان بولغان، كەڭ تارقالغان، ھەممە كىشى ئاڭلاپ، كۆرۈپ بىلگەن مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىدىن ئۆزگىچە ئاشۇ بىر مۇھەببەت بىلەن ياقتۇراتتىم... ئۇنىڭمۇ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. شۇنداق ئىكەن، ئۆزئارا سۆزلەشمەي تۇرۇپ ھاياتىمىزنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھەر ئىككىلىمىز ئېتىراپ قىلاتتۇق. شۇ سەۋەبتىن بىزنىڭ بىر - بىرىمىزنى ياخشى كۆرۈشىمىز ھېچقانداق مەنپەئەت ئارىلاشمىغان بىر خىل مۇھەببەت ئىدى.

ئارىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتتى. ھازىر تېخىمۇ ھەقىقىي چۈشەنچە بىلەن ئويلايمەنكى، ئۇنىڭغا بولغان ئىسمى نامەلۇم ھېسسىياتىم، بەلكىم مۇھەببىتىم ئۇنىڭ مەن بىلەن يېتىشنى رەت قىلغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

ئۆزى سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى، توقۇپ چىققانلىرىنى، دوستۇمنىڭ يازما مەلۇماتلىرىنى، ئۆزۈم سوراپ، سۈرۈشتۈرۈپ بىلگەنلىرىمنى بىرلەشتۈرۈپ، نېدرەتنىڭ ھەقىقىي ھاياتىنى تېپىشقا تىرىشتىم. ئىگىلىگەن ماتېرىياللىرىمنىڭ ھەممىسىنى جاي ـ جايىغا كەلتۈرگەن بولساممۇ، پەقەت ھېلىقى رويال ۋە رويال ئوقۇتقۇچىسىنى بىر يەرگە قويالمىغانىدىم. چۈنكى دەم ئېلىشقا چىققان پولكوۋنىكنىڭ ئۆيىدە رويال بولمىغىنىدەك، ئۇنىڭ ئادەتتىكى بىر ئائىلە ئايالى بولغان خوتۇنىنىڭ رويال چالىدىغانلىقىمۇ راست ئەمەس ئىدى. ئۇنداق بولسا ئۇ ھاياتىغا سەۋەبچى بولغان بۇ رويال ۋەقەسىنى نەدىن چىقارغانىدى! تەكشۈرۈشۈمنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بۇنىڭدىنمۇ خەۋەر تاپتىم. ھەقىقەتەن دەل نېدرەتنىڭ ئېيتقىنىدەك، شۇنداق بىر كۈندەشلىك نەتىجىسىدە رويالنىڭ چېقىلىش ۋە تىللىرى سۇنۇق رويالنىڭ قېپىغا سېلىنىپ بىر نەچچە يىللاردىن بېرى قۇلۇپلاقلىق تۇرۇش ۋەقەسى بولغانىكەن. لېكىن بۇ ۋەقەنى پولكوۋنىكنىڭ خوتۇنى ئۆتكۈزگەن بىر چايغا كەلگەن مېھمان ئاياللاردىن بىرى سۆزلەپ بەرگەندە ئاڭلىغانىكەن.

ئۆينىڭ باغچىسىدىكى خەتنە كۆچىتى، مۇزدەك سۇ تارتىدىغان مەرمەر سۇپىلىق قۇدۇق دېگەندەك تەپسىلاتلارمۇ راست ئەمەس ئىدى. پولكوۋنىك باغچىسى يوق بىر بىنانىڭ يەر ئاستى قەۋىتىدىكى ئۆيدە ئولتۇرىدىكەن.

نېدرەتنىڭ لوكچەك بىر ئاتا بىلەن ئۇچرىغانلىكى كىشىگە خوتۇن بولىدىغان بىر كوچا خوتۇنى ئانىنىڭ پەرزەنتى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيتتى. ئۆز ئاتىسى ۋە ئۆز ئاكىسىنىڭ ناھايىتى كىچىك ۋاقتىدىن بېرى ھايۋانلارچە ئىپپىتىگە تېگىپ كەلگەنلىكىنىمۇ ئېتىراپ قىلغۇسى يوق ئىدى. كېيىن بېقىۋېلىنغان ئۆيىدە دەم ئېلىشقا چىققان پولكوۋنىك بىلەن ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ زورلۇق قىلىشىغا ئۇچرىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بىرىدىن

ھامىلىدار بولۇپ بالىسىنى ئالدۇرۇۋېتىشكە ئۇنىمىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلالمايتتى. بۇ ئۆيدىن قوغلانغاندىن كېيىن ياشاش ئۈچۈن تېنىنى سېتىشقا مەجبۇر بولۇپ، ھەر كېچە ھەتتا بىر كېچىدە بىر قانچە قېتىم ھەر خىل ئەرلەرنىڭ شەھۋانىي نەپسىنى قاندۇرىدىغان ئايال بولۇپ قالغانلىقى ۋە زادى خالىمىغان بىر ھاياتنى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولغانلىقىنىمۇ ئەقلىگە سىغدۇرالمايتتى. خالىمايدىغان، رەت قىلىدىغان، لېكىن يەنىلا جان بېقىشقا مەجبۇر بولغان پۈتۈن ۋەقەلەرنى ھاياتىدىن ئۈچۈرۈۋەتكۈسى ۋە چۆرۈپ تاشلىۋەتكۈسى كېلەتتى. شۇ سەۋەبتىن سەرسانچىلىقتا قالغان ھاياتىدىكى مەنىسىزلىكلەرنىڭ ئورنىنى ئۆزى توقۇپ چىققان سەرگۈزەشتىلەر بىلەن تولدۇرۇشقا ئۇرۇنغانىدى. توقۇپ چىققان بۇ سەرگۈزەشتىلەر نېمە ئۈچۈن تېنىنى ئەرلەرگە ئىجارىگە بېرىشكە مەجبۇر بولغانلىقىنىڭمۇ سەۋەبى بولالايتتى. ئۇ ئۆزى تونۇپ يەتمىگەن بىر دۇنيادىن ئۆزىگە لايىق بىر سەرگۈزەشتە توقۇپ چىقىشى مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، ئۆزى تونۇپ يەتكەن، شاھىدى بولغان مۇھىتلاردىن تاللىغان ۋەقەلەر بىلەن ئۆزىگە بىر سەرگۈزەشتە توقۇپ چىققانىدى. مەسىلەن، ئۇ بىر خەلق ۋەكىلىنىڭ قىزى بولالمايتتى، چۈنكى ئۇ خەلق ۋەكىلىنى تونۇمايتتى، ئۇنىڭ ئېسىدە قالغىنى بىر گۈزەل باغچىدىكى خەتنە دەرىخى، مەرمەر تاش سۇپىلىق قۇدۇق. . . ۋە رويال چاققان كۈندەشلىكى كۈچلۈك ئاتا. . . لار ئىدى. دەم ئېلىشقا چىققان پولكوۋنىكنىڭ قىزى نېدرەتنىڭ ئىسمىنىمۇ ئۆزىنىڭ قىلىۋالغانىدى.

ئۇ ئوخشىمىغان ئادەم، ۋاقىت ۋە يەرلەردىن ئېلىپ بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق توقۇپ چىققان سەرگۈزەشتىسىنىڭ راستلىقىغا باشقىلارنى ئىشەندۈرۈشتىن ئاۋۋال ئۆزىنى ئىشەندۈرگەنىدى.

مەن بىر شەرقىي ناھىيىگە خىزمەتكە تەيىنلەنگەنىدىم. ئىستانبۇلدىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى ھۇجرامدا بىر كېچە ئۇنىڭ بىللە بولدۇق. كېيىن مەن بارغان ناھىيىدىن مەكتۇپلارنى

يازدىم. ئىككى پارچە مەكتۇپ «بۇ ئادرېستا بۇنداق كىشى يوق» دېگەن ئىزاھات بىلەن قايتىپ كەلدى. باشقا مەكتۇپلىرىمدىن ھېچقانداق خەۋەر بولمىدى.

بىر يىلدىن كېيىن ناھىيىدىن 15 كۈنلۈك رۇخسەت سوراپ بۇ يەرگە كەلگىنىمدە بىرىنچى ئىشىم نېدرەتنى ئىزدەش بولدى. تاپالايمەن، دەپ ئويلىغان جايلارنىڭ ھەممىسىگە باردىم، تونۇيدىغانلاردىن سورىدىم. ئاخىرى قايتىدىغان سۈرۈكۈمگە بىر كۈن قالغاندا ئۇنىڭغا ئۇچراپ قالدىم. بىر قاۋاقخانىدا ھاراقكەشلەرگە ھەمراھ بولۇپ ئىشلەۋېتىپتۇ. گۈزەل ئايال بولغانلىقى ئۈچۈن چۆپقىتى كۆپ ئىكەن. قاۋاقخانا خوجايىنىغا كۆپ كىرىم قىلىپ بېرىش ئۈچۈن چۆپقىتى بىلەن بىللە ھاراقنى كۆپرەك ئىچىشى، چۆپقىتىگىمۇ كۆپرەك ئىچكۈزۈشى كېرەك ئىكەن. ئۆزى ئېيتىراپ قىلمىغىنى بىلەن تۇرقىدىن زابوي بولغانلىقى ياكى بولۇش ئالدىدىكى ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئادرېسىنى ئۆزگەرتكەنلىكى ئۈچۈن يازغان مەكتۇپلىرىم قولىغا تەگمەپتۇ. ئۇ مېنى ئىنتايىن خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالدى، لېكىن ئىستانبۇلدا بولىدىغان ئاخىرقى كېچىنى بىللە ئۆتكۈزەلمىدۇق. ئۇ مېنى ئۆزى ئىشلەيدىغان قاۋاقخانىغا ياكى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىشنى خالىمىدى. سېزىشىمچە، بىر ئەر بىلەن بىللە ياشاۋېتىپتۇ. سورىسام يوشۇرماي راستىنى ئېيتاتتى، لېكىن سورىمىدىم. قاۋاقخانىدا ئىشلەۋاتقىنىدا ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈشىمنى خالىمايدىغانلىقىنى سەزدىم. شۇ كۈنى ئۇ قاۋاقخانىغا كەتكۈچە بىللە بولدۇق. ئۇ كەلگۈسى پىلانلىرىدىن سۆز ئاچتى. پۇلنى خېلى كۆپ تاپىدىكەن. پۇل توپلاپ بىر ئۆي سېتىۋېلىشنى ئويلايدىكەن. نوپۇسى يوق تۇرۇپ قانداق ئۆي سېتىۋالالايدىغانلىقىنى سورىدىم، سومكىسىدىن بىر نوپۇس كىنىشكىسىنى چىقىرىپ:

— مانا! — دېدى.

قارىسام رەسىم ئۇنىڭ، ئىسمىمۇ نېدرەت. بىراق ئاتىسى-

نىڭ ئىسمى دەم ئېلىشقا چىققان پولكوۋنىكنىڭ ئىسمى ئەمەس، ئانىسىنىڭ ئىسمىمۇ پولكوۋنىكنىڭ خوتۇنىنىڭ ئىسمى ئەمەس ئىدى.

قاۋاقخانىدا ئىشلىشى ئۈچۈن نوپۇس زۆرۈر بولغانلىقتىن، قاۋاقخانا خوجايىنىنىڭ ياردىمى بىلەن كۆپ پۇل تۆلەپ بىر ساختا نوپۇس كىنىشكىسى ئاپتۇ. ئۇ بۇ نوپۇس بىلەن گۈلپىدان دېگەن ئىسىمدىن رەسمىي قۇتۇلغانىدى. مەن ئۇنىڭغا ھەقىقىي ھاياتىنى يەنى ئۇنىڭ بىر جىنايەتچى، لۈكچەك ئاتا بىلەن بىر كوچا خوتۇنى ئانىنىڭ قىزى گۈلپىدان ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلىقىمنى زادى مەلۇم قىلماي، پۈتۈن توقۇپ چىققانلىرىغا ئىشەنگەن بولۇپ يۈردۇم.

شۇ كۈنى ئۇنىڭ بىلەن دېڭىز بويىدا تۆت ـ بەش سائەت بىللە بولدۇق، پىرىستانلاردا تاماشا قىلدۇق، باغلاردا ئايلاندۇق، بىر ئاشخانىدا ئىچىشتۇق. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ بەختلىك بالىلىقىنى، يېڭى يىل كېچىلىرىنى ئائىلە بويىچە قانداق ئۆتكۈزگەنلىكلىرىنى... تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

ئۇنىڭ قايتىپ چىققىلى بولمايدىغان بىر تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغانلىقىنى، بۇ يولنىڭ ئاقىۋىتى خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى، سېزەتتىم. لېكىن ئۇنى توغرا يولغا سېلىش قولۇمدىن كەلمەيتتى. ھېچ پايدىسى يوقلىقىنى بىلىپ تۇرساممۇ، ئەخمەقلەرچە خېلى ئۇزۇن نەسىھەت قىلدىم.

ماشىنا بىلەن قايتتۇق. ئۇنى ئىشلەيدىغان قاۋاقخانىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا يەتكۈزۈپ قويدۇم. ئايرىلىش ئالدىدا سۆيۈشكىنىمىزدە ئۇ بوينۇمنى چىڭ قۇچاقلاپ:

— سىزنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىمەن... — دېدى.

«مەنمۇ» دېمەكچى بولدۇم ـ يۇ، نېمىشقىدۇر دېيەلمىدىم. ئۇنى ياخشى كۆرۈشۈمگۇ كۆرەتتىم، بىراق ھازىر ئۇ ھەممە كىشىنىڭ خوتۇنى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ياخشى كۆرۈدىغانلى-

قىمنى ئېيتىش ئابرۇيۇمنى تۆكۈدىغان ئىشتەك سېزىلەتتى. ئىشلەيدىغان ناھىيەمگە قايتتىم. ئىككى پارچە مەكتۇپىم يەنە جاۋابسىز قالغاچقا قايتا خەت يازمىدىم. ئۆزۈم تۇرۇۋاتقان ياقا يۇرت مۇھىتىغا ماسلىشىپ قالغانىدىم. ئۇ يەردە ئۆيلەندىم. بىراق نېدرەتنى پۈتۈنلەي ئۇنۇتتۇم دېيەلمەيمەن. پەقەت ئۇنى ئەسلىشىم بارا ـ بارا ئازايدى. ۋاقىت خاتىرىلەرنى سۇسلاشتۇرۇۋەتتى. تۆت يىلدىن كېيىن ئىستانبۇلغا يېقىن بىر يەردە ئىشلەشكە تەيىنلەنگەنىدىم، ئىستانبۇلغا پات ـ پات كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدىغان بولدۇم. ھەر كەلگىنىمدە بۇ يەردىن گويا تونۇگۇن ئايرىلغاندەك بىر ھېسسىيات بىلەن نېدرەتنى ئىزدەشكە باشلايتتىم. بىلىشى مۇمكىن دەپ ئويلىغان كىشىلەردىن سۈرۈشتۈرەتتىم. ئۇنى ئىزدىشىم بىر يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشتى. ئۈمىدىمنى ئۈزگەن بىر كۈنى ئىز ـ دېرىكى چىقىپ قالدى. بۇ بىر قورقۇنچلۇق، لېكىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ئاقىۋەت ئىدى. نېدرەت ئىسمىنى «بېرسېن» گە ئۆزگەرتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى تاپالماپتىمەن. بىرسېن يەنە ئابانوز كوچىسىدىكى ئەڭ كاتتا پاھىشىخانا بولغان بىرىنچى نومۇردا ئىشلەيدىكەن. مەن بىلەن پاھىشىخانىدا كۆرۈشۈشنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلىدىغانلىقىم ۋە مەنمۇ خالىمايدىغانلىقىم ئۈچۈن تېلېفون قىلدىم. ئۇ ئاۋازىمنى ئاڭلاپلا مېنى تونۇدى. دەسلەپ تېلېفوندا بىر خۇشاللىق سادانى ئاڭلىدىم، ئارقىدىنلا ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. . . ئاۋۋال بىر قانچە قېتىم نېدرەت، دەپ توۋلىدىم. كېيىن بىرسېن دېگەن يېڭى ئىسمىنى تەكرارلىدىم. تېلېفوندىن ئۇنىڭ ئۆكسۈشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، سۆزلىرىمگە ئۆكسۈش ئارىلاش ئۈزۈك ـ ئۈزۈك جاۋاب بېرەتتى.

ـــ سىز بىلەن كۆرۈشسەم دېگەنىدىم، ـــ دېدىم.

ئۇ ئىككى كۈندىن كېيىن كۆرۈشۈش ۋەدىسى بىلەن ئۆيىنىڭ ئادرېسىنى ئېيتىپ بەردى. ۋەدە قىلغان كۈن ۋە سائەتتە

ئۆيىگە باردىم. ئىشىكتىن كىرىشىم بىلەنلا بويىنۇمغا ئېسىلىپ، بېشىنى مۈرەمگە قويۇپ ئۇزۇن تۇردى. مېھمانخانىغا كىردۇق. ئۇ كۆز ياشلىرىنى ئېرتاتتى. گويا يېڭى تونۇشلاردەك، بىر پەس قىلىشىدىغان سۆز تاپالماي بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ ئولتۇردۇق. ئۇنىڭ ئاز دېگەندە ئون ياش قېرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم. گەرچە گۈزەللىكىنى يوقاتمىغان بولسىمۇ، لېكىن پۈتۈنلەي باشقىچە بىر قىياپەتكە كىرىپ قاپتۇ. چىرايىنىڭ شام يورۇقىدەك سېرىق ۋە سۇلغۇنلۇقىنى گىرىم بىلەنمۇ يوشۇرالمىغانىدى.

پاھىشىخانا ئاياللىرىنىڭ ئۆيى ئۆزگىچە بولىدىغاندەك، ئۇنىڭ ئۆيىنى زادىلا بىر پاھىشە ئايالنىڭ ئۆيىگە ئوخشىتالمىدىم. يېڭىدىن جاھازلانغان بېساتلار قالايمىقان ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، مېنىڭ ئۆيۈمدىن ياخشى ئىدى...

ئارىدا ئۆتكەن تۆت - بەش يىلدا شۇنداق چوڭ ئۆزگىرىش بولغانكى... ئۇنىڭدىمۇ، مەندىمۇ ياكى ھەر ئىككىلىمىزدىمۇ، ئىشقىلىپ بىر - بىرىمىزدىن كۆپ يىراقلىشىپ ۋە ياتلىشىپ قاپتۇق. ئالدىمدا تۇرغىنى بويى زىلۋا، جۇغى كىچىك نېدرەت ئەمەس ئىدى.

— قاراڭ! — ئۇ تامغا ئېسىقلىق تۇرغان رامكا ئىچىدىكى رەسىمنى كۆرسىتىپ، — چوڭايتتىم، — دېدى.

تامدا ئون سەككىز سۇڭلۇق بىر رەسىم ئېسىقلىق تۇراتتى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ يېنىغا بېرىپ قارىدىم. ئىككىمىزنىڭ بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بىر قاۋاقخانىدا تارتقۇزغان رەسىمىمىز ئىكەن. رەسىمدە ئۇ بېشىنى مۈرەمگە قويۇپ ماڭا چىڭ چاپلىشىپ تۇرۇپتۇ.

بۇ رەسىم ئارىمىزدىكى دەسلەپكى يىراقلىقنى ۋە ياتلىقنى يۇيۇۋەتكەندەك بولدى. رەسىمنى كۆرۈپ مەنمۇ تەسىرلەنگەنىدىم.

ئۇ كۆپ دەرد - ئەلەم تارتقانلىقىنى، ھاياتنىڭ مۈشكۈللۈك ۋە زادى تۈگىمەيدىغان ئازاب ئىچىدە ئۆتكەنلىكىنى تەكرارلايتتى.

بۇنىڭ قانداق ئازاب ئىكەنلىكىنى ئاڭلىمىسامۇ ياخشى بىلەتتىم: رايى بولمىغان جىنسىي مۇناسىۋەتتىن يىرگىنىپ، سەسكىنىپ كەتكەن بىر ئايالنىڭ كۈندە ئونبەش ـ يىگىرمە، بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئەر بىلەن ئالاقىدا بولۇشقا مەجبۇر بولۇشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر كۈنى شۇنداق تەكرارلىنىشى، يۇنان تەڭرىسى زېۋس ھەتتا پۈتۈن دىنلارنىڭ تەڭرىلىرىمۇ نە رەقىبلىرىنى، نە قۇللىرىنى جازالاشتا ئويلاپ باقمىغان، تارىختىكى ھەر قانداق زالىمنىڭمۇ ئەقلىگە كەلمىگەن بىر ئازاب ئىدى.

يالغۇز ياشاشنى خالىمىسىمۇ، ئۇنداق ياشىيالمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسامۇ، يەنە يالغۇز ئۆتۈۋاتامسىز، دەپ سورىدىم. ئەلۋەتتە يالغۇز ئەمەسلىكىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ كەسپىدە يالغۇزلۇق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئۇنىڭ ئۆيدە بىللە بولۇشىمىزدىن ئۆزۈمنى تارتقانلىقىم ئۈچۈن بۇ سوئالنى سوراۋاتىدۇ، دەپ ئويلىدى بولغاي — دەرۋەقە شۇنداق دېسەممۇ بولاتتى — ئۆزى بىلەن بىللە بولۇۋاتقان ئەر كىشىگە مېنىڭ گېپىمنى كۆپ قىلىپ بەرگەنلىكىنى، ئۇ كىشىنىڭ مېنى كۆرمەي تۇرۇپ بىلىدىغانلىقىنى، مېنى پەقەت تامدىكى ھېلىقى رەسىمىمىزدىن تونۇغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقان ئادەم كىمدۇ؟ ئېيتىشىچە ئۇ شوپۇرمىش، ئايدا بىر دېگۇدەك كۆرۈشەرمىش، بۇ قانداق گەپتۇ. . . بىرسى ئۇنىڭغا بىر ماشىنا ئېلىپ بېرىپتۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇ يىرگىنىدىغان مۇناسىۋەت زادى يوقمىش. ئۇ ئادەمنىڭ بۇ ئېھتىياجى ئۈچۈن ھەر ھالدا باشقا خوتۇنى بولسا كېرەك. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن؟ . . . باشقا ئەرلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈنمىش ۋە ئۇ ئانچە يامان ئادەم ئەمەسمىش. . .

ئولتۇرغان ئۆي ئۆزىنىڭ بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغانىدىم، لېكىن ئىجارىگە ئولتۇرۇۋېتىپتۇ. تېخىچە ئۆي سېتىپ ئالالماپ-

تۇ. ئۇ كەينى - كەينىدىن ئۇلاپ سىگارت چېكەتتى، بارماقلىرى تاماكا ئىسىدا سارغىيىپ كەتكەنىدى. . . ئۇلاپ سىگارت چېكىشى ۋە چىرايىنىڭ سۇلغۇنلىقىدىن خىرۇئىن چەكسە كېرەك، دەپ گۇمانلاندىم. ئۇ ھەر ۋاقىتتىكىدەك راستىنى ئېيتتى، شۇنداق، خىرۇئىنغىمۇ ئۆگىنىپ قاپتۇ.

ھېچقانداق ياردىمىم بولمىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قۇرۇق نەسىھەت بېرىش ئەخمەقلىق ئىدى. ياردەم بېرىش مۇمكىنچىلىكى بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ ياردەمنىڭ پايدىسى بولمايدىغان ئاقىۋەتكە كېلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭغا قاۋاقخانىدا ئىشلىگەن ۋاقتىدىكى قۇتۇلۇش ئۈمىدىمۇ قالمىغانىدى. ئۇ مۇنداق دېدى:

— كېرەك يوق. . . ھەممە ئىش تۈگىدى، بولغۇلۇق بولدى. بىر ئۆڭكۈرگە قاراپ كېتىۋاتقاندەك تۇرىمەن. يولنىڭ ئاخىرىدىن ئەندىشە قىلىمەن. بۇ ئايىغى چىقمايدىغان تۇيۇق يول. مېنى قەيەرگە ئېلىپ بارسا كېتىۋېرىمەن، يەنە كېلىپ ھېچكىم بارالمايدىغان يەرگىچە. . .

ھېچبولمىغاندا ئۇنى خىرۇئىن خۇمارىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بالنىتسىدا ياتقۇزۇشقا ياردەم قىلالايتتىم. بۇ تەكلىپىمگە بەرگەن جاۋابى مۇنداق بولدى: ئادەم كۆرگەن بىر ياخشى كىنونىڭ، ئوقۇغان بىر ياخشى رومانىنىڭ ئاخىرىغا قىزىقارمىش، قىزىقانلىقى ئۈچۈن رومانىنى قولدىن چۈشۈرمەسمىش، كىنو ئاخىرلاشماي تۇرۇپ كىنوخانىدىن چىقىپ كېتەلمەسمىش. ئەھۋال مانا شۇنداق. . . ئۇمۇ ئۆز ئاقىۋىتىگە قىزىقىدىكەن ۋە بۇ ئاقىۋەتكە يېتىشكە تەلپۈنىدىكەن، بۇنداق ئەھۋالدا ئۆز ئاقىۋىتىنى تېزلىتىدىغان خىرۇئىننى ياكى باشقا قىلمىشلىرىنى قانداقمۇ تاشلىۋېتەلىسۇن. . .

بۇ يولنىڭ ئاخىرى قانداق بولىدىغانلىقىنى، سانسىز تەجرىبە - ساۋاقلار بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى ۋە باشقا كۆڭۈللۈك ئاقىۋەت يوقلۇقىنى، ئۇ ئاقىۋەتنىڭ ھەممىگە مەلۇم ئىكەنلىكىنى

ئاغزىم ھارغىچە چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتىم. بۇ سۆزلىرىمگە جاۋا-
بەن يەنە بايىقى ئۆزى توقۇپ چىققان سەرگۈزەشتىسىگە قايتتى.
ئەڭ چوڭ خاتالىقنى دەم ئېلىشقا چىققان پولكوۋنىك دادىسىنىڭ
ئۆيىدىن قېچىپ چىقىش بىلەن سادىر قىلغانلىقىنى، لېكىن ئەم-
دى ئائىلىسىگە قايتىش ئىمكانىيىتى قالمىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئارىدا ئۇنىڭ گۈلپىدان ئىكەنلىكىنى، ھەقىقىي ھاياتىنى
بىلىدىغانلىقىمنى، ئائىلىسىنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتىشنى ئويلىدىم،
لېكىن بۇنىڭ نەتىجىسىدىن قورقتۇم. ئۇ ئۆزىگە ئاشۇنداق بىر
سەرگۈزەشتە توقۇپ چىققان ۋە بۇ ئويدۇرما ھاياتقا شۇنداق ئىشەن-
گەن ھەمدە كىشىنى بىزار قىلىدىغان ئۆتمۈشىنى شۇ قەدەر ئىن-
كار قىلغان تۇرسا، ئەگەر مەن ئۇ ئىنكار قىلغان ھەقىقەتنى
يۈزىگە سالسام، ماڭا بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتىشى، ئۇنىڭ
دۈشمىنىگە ئايلىنىپ قېلىشىم ۋە ھازىرقىدىنمۇ بەتتەر روھىي
ئازابقا قېلىشى ھەتتا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى مۇمكىن ئىدى.

بىز تونۇشقىنىمىزدىن بېرى، ئۇ مېنى قىيىنچىلىقتا قالغان
چاغلىرىمدا پاناھلىنىدىغان ياكى ئۆزىنى چۈشىنىدىغان بىر ئادەم،
دەپ قارايتتى. لېكىن مەن ئۇنىڭ ئۆيىدە بولغان شۇ كۈندىن
بۇيان ئۇنى بۇرۇنقىدەك كىشىنى جەلپ قىلىدىغان بىر ئايال
ئورنىدا كۆرمىدىم. بۇ مېنى ئېچىندۇرغان ۋە يۈرەكنى زېدە
قىلىدىغان بىر خاتىرە ئىدى.

ئۇ كۈنى دەم ئېلىش كۈنى بولسىمۇ، ئۇ مەن بىللە
بولۇش ئۈچۈن ئۆزى ئىشلەيدىغان پاھمشخانىدىن مەخسۇس رۇخ-
سەت سورىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ سۆزى بىلەن ئۇ مېنىڭ ئۆيىدە
قونۇشۇمنى خالايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرماقچى بولاتتى. ھاراق، تا-
ماق تەييارلاپ داستىخىنىنى سېلىۋاتقىنىدا غىڭشىپ ناخشىلارنى
ئېيتاتتى.

غىزالانغاچ ئىچىشكە باشلىدۇق. ئۇ يەنە ئەسلىمىلىرىنى
باشلىدى. ئىلگىرى مەن ئۇنى ئۆز ئاتا - ئانىسىنىڭ قىلمىشلىرى

ۋە بالىلىق چاغلىرىدىكى نومۇسلۇق ئىشلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈنلا ئۆزىگە ئاشۇنداق ئۆزگىچە ھايات سەرگۈزەشتلىرىنى توقۇپ چىققان دەپ ئويلىغانىدىم. بۇ قېتىم ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۇنداق ئەمەسلىكىنى پەرق ئەتتىم. ئۇ ئۆتمۈشىدىن ئەمەس بالىلىقىدىن بۇيانقى غۇربەتلىك ھاياتىدىن خىجالەت بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆز خىيالىدا گۈزەل بىر سەرگۈزەشتە توقۇپ ۋە ئۇنىڭغا ئۈمىد باغلىغانلىقىغا ئۆزىنى ئىشەندۈرۈپ: «مەن ئەسلىدە مەجبۇرىي ياشاشقا مۇپتىلا بولغان بۇ ئىپلاس مۇھىتنىڭ ئادىمى ئەمەس ئىدىم، مەن خاتا يەردە، خاتا مۇھىتلاردا، خاتا ياشاپ قالغان ئادەم ئىدىم» دېگەننى ئۇقتۇرماقچى بولاتتى.

ئۇنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قېلىشنى خالىمىدىم، چۈنكى كۆڭلۈم پەرىشان ئىدى. قاراڭغۇ چۈشمەستىنلا ئىشىم بار، دېگەن باھانە بىلەن خوشلاشقىنىمدا ئۇ مەندىن يەنە قاچان كېلىدىغانلىقىمنى سورىدى. ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن كېلىدىغان چاغدا تېلېفون قىلىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم.

ئىككى يىلغا يېقىن نېدرەتنى كۆرمىدىم، كۆرۈشنىمۇ خالىمىدىم. خىزمىتىم ئىستانبۇلغا يۆتكەلگەنىدى. بىر ئاخشىمى بىر كىچىك مەيخانىدا دوستلىرىم بىلەن ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ، بىردىن نېدرەت ئېسىمگە كەلدى. ئىچىمگە بىر ھەۋەس كىرىۋالغانىدى. . . بەك كەچ بولۇپ كەتكىنىگە قارىماي، ئابانوز كوچىسىدىكى 1 ـ نومۇرغا باردىم. بۇ پاھىشىخانىغا بىرىنچى قېتىم بېرىشىم ئىدى. بىرسىنىنى سورىسام، ئۇ يەردىكىلەر ئۇنى تونۇمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتىم. ئاخىرى قىزلاردىن بىرى ئەسلەپ: «ھە، ھېلىقى؟» دېدى. ئۇ ھازىر كوچىنىڭ ئاخىرىدىكى باشقا بىر پاھىشىخانىدا ئىشلەرمىش. ئۇلار دېگەن يەرگە باردىم. پاھىشىخانىنىڭ كۆرۈنۈشىدىنلا ئەڭ تۆۋەن باھالىق پاھىشىخانا ئىكەنلىكى مەلۇم ئىدى.

بېرسېن! شۇنداق. . . دەسلەپتە تونۇيالمىدىم. نېمىدېگەن

قورقۇنچلۇق! شۇنچە ۋاقىت ئىچىدە بۇنچىۋالا ئۆزگىرىپ كەتكەن بارمۇ! ئۇ گويا ئىككى يىل ئىچىدە ئون ـ ئونبەش ياش قېرىپ كەتكەندەك تۇراتتى. . . يۈگۈرۈپ كېلىپ بويىنۇمغا ئېسىلىدىغاندەك ئەلپازى بولسىمۇ ھەر ھالدا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئېگىز پاشنىلىق توپلىيى، تور پايپىقى، بەدەنگە چاپلىشىپ تۇرىدىغان سوزۇلۇشچان ئەترەڭ ئىچ كىيىمىدىن باشقا بەدىنىنىڭ ئۈستى يالىڭاچ ئىدى. سولىشىپ ساڭگىلاپ قالغان كۆكسى كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇ مېنىڭ ئۆزىنى ئۇ يەردە ۋە ئۇ قىياپەتتە كۆرگەنلىكىمدىن بىئارام بولغاندەك تۇراتتى. خىجالەت بولۇۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. ئۇ دەرھال ئۈچىسىغا ئالدى ئۇچۇق كوپتىسىنى يېپىنچاقلىۋالدى. زالدا يېقىن ئولتۇرغىنىمىزدا باشقا پاھىشىلەر مېنى بىرسىنىڭ دوستى دەپ قالغاندى. بىرسېن يەنى نېدرەت گەپ قىلالماي ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆكسۈيتتى. پاھىشىخانا خوجايىنى بولغان بوغۇق ئاۋازلىق سېمىز ئايال چاي ياكى قەھۋە بۇيرۇماقچى بولغانىدى، ئەكەلدۈرمىدىم ۋە باشقا بىر كۈنى ئۆيىگە بارىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئۇ ئۆيىدىن كۆچۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى، لېكىن يېڭى ئۆيىنىڭ ئادرېسىنى بەرمىدى، مەنمۇ سورىمىدىم. مېنىڭ قايتا كەلمەيدىغانلىقىمنى چۈشەنگەن بولسا كېرەك، مېنى ئۇزىتىۋېتىپ: «ئەمدى كەلمەيسىزغۇ دەيمەن؟. .» دېدى. «يەنە كۆرۈشەرمىز. . .» دەپ قويۇپ يۈرۈپ كەتتىم.

بىئارام بولدۇم دېيىش، مەن ھېس قىلغان ئېچىنىشنى ئىزھار قىلىشقا كۇپايە قىلمايتتى. مانا ئەمدى ئۇ ھاياتلىق يولىنىڭ ئاخىرىدىكى قورقۇنچلۇق ئۆڭكۈرگە خېلىلا يېقىنلاپ قالغانىدى. نېدرەتنى تەكرار ئىزدىمىدىم، لېكىن چەت ـ ياقىلاردىكى پاھىشىخانىلارغا بېرىپ ـ كېلىپ يۈرگىنىنى، بىر نەچچە قېتىم بالنېتسىدا ياتقىنىنى ئارىلاپ باشقىلاردىن ئاڭلاپ تۇردۇم.

شۇ كۈندىن كېيىن نېدرەت ھاياتىمدىكى بىر خاتىرە بولۇپ

قالدى. لېكىن ئۇنى ئۆيۈمگە بىرىنچى قېتىم كەلگەن كېچىدىكى قىياپىتى، ئەھۋالى ۋە يېشى بىلەن ئەسلەيتتىم. چۈشلىرىمگە كىرگەن چاغلارمۇ بولغانىدى. ھەمىشە ئۇنى ئاشۇ ئونبەش ياشلىق، چاچلىرى چۇۋۇق، پاشنىسى ئۆپراپ كەتكەن تۇز توپلەي كىيگەن جىمغۇر بىر قىز ھالىتىدە كۆرەتتىم.

بىر كۈنى كەچتە «ئىستىقلال» كوچىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمدا، بىر ئايال يولۇمنى توسقاندەك ئالدىمدا توختاپ «ياخشىمۇسىز؟» دېدى، ئايالنى تونۇمىدىم، لېكىن تونۇيدىغاندەك مۇئامىلە قىلدىم. ئايال ئەللىك ياشلاردىن ئاشقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ مېنىڭ ئۆزىنى تونۇمىغانلىقىمنى سېزىپ، بىزگە تونۇش بىرىنى سوراش ئارقىلىق تونۇشلۇق بەرمەكچى بولدى، ئەتىمالىم:

— نېدرەتنىڭ ھازىر قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ — دېدى.

بىرسىن دېمەي نېدرەت دېگىننىگە قارىغاندا، ئۇ تاڭ ئاتقۇچە ئىچىلىدىغان چايخانىدىكى تونۇش قىزلاردىن بىرى بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلىدىم. ھە توغرا، بۇ ئايالنى ئەمدى تونۇدۇم. ھېلىقى قىش كېچىسى چايخانىغا ئەخلاق ئىشلىرى ساقچى ئەترىتى بېسىپ كىرگەندە، نېدرەتنى مېنىڭ ئۇستىلىمنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇققا ئىتتىرىپ، مېنىڭ قوغداپ قېلىشىمغا تاپشۇرغاندىن كېيىن ئۆزىنى تۇتسۇن دەپ، پۇقراچە كىيىنگەن ساقچىنىڭ ئالدىغا بارغان ئايال ئىدى.

— ياق، بىلمەيمەن. . . — دېدىم.

ئۇ ماڭا نېدرەت بىر ئايدىن بېرى يېتىۋاتقان بالنىستىنى ئېيتىپ بەردى.

ئەتىسى بالنىستىغا بارايمۇ، بارمايمۇ دەپ كۆپ ئويلاندىم. بىرىنچىدا رايىم يوق ئىدى، شۇنداقتىمۇ بىر دەستە گۈل ئېلىپ باردىم. يولدا كېتىۋېتىپ: بالنىستىدا ھېلىقى بىرىنچى قېتىم كۆرگەن نېدرەت بىلەن ئۇچرىشىمەن، دەپ ئويلايتتىم.

ئۇنى كېسەل كارىۋىتىدا كۆردۈم. ئالدىمدا بەئەينى بىر ئىسكىلىت ياتاتتى. مېنى كۆرۈپ زورىغا مىدىرلاپ، ياستۇققا تايىنىپ بېشىنى كۆتۈرۈشكە تىرىشتى - يۇ، كۆتۈرەلمىدى. مەنمۇ يارىدەملەشمىدىم. بۇ ئايال نېدرەتمۇ ياكى باشقا بىرىمۇ ئايرىغىلى بولمايتتى. كارىۋاتنىڭ ئايىغىدىكى رويخەتكە سالاھىيەتى يېزىلغان ئىدى. ھېلىقى ساختا سالاھىيەت. . . ئىچىمدە، بۇ ھالدا ياتقۇچە ئۆلۈمگە تەن بېرىپ بۇ دۇنيادىن قۇتۇلسىچۇ، دەپ ئويلىدىم - يۇ، سوئالىمنىڭ جاۋابىنى ئۆزۈم بەردىم. ئۇ يېرىم يولدىن قايتىشنى خالىمايدىغان، ئىسمى نامەلۇم ئۆگۈكۆرگە بارىدىغان يولنىڭ ئاخىرىغىچە بېرىپ ئۆز ئاقىۋىتىنى كۆرمەكچى بولغان ئايال ئىدى.

ئۇنىڭ ئاۋازى ئاران چىقاتتى، شۇڭا دېمەكچى بولۇۋاتقان سۆزىنى ئاڭلاش ئۈچۈن قۇلىقىمنى ئاغزىغا يېقىنلاشتۇردۇم. ئۇ مەندىن: بالىنېستىن چىققاندا ئائىلىسىگە قايتىپ بارسا بولارمۇ؟ ھېلىقى ئاچچىقى يامان دادىسى قوبۇل قىلارمۇ؟ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى خەۋىرى بولمىغان ئاتا - ئانىسى ھاياتمىدۇ؟ دېگەنلەرنى ئۇقۇشماقچى ئىدى.

بۇلارنى سورىغىنىدا قولىنى ئالىقىنىمغا قويۇۋالغانىدى. مەن ئەپكەلگەن گۈل دەستە يوتقاننىڭ ئۈستىدە ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياش ياستۇقىنى ھۆل قىلىۋەتكەنىدى.

ئۇ مېنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ سۆزلىشىپ بېقىشىمنى، ئۇنى قوبۇل قىلىش - قىلماسلىقىنى ئۇقۇشۇپ بېقىشىمنى سورايتتى. ئاتا - ئانىسىمۇ بەلكىم قېرىپ كەتكەندۇ، دادىسى ئەمدى ئاپىسىغا كۈندەشلىك قىلمايدىغاندۇ، ئاپىسىنىڭ رويال چېلىشىغا رۇخسەت قىلغاندۇ. . .

ئۇنىڭ ئۆزى توقۇپ چىققان سەرگۈزەشتىگە شۇنچىۋالا ئىشىنىشى ئىنتايىن ھەيران قالارلىق ئىش ئىدى.

ئۇ سۆزلەپ چارچىغانىدى. مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمە-

دىم. بىراق بىر نەرسە دېيىشىم، ئەڭ ياخشى گەپلەرنى قىلىپ ئۇنى ئۇمىدلەندۇرۇشۇم كېرەك ئىدى.

ــ بولىدۇ، ئائىلىڭىزگە بېرىپ ئوقۇشۇپ كۆرەي، ــ دېدىم ۋە بىلمىگەن كىشى سىياقىدا ئادرېسىنى سورىدىم. ئۇ مەن بىلىدىغان ھېلىقى ئادرېسنى پىچىرلاپ ئېيتىپ بەردى. ئائىلىسى نېمىشقا قوبۇل قىلمىسۇن؟ ئۇلار خەۋەر تاپسا، بالنېتسىغا يېتىپ كېلىپ، سىڭنىش ياشلىرىنى تۆكۈپ، ئۇنى ئاشۇ باغچىسىدا خەتنە كۆچىتى ۋە مەرمەر سۇپىلىق قۇدۇقى بار ئۆيىگە ئېلىپ كېتىدۇ... مەن بۇلارنى دەۋاتقاندا، ئۇ گويا قىزىق چۆچەك ئاڭلاۋېتىپ ئۇخلاپ قالغان كىچىك بالىدەك كۆزلىرىنى يۇمۇۋال-غاندى. ئۇنى ئۇخلاپ قالدى، ئەمدى سۆزۈمنى ئاڭلىمايدۇ، دەپ ئويلاپ، قولۇمنى ئالىقىنىدىن ئاستا تارتىۋالدىم. ئۇ كۆزلىرىنى يالىلىدە ئېچىپ:

ــ كېتەمسىز! ؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ يەنە كېلىمەن، ــ دېدىم.

بۇ ئۇنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈنلا دەپ قويغان گېپىم بولماس-تىن راستتىنلا يەنە كېلىش نىيىتىم بار ئىدى.

ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئۇنى سۆيۈپ قويۇشۇم كېرەك ئىدى، لېكىن رايىم بارمىدى. سۆيۈپ قويمىغان بىلەن ئۇنىڭ قوللىرى-نى، چاچلىرىنى سىلاپ قويدۇم. كېسەلخانىدىن چىقىپ كېتىۋې-تىپ ئۇنىڭغا قايرىلىپ قارىيالمىدىم. ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇنى يوقلاپ بارماقچى بولۇپ بالنېتسىغا تېلېفون قىلدىم. تېلېفون ئالغان خانىم بىر ئاز كۈتۈشۈمنى ئېيتتى. ئۇ سۈرۈشتۈرۈپ باقتى بولغاي، خېلىدىن كېيىن بىرلا سۆز بىلەن جاۋاب بەردى:

ــ ئۆلۈپتۇ!

ــ قاچان؟ ــ دەپ سورىدىم.

نېمە ئۈچۈن شۇنداق سورىغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ گەپ قىلىش زۆرۈرىيىتى ئۈچۈنلا شۇنداق سورىغان

بولۇشۇم مۇمكىن، چۈنكى ئۇنىڭ ئۆلۈم ۋاقتىنىڭ ھېچكىمگە ئەھمىيىتى يوق ئىدى - دە. . . .

تېلېفوندىكى نۆۋەتچى خادىم تېرىككەن تەلەپپۇزدا:

— ئۆلۈپتۇ ھەتتا كۆمۈلۈپمۇ بوپتۇ. . . — دېدى.

# مەن قانداق يازىمەن؟

بىر پارچە مەكتۇپ تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇ يالغۇز ماڭا ئەمەس، بىر قانچە يازغۇچىلارغا ئەۋەتىلىپتۇ. مەكتۇپ مۇنداق باشلانغان:

«سىزگە مەلۇم، كىتابخانلار ماقالىلەر ۋە ئەسەرلەردىنمۇ بەكرەك يازغۇچىلارغا قىزىقىدۇ.»

مەكتۇپ يازغۇچى ماڭا «سىزگە مەلۇم» دەپتۇ. راستىنى ئېيتسام خەۋىرىم يوق. ھەقىقەتەن كىتابخانلار يازغۇچىلارغا «ماقالىلىرى ۋە ئەسەرلىرىدىنمۇ بەكرەك قىزىقامدۇ؟»

مەكتۇپنى ئوقۇپ باقايلى:

«كىتابخانلار ئەڭ كۆپ قىزىقىدىغان ئالاھىدىلىكلەردىن بىرى يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى قانداق ۋە قايسى مۇھىتتا يازغانلىقىدۇر.»

ھە... كىتابخانلارنىڭ نېمىگە قىزىقىدىغانلىقىنى ئەمدى چۈشەنگەندەك بولدۇم. راست، كىتابخانلار بۇلارغا قىزىقىدۇ. چۈنكى ئۇلار نورمالسىز، پەۋقۇلئاددە، كۈتۈلمىگەن ۋەقەلىكلەر ۋە ھەيران قالارلىق ئەھۋاللارنى كۈتىدۇ. تېخىمۇ توغرىسىنى ئېيتقاندا شۇنداق بولۇشنى چىن دىلىدىن تەلەپ قىلىدۇ.

ئەمدى مەكتۇپتىكى سوئاللارغا كېلەيلى ۋە جاۋابلىرىمىزنى بېرەيلى.

سوئال: سىز قانداق مۇھىتتا يازىسىز؟

جاۋاب: «بۇ مۇھىت يازىدىغان ئەسىرىمنىڭ تۈرىگە قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ناھايىتى جىددىي بىر ئەسەر يازماقچى بولسام، ئىشخانامنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرىنى چىڭ تاقايمەن. ئۈستىلىمدە بىر ئىسكىلىت بېشى بار. ئۈستەل لامپىسىنى بۇ

ئىسكىلىت بېشىغا يورۇقى چۈشىدىغان قىلىپ ئورۇنلاشتۇرىمەن. دىققىتىمنى تېما ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئۆي ئىچى جىمجىت بولۇشى كېرەك. بۇ جىمجىتلىق ئىچىدە بىر ياقتىن داۋاملىق مۇزىكا چېلىنىپ تۇرۇشى كېرەك. براخمىس، باچ، بېتخوۋېنلارنىڭ، يەنى ئىسىملىرىنىڭ بېشى «ب» بىلەن كېلىدىغان مەشھۇر ئۈچ «ب» لارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئاڭلايمەن. دىققىتىم سەگەك بولۇشى ئۈچۈن ئىشخانامنىڭ ئىسسىقلىقى ئون ئالتە گرادۇستىن ئاشماسلىقى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ياز ئايلىرىدا جىددىي ئەسەرلەرنى يازالمايمەن. يېزىشقا باشلىسام، يازغان ئەسەرلىرىم ھەجۋىي ئەسەر بولۇپ قالىدۇ.

مىللىي تۇستىكى ئەسەرلەرنىمۇ يەنە مۇشۇ ئاتموسفېرا ئىچىدە يازىمەن. لېكىن ئەسىرىمنىڭ مىللىي تۇستە بولۇشى ئۈچۈن ئۇستىلىمدە سوغۇق ھاراق بىلەن قارىغاي يىلىمى قوشۇپ قورۇلغان نوقۇت بولۇشى كېرەك. ئەسەر يازغاندا، تەس كەلگەن يېرىدە ھاراق ئىچىپ كاللامنى دەم ئالدۇرىمەن. ئەسىرىمنىڭ ئالەمشۇمۇل سەۋىيىگە يېتىشى ئۈچۈن ۋىسكى بىلەن ۋودكىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئۆزۈم ياسىۋالغان ۋە نامىنى كوئېگزىستانىس دەپ ئاتىۋالغان ئىچىملىكتىن ئازراق ئىستېمال قىلىمەن.

رومانتىك ۋە لىرىك ئەسەرلەرنى يېزىش ئۈچۈن تاغ باشلىرى ياكى دېڭىز، كۆل بويلىرىدىكى مېھمانخانىلارغا چىقىپ كېتىمەن. بۇ يەرلەرنى جىمجىت ئۈچۈن ئەمەس، مېھمانخانا ياتاقلىرىنىڭ ئاچقۇچ تۆشۈكلىرىدىن ياتاق ئىچىدىكىلەرنى ماراش ئۈچۈن تاللايمەن. بۇنىڭ بىلەن ھەم ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى يېقىندىن ئۆگەنگەن بولىمەن، ھەم كۆرگەن مەنزىرىلەردىن ھاياجانلىنىمەن. چۈنكى يازغۇچى ھاياجان ئىگىسىدۇر.

ھەجۋىي ئەسەرلىرىمنى بولسا، مۇنچىدا ياكى مال بازارلىرىغا يېقىن، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلۇق يەرلەردە يېزىشنى ياخشى كۆرىمەن.

يېزىش ھەۋىسى قوزغاش ئۈچۈن ئىستانبۇلنىڭ ئويۇنخانىلىرىغىمۇ بارىمەن. بىر مەزگىل قىمارخانا، مەيخانىلاردا ئايلىنىپ يۈرىمەن. ئۇ يەرلەردىن ئالغان ئىلھامنى ئەتىگەنلىك قەھۋەخانىلاردا، كۆۋرۈك ئاستى دەم ئېلىش ئورۇنلىرىدا دەپتىرىمگە خاتىرە قالدۇرىمەن. يىلدا بىر نەچچە ھەپتە ھېچكىمگە ئۇقتۇرماي جاھانكەزدىلەرچە ھايات كەچۈرىمەن.»

مانا بۇنداق ياكى بۇنىڭغا ئوخشاش بىمەنە سەپسەتىلەرنى بازارغا سالسام، ھەقىقەتەن كىتابخانلىرىمنى زېرىكتۈرۈپ، دىققىتىنى جەلپ قىلىمەن. ئىش ئۈستىلىمدە ئولتۇرۇپ ئىشلەۋاتقىنىمدا قۇچىقىمغا بىر سېرىق چاچلىق گۈزەلنى ئولتۇرغۇزمىسام، يازالمايدىغانلىقىمنى ئېيتسام. . . ياق، بۇنىڭ يالغانلىقىنى بىلىدۇ ۋە ماڭا ئىشەنمەيدۇ. لېكىن بۇنى باشقىلار مەخپىي ھالدا يازسا كىتابخانلار ئىشىنىدۇ ۋە ئىنتايىن قىزىقارلىق ھېس قىلىدۇ. كىشىلەر ئارىسىدا يالغۇز يازغۇچىلارنىلا ئەمەس، ئومۇمەن پۈتۈن سەنئەتكارلارنى چالا مەجنۇن ياكى پۈتۈن مەجنۇن دەپ قاراش خاھىشى بار. بەزى سەنئەتكارلار سۈنئىي يوللار بىلەن مەجنۇنلۇقتا بېرىلىپ، كىتابخانلارنىڭ دىققىتىنى غىدىقلايدۇ.

بىر شائىرنى تونۇيمەن. ئۇ بىر ئىشخانا بىناسىدا ئۆي ـ مۈلۈك دەللاللىرىنىڭكىگە ئوخشايدىغان ھەشەمەتلىك بىر ئىشخانا ئىجارىگە ئالغانىدى. ئۈستىلىگە ھەمىشە يېرىملاپ قالغان ئىچىملىك بوتۇلكىلىرىنى قويۇپ قوياتتى ۋە كەلگەنلەرگە ھەمىشە ئىچىپ ئولتۇرىدىغان ئادەم ئىكەن دېگەن تەسىراتنى بېرىشنى خالايتتى. ئۇ ئىچمەيتتى، لېكىن ئىشىك ئېچىلغان ھامان قولىنى ھاراق رومكىسىغا ئۇزىتاتتى.

بىر شائىر ئەڭ ياخشى شېئىرلىرىنى بەيازىت مۇنارىنىڭ ئۈستىدىن ئۆزىنى پەسكە ئېتىپ ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى ئۈستىدە يازغانلىقىنى ئېيتسا، كىتابخانلار شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىن كۆپرەك ئۇنىڭ بۇ تەلۋىلەرچە ئارزۇسىغا قىزىقىدۇ.

ئويلايمەنكى، دۇنيادا نامى ئەلگە مەشھۇر رەسساملار ۋان
گوگ، گوگائىن، تولوسې لائۇترىكلاردۇر. بۇ يالغۇز ئۇلارنىڭ
ھۈنەر ـ سەنئەتلىرىدىن ئەمەس، ئۇلارنىڭ تەلۋىلىكلىرى، ئەيىب-
لىرى ھۈنەر ـ سەنئەتلىرىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ.

دۇنيا ئەدەبىيات ـ سەنئەت، پەلسەپە تارىخىدا قىرىق ـ
ئەللىك مەشھۇر شەخس بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇلارنىڭ بىرەر
ئەسەرلىرىنى ئوقۇمىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئوخشاش جىنس
مۇھەببىتىگە بېرىلگەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە ئاكتىپ ياكى پاسسىپ
ئوخشاش جىنس مۇھەببىتىگە بېرىلگەنلىكىگە ئەسەرلىرىدىن بەك-
رەك قىزىقىدۇ.

ھەيران قالارلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن كىتابخانلاردىكى بۇن-
داق قىزىقىشنى غىدىقلاشقا تىرىشىدىغان يازغۇچىلارمۇ بار. ئۇلا-
ردا ھەقىقەتەن ئالاھىدىلىك ۋە سەنئەت ئىقتىدارى بولسا، ئۇلار-
نىڭ بىلىپ تۇرۇپ قىلغان بىمەنىلىكلىرى ئىناۋەتلىرىنىڭ تونۇ-
لۇشىغا ياردەمچى بولىدۇ. ئۇنداق بولماي، ئىناۋەتسىز بولسا،
جەمئىيەتتە مەسخىرە تېمىسى بولىدۇ.

ئورخان ۋەلى شۇنىڭ ئۈچۈن ساقال قويغان (ئۇ چاغدا تۈر-
كىيىدە ياشلار ساقال قويۇشقا ئادەتلەنمىگەنىدى). سىز بۇنى
ھېچبولمىسا شەكىلدە جەمئىيەت قائىدىلىرىگە خىلاپ دېيىشىڭىز
مۇمكىن. بىر كېچە ئورخان ۋەلى ئۆزى مېھمان بولغان پەندىكتىد-
كى رەسسام ھاشمەت ئاقالىنىڭ ئۆيىدە شېئىرلىرىنى قانداق ئېلا-
ن قىلدۇرۇشنى تاڭ ئاتقۇچە ئويلىغان. ئاندىن شېئىرلىرىنى
ئايرۇپىلان بىلەن ئىستانبۇلغا ياغدۇرۇش قارارىغا كەلگەن. ئاي-
رۇپىلاننى قانداق كىرا قىلىش كېرەك، بۇنىڭغا پۇلنى نەدىن
تېپىش كېرەك؟

ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن كېيىنلا پۈتۈن گېزىت ـ ژۇرناللاردا
ئورخاننىڭ «ھاراق بوتۇلكىسىدا بېلىق بولسام» دېگەن مىسراسى
مەسخىرە قىلىنغانىدى. بۇ مەسخىرىلەر تۈپەيلىدىن ئەمدى ئايرو-

پىلاننىڭ ھاجىتى قالمىغان. مەسخىرىلەر بىر ئايروپىلان ئەمەس، پۈتۈن ئايروپىلانلار بىلەن ئىستانبۇلغا شېئىر ياغدۇرۇلغاندەك تەسىرنى بەرگەندى. ئورخان ۋەلى ھەقىقەتەن ئېتىبارلىق شائىر بولمىغان بولسا، مەسخىرە ئوبيېكتى بولۇپ قالاتتى. كېيىنكى چاغلاردا ئورخاننىڭ شېئىرلىرىنى مەسخىرە قىلغانلارنىڭ ئۆزى مەسخىرە ئوبيېكتى بولۇپ قېلىشتى.

مەن بۇ ۋەقەنى بۇخارىستتا رۇمىنىيە يازغۇچىلىرىدىن بىر نەچچە كىشىگە سۆزلەپ بەرگىنىمدە، ئۇلارمۇ ماڭا شۇنداق بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىشتى. ھازىر ئىسمى ئېسىمدە يوق بىر ياش شائىر كەينى ـ كەينىدىن بىر قانچە كىتاب چىقىرىپتۇ، لېكىن ھېچقانداق ئېتىبارغا ئىگە بولماپتۇ. ئىلۇنىڭ ئەسىرى ھەققىدە بىرمۇ ئوبزور يېزىلماپتۇ. بىر كۈنى گېزىتلەر ياش شائىرنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقىنى يېزىپتۇ. پۈتۈن ئوبزورچىلار قول-لىرىنى كۆتۈرۈپ روھىغا دۇئا قىلىشىپتۇ. گېزىت ـ ژۇرناللار ئۇ شائىرنى مەدھىيىلەشلەر بىلەن تولۇپتۇ. كىتابلىرىنى كەي-نى-كەينىدىن بىر قانچە قېتىم نەشر قىلىپتۇ. ئىككى ـ ئۈچ ئايدىن كېيىن ئۇنىڭغا مەدھىيە يازغان ئوبزورچىلاردىن بىرى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقى ئېيتىلغان شائىرنى بىر مەيخانىدا كۆ-رۈپ ھەيران بوپتۇ. «بۇ پەسكەشلىك!» خوپ، شائىر ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ئوبزورچىلارنىڭ زۇۋان سۈرمەسلىكىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇ رۇمىنىيە شائىرىمۇ ئېتىبارلىق بولغانلىقىدىن ھېچقانداق مەسخىرىگە قالماپتۇ.

كىتابخانلارنىڭ ھەقىقەتەن قانداق مۇھىتتا يازىدىغانلىقىمنى راستتىن بىلمەكچى دەپ قارىمايمەن. لېكىن سورىغانىكەنسىز ئېيتىپ بېرەي. مۇھىت ـ پۈھىت دېگەن نەرسە يوق. مۇھىت دېگەن نېمە؟ ھېچقايسى تۈرك يازغۇچىسى ئەسەر يېزىشى ئۈچۈن مۇۋاپىق بىر مۇھىت ئىزدەيدىغان ئەھۋالغا كەلمىدى. قەيەردە، قەيەرنى قانداقچە تاپساق ئۇ يەردە يېزىشقا مەجبۇرمىز. لېكىن

كېيىنكى يىللاردا بەزى سېنارىيە يازغۇچىلىرىنى فىلىم ئىشلىگۈچىلەر تىنچ مېھمانخانىلارغا ئېلىپ كېتىدىغان بولۇشتى. ئۇلار بۇ ئىنتايىن ھەشەمەتلىك مېھمانخانىلاردا بېكىنىۋېلىپ ئون بەش - يىگىرمە كۈن يەپ - ئىچىپ سېنارىيە يازىدۇ. بۇ يازغۇچىلارنىڭ بۇ راھەت مۇھىت ئىچىدە ئانچە ياخشى سېنارىيىلەرنى يازالمايدىغانلىقىنى بىلىمەن. لېكىن كىنوچىلىق پۇللۇق ئىش بولغاچقا، ئۆلۈپ كېتىدىغان جاھاندا يازغۇچىنىڭ بەش - ئون كۈن راھەتلىنىش ھەققى يوقمۇ؟ بۇ مېھمانخانىلاردا يېزىلغان سېنارىيىلەردىن سەنئەت قىممىتى بولغان فىلىم ئىشلەنگەنلىكى كۆرۈلمىدى. بۇ سېنارىيىلەر راھەت مېھمانخانىلاردا ئەمەس، دولما باغچا سارىيىدا① يېزىلغان بولسا ئىدى، تېخىمۇ ياخشى فىلىملەرنى ئىشلىگىلى بولاتتى.

مەن ئومۇمەن ئەسەرلىرىمنى ئۆيۈمدە، ئىچى لىق كىتابلار بىلەن تولغان ئىشخانامدا يازىمەن. بۇنىمۇ ئايىلىم، «قايسى تۈرك يازغۇچىسىنىڭ سىزنىڭكىدەك مەخسۇس ئىشخانىسى بار؟ تېخى بۇنىڭدىن ئاغرىنىپ يۈرىسىز...» دەپ پات - پات يۈزۈمگە سالىدۇ. قولۇمغا قەلەمنى ئېلىشىم بىلەن تەڭلا ئىشىكنىڭ ئىزۋانوكى چېلىنىدۇ. بىرى كەپتۇ دەپ بىر ھازا كۈتىمەن. ھېچكىم كىرمىسە ئىزۋانوك بالاسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئىشىكنى ئاچىمەن. بىنانىڭ دەرۋازىۋىنى، دۇكاندارنىڭ، كۆكتات ۋە مېۋە - چېۋە دۇكىنىنىڭ خىزمەتكارلىرى كېلىدۇ. سۈتچى، خىزمەتچى، تىلەمچى، سەييارە سېتىقچىلار، خەير - ئېھسان جەمئىيىتىنىڭ ئىئانە توپلىغۇچىلىرى كېلىدۇ. .. ئۇلارنىڭ چالغان ئىشىك ئىزۋانوكلىرى ۋە ئۇلارغا ئىشىك ئېچىش ئارىلىقىدا زېھنىمنى توپلاشقا تىرىشىپ، كەلگەن يېرىمدىن باشلاپ يېزىشقا كىرىشىمەن. ئاندىن تاماق ۋاقتى بولىدۇ.

① ئىستانبۇلدىكى پادىشاھ سارىيى جايلاشقان سەيلە - ساياھەت ئورنى.

يەنە ئىشخانامدىن چىقىمەن. ئىككى ئوغلۇم مەكتەپكە بارمىغان
كۈنلىرى ئۇلارنىڭ ئۇرۇش ـ جېدىلى باشلىنىدۇ. ئۇلارنى ھەر
خىل يوللار بىلەن ياراشتۇرۇپ جىمىقتۇرۇشقا ھەپىلىشىمەن.
گېزىتچى كېلىدۇ. جىنايەت، رەزىللىك، بەختسىزلىك خەۋەرلە-
رى بىلەن تولغان گېزىتلەرنى ئوقۇپ نېرۋىلىرىم بۇزۇلىدۇ. يەنە
يېزىشقا تىرىشىمەن. كېيىن مەن تونۇمايدىغان بىر ياكى بىر
قانچە كىشى كېلىدۇ. بۇلار ياردەم ياكى ھېچقاچان قايتۇرمايدىغان
قەرز سوراپ كەلگەنلەر بولغىنىدەك، دەردلىرىنى تۆكۈشكە، زا-
دى ئەقلىمگە كەلمەيدىغان ئىشلار ھەققىدە پىكىرلىشىشكە كەلگەن-
لەردۇر. ئۆز ئەسەرلىرىمنى نەشر قىلدۇرىدىغان يەر تاپالمايۋات-
قاندا، بۇ كەلگەنلەر ئىچىدە رومانلىرىنى، سەھنە ئەسەرلىرىنى،
شېئىر ياكى ھېكايىلىرىنى ئوقۇپ بەرمەكچى بولغانلار، ئوقۇ-
شۇمغا تاشلاپ قويۇپ كېتىدىغانلار، بۇلارنى بىر يەردە نەشر
قىلدۇرۇپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلىدىغانلار بار. ئارىلاپ قەرز
قايتۇرىدىغانلارمۇ كېلىدۇ ئەلۋەتتە... ئۆيدىكىلەر ئۆز ئىشلىرى
بىلەن بىر يەرلەرگە كەتكەن، كۆپ چاغلاردا چۈشلۈك تامىقىمنى
ئۆزۈم تەييارلاپ، ئۆزۈم يالغۇز يەيمەن. چۈشتىن كېيىن، بىر
چاغلاردا كۆرۈشكەن ياكى ھېچ ئېسىمدە يوق كىشىلەر كېلىدۇ.
گويا باشقا بىر ئىشىمۇ قىلىدىغىنىمدەك «ئىشلەۋاتقان ئوخشىما-
سىز»، «سىزنى ئىشىڭىزدىن قويدۇق» دەپ قويۇشۇپ، ئاز
بولغاندا بىر سائەت ئولتۇرۇپ قۇرۇق گەپ ساتىدۇ. يەنە ئىزۋا-
نۇكلار... يەنە كەلگەن ـ كەتكەن... كەچ كىرىدۇ، كەچلىك
تاماق... يەنە ئۇرۇش ـ جېدەل، تاراق ـ تۇرۇق... يەنە كەل-
گەن ـ كەتكەن... يېرىم كېچىدىن كېيىن ئارام تاپىمەن. چاي
دەملەپ بېرىدىغان ئادەم بولمىغاچقا، ئۆزۈم دەملەيمەن. ئايىلىم
ھەمىشە، باشقا ھېچقايسى تورك يازغۇچىسى ئىگە بولمىغانلىقىنى
يۈزۈمگە سالىدىغان ئىشخانامغا كىرىپ كېتىمەن. ئۇھ... تازا
ئىشلەش ۋاقتى سائەت ئىككى ـ ئۈچ... خۇدا ئۇرسۇن، ئۇ چاغدا

ئۆيقۇم كېلىدۇ.
ئەھۋال مانا شۇ. ئارىدا ۋاقىت چىقىرالىسام ئەسەر يازىمەن.
سوئال: قانداق يازىسىز؟
جاۋاب: بۇ سوئالنىڭ جاۋابىغىمۇ كىتابخانلار قىزىقارمىش. ئۇنداقتا. . . ئالىدىن تۇغما يالىڭاچلىنىپ ئاندىن يازىمەن. بۇ ناھايىتى قىزىقارلىق ئەمەسمۇ؟
نۇرغۇن ئاتاقلىق يازغۇچىلاردەك ئىشخانامدا ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىپ يۈرۈپ، ئايىغىمنى ئىسسىق سۇغا چىلاپ ياكى يېتىپ تۇرۇپ يازمايمەن ۋە ياكى تىك تۇرۇپ، پاقالچەكلىرىمنى گەجگەمدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن يېزىشقا باشلايمەن. قان مېنى جۇشقۇنلاشتۇرىدۇ. ئادەم قېنىنى ئىچەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن، يېزىشقا باشلاشتىن ئاۋۋال توڭلاتقۇدىكى كوزىدىن بىر قەدەھ توشقان قېنى ئىچىشكە ئادەتلەنگەنىدىم. بىر قەدەھ قان ئىچمىگۈچە كاللام جايىغا چۈشمەيدۇ.
راستىنى شۇنداق بولسا ئىدى. كىتابخانلار ئۈچۈن ناھايىتى قىزىقارلىق بولاتتى. لېكىن ھەممە نورمال كىشىلەر قانداق يازسا مەنمۇ شۇنداق يازىمەن. باشقىچە يېزىشمۇ زادى ئەقلىمگە كەلمەيدۇ. ئالدىمغا قەغەزنى قويۇپ، قولۇمغا قەلەمنى ئېلىپ يېزىشقا باشلايمەن.
كۆپ يازغانلىقتىن ئوڭ قولۇمدا ئون يەتتە يىلدىن بېرى يازغۇچىلاردا بولىدىغان «مۇسكۇللارنىڭ قىسقىرىشى» دەيدىغان بىر كېسەللىك پەيدا بولدى. باشقا ھەممە ئىشنى ئەپچىل قىلىدىغان ئوڭ قولۇم ئەسەر يازغاندا قادىلىپ ئاغرىيدۇ. شۇڭا ماشىنىكىدا يېزىشنى ياخشى كۆرىمەن. ئورۇندۇقتا بەدەشقان قۇرۇپ يازىدىغانلىقىم بەلكىم كىتابخانلارغا قىزىق تۇيۇلىدىغاندۇ. بالىلىق ۋاقتىمدا يوقسۇل ئائىلىمىزدە ھەممىمىز بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرىدىغانلىقىمىز ئۈچۈن بۇ ئادەت شۇ چاغدىن قالغان. بەدەشقان قۇرۇشتا بوبۇمنىڭ پاكارلىقىنىڭمۇ تەسىرى بار دەپ ئويلاي-

مەن. ئورۇندۇقتا ئولتۇرغاندا پۇتۇم يەرگە تەگمەيدىغانلىقى ئۈچۈن ئوڭ پۇتۇمنى تىگىمگە بېسىپ ئولتۇرىمەن. لېكىن يەنىلا غەلىتە كۆرۈنۈشى مۇمكىن.

سوئال: يېزىشقا ئۆزىڭىز قانداق تەييارلىنىسىز؟

جاۋاب: مانا، بۇ ناھايىتى مۇھىم... يېزىشقا باشلاشتىن ئاۋۋال دەھشەت نېرۋىنلىشىپ كېتىمەن. ئۆيدىكىلەرگە ۋارقىراپ-جارقىرايمەن. يەرگە تىپچەكلەيمەن. يالغۇز تىرناقلىرىمنى ئەمەس، قەلىمىمنىمۇ چىشلەپ كېتىمەن. سۇنىدىغان بەزى نەرسىلەرنى يەرگە ئېتىپ چېقىۋېتىدىغان چاغلىرىممۇ بولىدۇ. بۇ ئەھۋالغا كەلدىممۇ، ئۆيدىكىلەر «ۋاي ئىلھامى كەلدى، يازىدۇ... جىم!» دېيىشىپ، ئۆي ئىچى تىمتاس بولۇپ كېتىدۇ...

ھە، بۇرادەر، سىز نەدىنمۇ بۇنداق ئىشلار بولسۇن؟ دەيدىغانسىز. سەنئەتكارلار بۈيۈك ئەسەرلىرىنى نەشرگە بېرىشتىن ئاۋۋال ياكى بەرگىنىدە ئاچچىقى يامان بولۇپ كېتەرمىش...

ھاياتىمدا ئەڭ چوڭ ئارزۇلىرىمدىن بىرى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ مەنمۇ بىر ئاز، لېكىن ناھايىتى ئازراق نازلىنىپ قوياي، يالغاندىن بولسىمۇ ئاچچىقلانغاندەك بولۇۋالاي. يەنى ئاشۇ ئىجادىيەتتىن ئىلگىرى ھېيلە ئىشلىتىپ باقاي - دە، ئالدىمدىكىلەرمۇ ماڭا يۈز - خاتىر قىلىپ پەقەت بەش مىنۇتچە بەرداشلىق بەرسۇن... نەدىكىنى؟ پۈتۈنلەي بۇنىڭ ئەكسىچە بولدى. قاچان ئۆزۈم ئۈچۈن مۇھىم دەپ قارىغان بىر ئەسەرگە ئولتۇرماقچى بولسام، ئىش ئەكسىچە بولىدۇ. يەنى مەن قىلماقچى بولغان ئىشلارنىڭ يۈز ھەسسىسىنى ماڭا باشقىلار قىلىدۇ.

سوئال: تېما سىزنى ئىزدەمدۇ، سىز تېمىنى ئىزدەمسىز؟

جاۋاب: ھەۋەسكار كىتابخانلار بۇنىڭغا قانداق بىر جاۋاب كۈتىدىغاندۇ؟ تېما ئىشىكنى قېقىپ «مەن كەلدىم» دېسە، بۇنىڭغا قىزىقارمۇ؟ ياكى ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ جاھانكەزدى دەرۋىشلىرى-

دەك تاغ ـ داۋانلار ئېشىپ تېما ئىزدەيمەن دەيمۇ؟
دۇرۇس، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى بولىدۇ. يېڭىلىرى تۇرۇپ تۇرسۇن، خاتىرىلىمگە توشۇپ كەتكەن تېمىلارنى بۇنىڭ‌دىن كېيىن يەنە يۈز يىل ياشىسام ۋە تىنماي يازسامۇ تۈگىتەل‌مەيمەن. بىر يازغۇچىنىڭ ئەڭ چوڭ پاجىئەسى ۋاپاتىدىن كېيىن قېپقالغان تېمىلارنى، چالا قالغان ئەسەرلەرنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ يازالمايدىغانلىقىدۇر.
نە ئۆزلۈكىدىن كەلگەن تېمىلارنى، نە ئىزدەپ تاپقان تېمى‌لىرىمنى يازمايمەن. چۈنكى ھەر ئىككىسى ئۈچۈن ۋاقىت ۋە تۇرمۇش پۇلى بولۇشى كېرەك. مەن شۇنداق قىلىمەن. ئەڭ ئېھتىياجلىق تۇرمۇش پۇلىنى تاپاي دەپ ئۇستىلىمدە ئولتۇرد‌مەن-دە يېزىشقا باشلايمەن. ئەھۋال مانا شۇ...
سوئال: يازغۇچى مۇناسىپ يېزىش مۇھىتىنى ئۆزى ھازىر‌لامدۇ ياكى بۇ مۇھىتنىڭ بارلىققا كېلىشىنى كۈتەمدۇ؟
جاۋاب: مۇناسىپ يېزىش مۇھىتى دېگەن نېمە؟ ھاياتىمدا بۇنداق مۇھىتنى زادى كۆرمىدىم. ئۇنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى‌نىمۇ بىلمەيمەن. ئەسەرلىرىمنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنى تۈرمە كامىرلىرىدا، تۈرمە ياتاقلىرىدا يازدىم. بۇ يەرلەر مۇناسىپ مۇ‌ھىت ھېسابلىنامدۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، بۇ مۇھىتلارنى مەن ھازىرلىمىدىم. بۇ مۇناسىپ مۇھىتنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى كۈت‌كىلى تۇرساق، ئوھوي، بىز ئەمەس، بىزدىن كېيىنكىلەر تېخى‌مۇ كۆپ كۈتۈشىدۇ.
سوئال: يېزىش ئۈچۈن كۈننىڭ قايسى قىسمىنى (كېچە، كۈندۈز) ياكى قايسى ۋاقىتلىرىنى تاللايسىز؟
جاۋاب: كېچىلىرى ھەمدە سەھەر ۋاقتى، بولۇپمۇ ئايدىڭ كېچىلەرنى تاللايمەن. چۈنكى ئۆلۈكتەك جىمجىتلىق كېچىنىڭ بۇ ۋاقىتلىرىدا ئىچىمدە ئىلھاملار قاينايدۇ. مېنى بۇ ئەھۋالدا بىردىن كۆرگەنلەرنىڭ ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا يۈزۈمنىڭ شەكلى‌

مۇ ئۆزگىرىدىكەن. قوللىرىم تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ كېتىدى-
كەن. . . يەنى كۇندۇزى ئادەم، كېچىسى يىرتقۇچ هايۋان. . .
قايسى تۇرك يازغۇچىسى ئەسەر يېزىش ۋاقتىنى تاللاش هو-
قۇقىغا ئىگە بولسۇن؟ كېچە ـ كۇندۇز، قايسى ۋاقىت بولۇشىدىن
قەتئىينەزەر بىر ئىمكانىيەت تاپسىلا يېزىشقا كىرىشىمەن.

سوئال: بىر ئەسەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى «تۇغۇت تۇغدۇ-
رۇش» دەپ قارالسا، بۇ «تۇغۇت تۇغدۇرۇش» نى قانداق ئورۇن-
دايسىز؟

جاۋاب: ئۇنىڭغا مۇقىم بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ. . . بەزى-
لىرىنى ئوپېراتسىيە بىلەن كۇتۇمەن، بەزىلىرىنى ئىنتايىن تاقەت-
سىزلىك بىلەن تۇغدۇرىمەن. بەزىلىرى بولسا يورۇقنى كۆرگەن
تاشقىرىغا چاپقاندەك تۇغۇلىدۇ. قىسىر قالغان بولسا، تۇغدۇر-
مايمەن. . . بۇ «تۇغدۇرۇش» قا باها بېرىشنى زادى ياخشى كۆر-
مىدىم ـ دە بىر ئەسەرنىڭ ئىجاد قىلىنىشىنى تۇغدۇرۇش دېسى-
ڭىز ئامال قانچە. . . تۇغدۇرغان هېسابلىنىمەن، لېكىن تۇغ-
دۇرغانلىقىمدىن ئەمەس، تەس كەلگەنلىكىدىن كۆپ تۇغ-
دۇرمايمەن. . . خالاپ ـ خالىماي تۇغدۇرىسەن. تۇرمۇش
شەرت ـ شارائىتلىرى، تىرىكچىلىك تەستە تۇغدۇرىدۇ، هەتتا
تۇخۇم تۇغدۇرىدۇ.

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAzMDA3MDYuemlw",
"filename_decoded": "40300706.zip",
"filesize": 12580019,
"md5": "ebe7d57de81fb47d87f01be965ebdac4",
"header_md5": "5dc9cfd2858c3f314a3c2d6eef610235",
"sha1": "48be321c100b6c940b8baff9a99740e7ac5b42ef",
"sha256": "3b4cf9b4cc837b50e23200329545a43e913a6d140cc71685fd2ac5e3e42c9823",
"crc32": 1476161034,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 12866997,
"pdg_dir_name": "\u2592\u2261\u255a\u251c\u251c\u256c\u255b\u2502\u2591\u256b\u2556\u2567\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40300706",
"pdg_main_pages_found": 227,
"pdg_main_pages_max": 227,
"total_pages": 233,
"total_pixels": 812933238,
"pdf_generation_missing_pages": false
}